# تارىم

3

1993



شاۋشىڭدىكى لۇشۈن خاتىرە سارىيىدا.

شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچى-
لىرى ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى دېڭىز بويىدى-
كى ئېچىۋېتىلگەن رايونلاردا ئېكسكۇرسى-
يە ۋە زىيارەتتە بولدى.



شېنجېندىكى جۇڭگو
مىللەتلەر ئۆرپ- ئادەت،
مەدەنىيەت كەنتىدە.



خاڭجۇدا جېجياڭ ئۆلكىلىك يازغۇچىلار
جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن بىللە.

www.uyghurkitap.com

ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

43-يىل نەشرى

3

1993


باش مۇھەررىرى

مۇھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

ئارسلان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلەر

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام توختى، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئارسلان، ئالىمجان ئىسمائىل، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، خالىدە ئىسرائىل، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، مۇختەر مەخسۇت، ئوسمانجان ساۋۇت، ئىمىن تۇرسۇن.

# بوستاندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


ئابلىكىم مەھەممەت........ئانا تىل ئىشقىدا (ئەدەبىي ئاخبارات)........ 4
گۈلبوستان ئابدۇرېھىم........جىلۋىلەر ساداسى (ھېكايە)........ 45
ئارزۇگۈل بىلال........ئارماننىڭ ئارمىنى (ھېكايە)........ 57
ئايگۈل مۆيدىن........كۆكگۈل (ھېكايە)........ 69
جالالىدىن بەھرام........قاباھەتلىك چۈش (پوۋېست)........ 86
تۇرسۇن مۇھەممەت........نەسىرلەر........ 105
ئەنۋەر تاشتۆمۈر........نەسىرلەر........ 108


## شېئىرلار


مامۇت زايىت........غەزەللەر........ 39
مەھەممەت ئىمىن........سەپەر خاتىرىلىرى........ 42
ھوشۇر ئىبراھىم........غەزەللەر........ 113
ھەسەن تىلىۋالدى........باللار شېئىرلىرى........ 116
چىمەنگۈل ئاۋۇت........ئۈچ شېئىر........ 117
گۈلئەنبەر يۈسۈپ........تۇيغۇلار سىرى........ 118
ئابدۇكېرىم ئابدۇمىجىت دولانى ...يۈرەك ساداسى........ 119
ئابابەكرى توختى........ئىككى شېئىر........ 120


## ئۆسمۈر چېچەكلىرى

(شېئىرلار)


ئادىل تۇنىياز........ئاڭلايمەن بەختىنىڭ پىچىرلىشىنى........ 74
ئەركىن مۇھەممەت كامالى........مايبۇلاق كۈيلىرى........ 76
ئەزىزى........سۇ ئۈستىدە ئۇيۇغان ئىزلار........ 78
مۇھەممەتجان ئەمەت........شۇ جايدىن باشلىنار مېنىڭ چۈشۈمۇ........ 81
مۇسا ئەھەد........تاڭلاردىكى سۈزۈك تۇيغۇلار........ 82
نۇرگۈل يۇنۇس........بەلكىم........ 85


## ئىجادىيەت مۇساپىسىدە


قەييۇم تۇردى........شۈكۈر يالقىن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقىغا،
ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ 60 يىللىقىغا مۇبارەك. 122

## كۆز قاراش ۋە باھا

ئابدۇۋەلى كېرەم ..... تونۇش بولغان ناتونۇش ئادەملەر ..... 125

## ئالقىش ۋە ئۈمىد

ئابدۇللا مەتقۇربان ..... ياشلار ئەدەبىياتى ھەققىدە ..... 131

## دۇنيا ئەدەبىيات ئېقىملىرىغا نەزەر

سۇر رېئالىزم ..... 138

ئاندىرى برېتون ..... مەڭگۇ تۇنجى قېتىملىقى بۇ دەپ بىلىمەن (شېئىر) ..... 140

پائول ئېلۇئارت ..... ئۈچ شېئىر ..... 141

لۇئى ئاراگون ..... شېئىرىيەت ئىلمى (شېئىر) ..... 144

دىلان توماس ..... ئىككى شېئىر ..... 145

## كۇرسانتلار ئەسەرلىرىدىن

غەنى رەشىدى، ساۋۇتجان تاھىر، نۇرمەھەممەت تۇرسۇن، گۈلسۈم توختى، ئابدۇرېشىت ئېلى، ئابدۇلئەھەد ھەسەن بارچۇقى، غوجا مۇھەممەت قابىز، ياقۇپ بەختى.. (شېئىرلار) ... 148

## ئىجادىيەت مۇنبىرىدە

..... 155

## نەسىردىن ئەپەندى يېڭى لەتىپىلىرى

..... 156


## يۇمۇر ۋە چاقچاقلار

..... 158


* * *

رەسسام ۋە خەتتات: مەھەممەت ئايۇپ، ئابلىمىت ئابلىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





ئابلىكىم مۇھەممەت

# ئانا تىل ئىشقىدا

(ئەدەبىي ئاخبارات)

## 1

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا تىل مىللەتنىڭ ئوبرازلىق تارىخىدۇر، تىل بىلەن مىللەت تارىخ ياراتقان ئايرىلماس كەۋدە. خەلقىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى ئەسىرلەردىن بېرى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تاكامۇللىشىپ، نەپىسلىشىپ كەلگەن بۈيۈك مەنىۋى مۆجىزات — ئانا تىلىنى بىزنىڭ دەۋرىمىزگە مىراس قالدۇردى. بۇ قەدىمىي تىلدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا قوشقان شانلىق تۆھپىسى — ئوقيانى كېسىپ قىلغانلىقىنىڭ؛ ئورخۇن، يېنىسەي دەريالىرى ۋادىسىدا تۆمۈر ئېرىتىپ، نەيزە - قىلىچ سوقۇغانلىقىنىڭ؛ ئوغۇزخاننىڭ ئۆزۈنغا سوزۇلغان ھەربىي يۈرۈشلىرىدە تۇنجى بولۇپ ئېگىز ھارۋا ياساپ چىققانلىقىنىڭ؛ ئەينى زاماندا مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر قاتارىدا نەچچە خىل يېزىق قوللانغانلىقىنىڭ ئىزنالىرى بىلەن مۇشۇ تارىخىي مۇساپە جەريانىدا نامايەندە بولغان ئەقىل - ئىدرىكى، پەم - پاراسىتى گىرىمسەن جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ، ئەلمىساقتىن بېرى ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىدە بۇ پاساھەتلىك تىلنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن تەپەككۇر قىلىپ، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىيەتنىڭ ئاجايىپ سىرلىرىنى ئېچىش يولىدا توختاۋسىز كۈرەش قىلىپ، گاھىدا كۆچىيىپ، گاھىدا ئاجىزلىشىپ، گاھىدا روناق تېپىپ، گاھىدا خارابلىشىپ، گاھىدا بىرلىككە كېلىپ، گاھىدا پارچىلىنىشتەك دەۋرىي تەكرارلىقنى باشتىن كەچۈرۈپ، تارىخنىڭ دەھشەتلىك جۇدۇن-چاپقۇنلىرىدىن ئامان قېلىپ، ھازىرقى زامان مىللىتى سالاھىيىتى بىلەن بۈگۈنكى دەۋرگە ئۇلىشالىدى.

توققۇز ئەسىر مۇقەددەم قاراخانىلار خانلىقىنىڭ پايتەختى قەشقەردە دۇنياغا كەلگەن مەھمۇت قەشقەرى تۈركىي قەبىلىلەر ياشاۋاتقان بىپايان زېمىندا 15 يىل جاپالىق ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئالەمشۇمۇل كاتتا ئەسەر «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ئىجاد قىلدى. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ

بىلىك» داستانىنى يېزىپ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ نەمۇنىسىنى ياراتتى. ئەلىشىر نەۋائى، ئەھمەد يۈكنەكى، مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتفى قاتارلىق ئۇلۇق بوۋىلىرىمىز ئۆز ئانا تىلىنىڭ ئەينى دەۋردە ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە مۇتلەق ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن ئەرەب تىلى بىلەن «بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن» پۈتۈن ئۆمرىنى بېغىشلىدى.

100 يىل مۇقەددەم، ئەينى چاغدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىنىڭ بىرى بولغان ئاتۇشنىڭ ئاددىي بىر يېزىسىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يىتۇك ئالىم ئابدۇقادىر داموللا ۋەكىللىكىدىكى ئىلغار كۈچلەر زۇلۇم ۋە ئېكسپلاتاتسىيىگە، دىنىي مۇتەئەسسىپ جاھىل كۈچلەرگە جەڭ ئېلان قىلىپ، مەكتەپلەردە ئانا تىلنى تۇنجى بولۇپ مۇنتىزىم دەرسلەرنىڭ بىرى قىلىپ قوشتى. ئانا تىل ئۆگىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى مەرىپەت ھەرىكىتىنىڭ سەركەردىسى ئابدۇقادىر داموللا قارا كۈچلەر تەرىپىدىن ۋەھشىيانە قەتلى قىلىنغان بولسىمۇ، مەرھۇمنىڭ ئانا تىل ئۈچۈن ئاققۇزغان ئىسسىق قېنى ھەرگىز ئۇنتۇلمايدۇ.

تارىم دەرياسى مەڭگۈ ئۆركەشلەپ ئاقىدۇ. تارىخنىڭ ئاخىرقى چېكىتى بولمايدۇ. خەلقىمىز ئۆزىنى قايتا بىلىشكە، دۇنيانى ئەسلى قىياپىتى بويىچە يېڭىباشتىن تونۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىلغان ھازىرقى دەۋردە ئۆز تىلىنىڭ ئانىدەك ئۇلۇغ، ئانىدەك موقەددەس ئىكەنلىكىنى ئەقىل كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ، ئانا تىل ئۈچۈن ساداقەت بىلەن بىر ئۆمۈر ئىزدەنگەن مەھمۇت قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر نەۋائى، ئابدۇقادىر داموللا قاتارلىق ئىززەتلىك پەرزەنتلىرىگە پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن چىن كۆڭلىدىن ئاپىرىن ئوقۇماقتا، مۆھتەرەم پىر-ئۇستازلىرىمىزنىڭ نەچچە زامانلاردىن بۇيان غېرىبسىنىپ ھەتتا ئۇنتۇلۇپ قالغان مەقبەرە، خاتىرە ئەسلىھەلىرى سۆيۈملۈك دىيارىمىزدا يېڭىباشتىن قەد كۆتۈرۈپ، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ خاس قىبلىگاھىغا — مەككە-مۇكەررەمىگە ئايلانماقتا.

ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان، ئۇيغۇر تىل-يېزىقى ئوقۇتۇشى، تەتقىقاتى، تەرجىمىسى بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېلىۋاتقان ئالىملىرىمىز ئەجدادلىرىمىز قالدۇرغان بىباھا گۆھەرلەرگە ۋارىسلىق قىلىپ، سانسىز جەبىر-جاپالارنى يېڭىپ، ئۇلۇغ، ئەمما مۇشەققەتلىك ئۇزۇن سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. شۇلارنىڭ قاتارىدا كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدىغىنى پروفېسسور خەمىت تۆمۈرى.

## 2

بېيجىڭنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى قەدىمكى يازلىق ئوردا يىخىيۈەنگە بارىدىغان يول ئۈستىدە بىرمۇنچە مەشھۇر ئالىي مەكتەپلەر قاتارىدا مەملىكىتىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتى بولغان مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى بار. مەملىكىتىمىز مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسىنىڭ سىمۋولى بولغان بۇ بىلىم يۇرتىدا 56 مىللەت

ئوقۇغۇچىلىرى ئىجتىمائىي پەنلەر، تەبىئىي پەنلەر، سەنئەت پەنلىرى بويىچە سىستېمىلىق بىلىم ئالىدۇ. چەت ئەللەردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىدۇ، تەتقىق قىلىدۇ. قىرىق نەچچە يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن بۇ مەكتەپ كىچىكلىكتىن زورىيىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، ھازىر قاۋۇل ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا، ھەر تۈرلۈك يېزىقلاردىكى مول ماتېرىيال مەنبەسىگە، زامانىۋى، ئىلغار ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىگە ئىگە بولغان ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات مەركىزىگە ئايلاندى. بۇ بىلىم يۇرتى موڭغۇل، زاڭزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، چاۋشيەن، جۇاڭزۇ، يىزۇ قاتارلىق ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىن شۇ مىللەتنىڭ تىل - يېزىق، تەرجىمە ساھەسى بويىچە تۈركۈم - تۈركۈملەپ دوكتۇر، ماگىستىر، باكالاۋرلارنى تەربىيىلەپ چىقتى.

نەچچە ئون يىلدىن بېرى، بۇ مەكتەپنىڭ ئۇيغۇر تىل - يېزىقى، تەرجىمىسى بويىچە ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىپ، سىستېمىلىشىپ، باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن تەڭ دۇرۇندا تۇرالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ، كىشىنى شادلاندۇرىدىغان زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى. ئەلۋەتتە بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىپ، بۇ شەھەردە نۇرغۇن قىش - يازنى ئۆتكۈزگەن، ياشلىق باھارىنى، راھەت - پاراغىتىنى، بارلىقىنى ئانا تىل تەتقىقاتىغا بېغىشلىغان ئىلمىي خادىملارنىڭ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پېشانە تەرلىرىنىڭ بەدىلىگە كەلگەن.

يېشى ئاتمىشقا ئۇلاشقان، چاچلىرى تەكشى ئاقارغان بولسىمۇ، روھى تېتىك مۇئەللىم خەمىت تۆمۈر ئەنە شۇ كوللېكتىپنىڭ غوللۇق ئەزاسى. ئۇ مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىدىكى ئۇيغۇرلاردىن چىققان بىردىنبىر پروفېسسور، مەشھۇر تىلشۇناس، گوۋۇيۈەن ئىلمىي ئۇنۋان كومىتېتى كەسپىي باھالاش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئىلمىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، مىللىي مەسىلىلەر تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، جۇڭگو مىللەتلەر تىل - يېزىقى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، جۇڭگو مىللەتلەر قەدىمكى يېزىقلىرى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى، مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى.

بۇ مەكتەپتە ئۆمرىنىڭ 38 يىلىنى ئۆگىنىش، دەرس ئۆتۈش، تىل تەتقىق قىلىش ۋە تەرجىمە ئىشلىرىغا بېغىشلىغان بۇ پېشقەدەم ئۇستازنىڭ بىلىم ئىگىلەش روھى، ئىلىم تەتقىق قىلىش ئىدىيىسى، كەسىپ ئەھلىلىرىنى تەربىيىلەش ئۇسۇلى كىشىلەرنى چوڭقۇر قايىل قىلىدۇ، تەلەپچان باغۋەننىڭ سىڭدۈرگەن ئەجرى بىكار كەتمىدى، ئۇ تىككەن كۆچەتلەر مول مېۋە بەردى.

ئۇزۇندىن بۇيان مەن بۇ ئادەمنى تونۇشتۇرۇپ ماقالە يېزىشنى نىيەت قىلىپ يۈرەتتىم، ئەمما ھەر قېتىم قەلەمنى قولۇمغا ئالغىنىمدا گەپنى نېمىدىن باشلاشنى بىلەلمەي ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ كېتىمەن. ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى، ئۇزۇن يىللىق ھايات مۇساپىسىنى

ئەسلى ئىياپىتى، ماھىيىتى، قىممىتى بويىچە يورۇتۇپ بېرىش ھەققىدە تەۋ... ئىمكانىيىتىنى ھېس قىلدىم، ئېھتىمال بولمىسۇن، نىيىتىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىپ كۆردۈم. يېقىندا مەن ئۇستازنى زىيارەت قىلىپ سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم. تەلىيىمگە ئۇ ئادەم يالغۇز تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغانىكەن. مەن كېلىشتىكى مەقسىتىمنى ئېيتىپ بولۇپ، خېلى بۇرۇنلا باش قاتۇرۇپ تەييارلاپ قويغان ئۇنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىگە دائىر سوئاللار تىزىملىكىنى بەردىم. ئۇ قولىدىكى تۆت بەتلىك سوئاللار تىزىملىكىگە سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، بىرھازاغىچە خىيالغا پېتىپ قالدى. ئېھتىمال ئۆتكەن كۈنلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كېلىۋاتامدىكىن، تارىخ ئۈچۈن 38 يىل تولىمۇ قىسقا، يېرىم ئەسىرگىمۇ تولمايدىغان ۋاقىت، تارىخنىڭ پەقەت بىر تىنىقى. لېكىن ئىنسان ئۈچۈن 38 يىل بەكمۇ ئۇزاق، جانلىق ۋە جانسىز شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى يۈدۈۋالغان ھاياتلىق ئانىسى يەر شارى قۇياشنى تۈپتۈغرا 38 قېتىم، ئۆز ئوقىدا بولسا 13879 قېتىم ئايلىنىپ چىققان ۋاقىت. بىر ئەرنىڭ يېرىم ئۆمرى.

ئۇ، گەپنى ئۆزىنىڭ تىل تەتقىقاتىغا قانداق كىرىشكەنلىكىدىن باشلىدى. ئاندىن سۆزىنىڭ تېمىسىنى تەبىئىي ھالدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا، جۈملىدىن، مول ۋە خىلمۇخىل مورفولوگىيىلىك ھادىسىلەر بىلەن گرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلەر قاتارلىق ئىنچىكە ئىلمىي مەسىلىلەرگە يۆتكەپ، ئۆزىنىڭ بۇ مەسىلىلەر توغرىسىدىكى چوڭقۇر، سىستېمىلىق، يېڭى كۆز قاراشلىرىنى مۇپەسسەل شەرھلىدى. ئۈچ سائەت ئۆتۈپتۇ، مەن بۇ تەلەپچان پروفېسسورنىڭ ئۆمۈر تارىخىغا ئائىت تۈزۈكرەك ماتېرىيالغا ئېرىشەلمىگەنلىكىمدىن، كۆڭلۈم يېرىم بولغان بولسىمۇ، لېكىن، خەلقىمىز تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن بىر زىيالىينىڭ ئانا تىل ئىشقىدا سوقۇۋاتقان سادىق يۈرىكىنىڭ ھاياجانلىق ساداسىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. بۇ 1992-يىلى 2-ئاينىڭ 23-كۈنى ئىدى.

3

ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى مەخسۇس تەتقىقات ئەڭ ئاۋۋال 1930-يىللاردا قېرىنداش تۈركىي مىللەتلەر تىللىرى بىلەن بىر قاتاردا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا رەسمىي قولغا ئېلىندى. ھازىرقى زامان تۈركىي تىللار ئىلمىنىڭ سەركەردىسى، ئاكادېمىك ۋ.ۋ. رادلوۋ جەنۇبىي سىبىرىيە دالىسىدا 40 يىل ئىلمىي تەكشۈرۈش، تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ئۈچۈن ئاساس ياراتتى. رادلوۋنىڭ ئىقتىدارلىق ئوقۇغۇچىسى س. ئې. مالوۋ بالىلىقىدىن باشلاپلا تىل تەتقىقاتىغا ئىشتىياق باغلاپ، تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىگە ئىككى قېتىم كېلىپ، ئىنچىكە، جاپالىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان سەمەرىلىك ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدى.

1940 - يىللارغا كەلگەندە، شىنجاڭدىكى گېزىت - ژۇرناللاردا ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى توغرىسىدىكى ئىلمىي، نەزەرىيىۋى ماقالىلەر تۇنجى بولۇپ ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى. «ئېلىپبە»، «ئۇيغۇر تىلى مورفولوگىيىسى»، «ئۇيغۇر تىلى سىنتاكسىسى»، «ئۇيغۇر تىلى ئەدەبىيات قائىدىلىرى (ستىلىستىكا)» قاتارلىق دەرسلىك، قوللانمىلار سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم تۈزۈلۈپ تارقىتىلدى. 1949 - يىلى ئۇلۇغ جۇڭخوا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مائارىپنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، ھەر قايسى سىستېمىلار بويىچە تىل ئوقۇتۇش قوللانمىلىرى تۈركۈملەپ نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. لېكىن ئۆزىمىزنىڭ تىل تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىلمىي خادىملىرىمىزنىڭ كەملىكى تۈپەيلى، ئەينى چاغدا يەنىلا رۇس تىلىنىڭ گرامماتىكا نەزەرىيىسىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش تۈركىي مىللەتلەر تىللىرىنىڭ تەسۋىرىي گرامماتىكىلىرىدىن ئۈلگە ئېلىپ، شۇ يول بويىچە ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكا كىتابلىرىنى تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. 1960 - يىللار بىلەن 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان 20 يىلدەك ۋاقىتتا ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى چوڭقۇرلىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بىر ئىزدا توختاپ قالدى. بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ كەلگەن سىياسىي ھەرىكەتلەردە يۈرىكى مۇجۇلغان تىل خادىملىرىمىزنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرىنى تونۇپ يېتىش ئەمەس، يېزىق ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇپ، يېزىق لايىھىلىرىنى ئىشلەش بولدى. 1957 - يىل 2 - ئايدا سلاۋيان يېزىقى ئاساسىدىكى يېڭى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى ئېلان قىلىندى. 1958 - يىلى لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېڭى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى ئېلان قىلىندى. 1976 - يىلى 7 - ئايدا ئاپتونوم رايون رەسمىي قارار ماقۇللاپ، ئون نەچچە يىلدىن بۇيان سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان يېڭى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىشنى رەسمىي جاكارلىدى. 1982 - يىلى 9 - ئايدا ئۇيغۇر كونا يېزىقىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكى ئېلان قىلىندى. يېزىقنىڭ تۇراقسىزلىقى ئورغۇن قالايمىقانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا زور زىيان يەتكۈزدى. پەقەت 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە قالايمىقانچىلىقلار تۈگىتىلىپ، جەمئىيەتنىڭ باشقا ساھەلىرىگە ئوخشاش ئۇيغۇر تىل تەتقىقات ساھەسىگىمۇ نەۋباھار ئېلىپ كەلدى. ياشانغان، ئوتتۇرا ياش، ياش تىل خادىملىرىمىز نەچچە ئون يىللاپ ھىجران ئازابىنى تارتىپ، بىراقلا ۋىسال قەدرىگە يەتكەن قېرىنداشلاردىلا بولىدىغان يالقۇنلۇق قىزغىنلىق بىلەن تىل تەتقىقاتىدىكى بارلىق نۇقتىلار بويىچە قىيىن ئۆتكەللەرگە جەسۇرانە ھۇجۇم باشلىدى. ماقالىلەرنى يازدى، كىتابلارنى تۈزدى، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ يۈرەك تارلىرىنى چېكەلەيدىغان تەسىرلىك نۇتۇقلارنى سۆزلىدى.

تىل مىللىيلىققا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە كۈچلۈك ئىلمىيلىققا ۋە سىستې-

www.uyghurkitap.com

مىجازلىققا ئىگە. ئۇ ھەم بىر مۇنچە تىللاردا ئورتاق ئومۇمىي قانۇنىيەتكە، ھەم ئۆزىگىلا خاس بولغان ئالاھىدىلىككىمۇ ئىگە. قاتتىق ھاياجاندىن كېيىنكى تەكرار ئويلىنىش ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنىڭ كىشىنى ئېچىندۇرغۇدەك دەرىجىدىكى بىچارە ھالىتىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۋېتسارىيە تىلشۇناسى ف. د. سوسسۇرنىڭ 1916-يىلى ئېلان قىلىنغان «ئومۇمىي تىلشۇناسلىق دەرسلىكى» ناملىق دەۋر بۆلگۈچ ئەسىرىنى مۇقەددىمە قىلغان دۇنيا ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىق ئىلمى تىلنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن ئەڭ يېڭى ئۇسۇللاردا تەھلىل قىلىش سەۋىيىسىگە يەتكەندە، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا يەنىلا ئەنئەنىۋى تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. ئۇيغۇر تىلى ئەمەلىيىتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرى گراماتىكا كىتابلىرىدا تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلمىدى.

1980-يىلى 5-ئاينىڭ 17-كۈنى. مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، دوتسېنت خەمىت تۆمۈر شىنجاڭ داشۆسىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا لېكسىيە ئوقۇدى. مەزكۇر لېكسىيىنىڭ بىر قىسمى «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ شۇ يىللىق 3-سانىدا «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى توغرىسىدا» دېگەن سەرلەۋھە ئاستىدا ئېلان قىلىندى. ماقالىدە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش شەكىللىرى ئەنئەنىۋى گراماتىكا كىتابلىرىدا سۆزلىنىپ كېلىۋاتقان ئالتە خىل بىلەنلا چەكلەنمەيدىغانلىقىنى، — دىكى // — تىكى بەلگە قىلىنغان ئورۇن بەلگە كېلىش، — غىچە // — قىچە، — گىچە // — كىچە نى بەلگە قىلغان چەك كېلىش، — دەك // — تەك نى بەلگە قىلغان ئوخشاتما كېلىش، — چىلىك // — چە نى بەلگە قىلغان تەكلەشتۈرمە كېلىش قاتارلىق تۆت كېلىش شەكلىنىڭمۇ مەۋجۇتلۇقىنى ھەمدە «سۆزلەرنىڭ گراماتىك شەكلى ياردەمچى سۆزلەر ئارقىلىقمۇ ياسىلىدۇ» دېگەن پرىنسىپ بويىچە، ئىسىم تىركەلمە قۇرۇلمىسى ئارقىلىق ئىپادە قىلىنغان ئىسىملارنىڭ تۆت خىل ئانالىتىك كېلىش شەكلىنى كۆرسىتىپ، سىنتېتىك كېلىشلەر بىلەن بىر سىستېمىغا قويۇپ شەرھلىدى. بۇ نۇتۇق بىلەن ماقالە تىپتىنچ كۆلگە تاشلانغان تاشقا ئوخشاش ئۇيغۇر تىلى تەتقىقات ساھەسىدە چەمبەرسىمان دولقۇنلارنى پەيدا قىلدى. بىر مۇنچە پېشقەدەم تىلشۇناس ۋە ياش تەتقىقاتچىلار ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىۋاتقانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، يېڭى كۆز قاراشلارغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. «شىنجاڭ گېزىتى» خەمىت تۆمۈرنىڭ ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى توغرىلىق لېكسىيە ئوقۇغانلىق خەۋىرىنى بەرگەندىن كېيىنلا، يەنە «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، غەيرەت قىلغان ئادەمگە» ناملىق مەخسۇس زىيارەت خاتىرىسىنى باستى. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى توغرىلىق بەس-مۇنازىرە باشلىنىپ كەتتى. قوشۇلىدىغانلارمۇ، قوشۇلمايدىغانلارمۇ مۇشۇ تېمىدا ماقالىلەر ئېلان قىلىپ، ھەر كىم ئۆز كۆز قارىشىنى شەرھلىدى، تالاش-تارتىش راسا ئەۋجىگە چىقتى.

بەس-مۇنازىرىگە قىزىقىقۇچىلارنىڭ ھەممىسى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولغان، توغ-
را نىيەتلىك كىشىلەر بولسىمۇ، ھەممەيلەننىڭ گەپ-سۆزىنىڭ ئىلمىي ھەقىقەت
بولۇشى ناتايىن. بىر مەھەل «ئەگەر تىلدىكى گراممانىكىلىق ھادىسىلەرنى بىر تەرەپ
قىلىشتا شۇ خىل كۆز قاراش (خەمىت تۆمۈرنىڭ كۆز قارىشى) ئۆلچەم قىلىنىدىغان
بولسا، كېلىش كاتېگورىيىسىنىڭ تەركىبىنى 14 خىل ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن ئاشۇ-
رۇۋېتكىلىمۇ بولىدۇ»، «تىلىمىزنى باشقىلارنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزىمىز-
نىڭ ئۆگىنىشىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن تەتقىق قىلايلى» دېگەندەك ئېغىر ۋەزىن-
لىك گەپ-سۆزلەر مەتبۇئات يۈزىدىمۇ، غەيرىي رەسمىي ئىلمىي سورۇنلاردىمۇ تار-
قىلىپ يۈردى. ئىلىمگە قىزىقىقۇچى كىشىلىرىمىز ئىلمىي مەزھەپ دېگەننىڭ تىلشۇ-
ناسلار ئارىسىدىمۇ بولىدىغانلىقىنى سەزگەندەك بولۇشتى.

دېمىسىمۇ، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان قېلىپلىشىپ قالغان پۈتكۈل مىللەتنىڭ
تىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر نازۇك رامكىغا چېقىلىش ناھايىتى تەبىئىي ھالدا
يا ئاشكارا، يا خۇپىيانە، يا يوللۇق، يا غەيرىي يوللۇق توسقۇنلۇققا ئۇچرىماي قال-
مايدۇ. خەمىت تۆمۈر ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسىدىن ئىبارەت بۇ رامكىغا چې-
قىلالىدى. ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلى گراممانىكا تەتقىقاتىدىكى خاس قارىشىنى ئاشكارا
ئوتتۇرىغا قويالىدى.

## 4

بۇ يەرنىڭ سەھرى توخۇلارنىڭ بەس-بەستە يېقىملىق چىللىشى بىلەن
ئەمەس، مەكتەپ رادىئو ئۈزېلىنىڭ سائەت ئالتىدە بېرىلىدىغان ئەتىگەنلىك ئاڭلىتىشى
بىلەن تەڭ باشلىنىدۇ. ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچى بۇ كىشىلىرىمىز ئۇزۇن
يىللاردىن بۇيانقى ئادىتى بويىچە يېڭى بىر كۈننى ئالدىراشلىق ئىچىدە كۈتۈۋېلىپ
كەلدى.

خەمىت تۆمۈر ئۇستەل چىرىغىنىڭ يورۇقىدا بىر نەرسە يېزىۋاتاتتى. دەستىلەپ
قويۇلغان ماتېرىياللارنىڭ يېنىدا بېيجىڭنىڭ «شياڭشەن» ماركىلىق تاماكىسىنىڭ قۇ-
رۇقدالغان قېپى، تاماكا قالدۇقى بىلەن توشقان كۈلدان تۇراتتى. ئۇ بىر ھازادىن
كېيىن يېزىشتىن توختاپ كۆزەينىكىنى ئېلىپ، ھۆل لۆڭگە بىلەن يۈز-كۆزىنى سۈرت-
تى. تاماكا ئاللىقاچان چېكىلىپ تۈگىگەچ، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا تاماكا چېكىش بىلەن
بىر نەچچە مىنۇت «تەنەپپۇس» قىلىشۋالىدىغان پۇرسەتتىن نائىلاج ۋاز كېچىپ، تېخى
ھېلىلا چېكىت بەلگىسى قويۇلغان، كېيىن «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» دا
ئېلان قىلىنغان «يەنە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى توغرىسى-
دا» دېگەن ماقالىسىنىڭ ئورىگىنالىنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى. بىردەمدىن
كېيىن خەمىت تۆمۈر رەپىقىسى بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ ناشتا قىلىشقا كې-
رىشتى. سائەتكە قاراش ھاجەتسىز، ئۇرنىسا ھەدە گەرچە ھەمراھىنى كۆپرەك

www.uyghurkitap.com

ئارام ئېلىشقا، تاماكىنى چەكمەسلىككە كۆندۈرەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ھەر كۈنى سائەت يەتتىگە ئۇلگۇرتۇپ دۇخوپكىدا پىشۇرۇلغان نان بىلەن سۈتلۈك چاي ئىچىپ غىزالىنىشقا ئادەتلەندۈرگەنىدى.

خەمىت تۆمۈر ئەتىگەنلىك ناشتىنى چالا-بۇلا قىلدى-دە، قارا رەڭلىك ماتېرىيال سومكىسىنى ئېلىپ، كونا ۋېلىسىپىتىنى مىنگەن پېتى 17-بىناغا قاراپ يول ئالدى، بۈگۈن سائەت سەككىزدىن 10 غىچە تولۇق كەسىپ 3-يىللىق ئۇيغۇر تىلى سىنىپى ئوقۇغۇچىلىرىغا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى سىنتاكسىسىدىن دەرس ئۆتەتتى. خەمىت تۆمۈر دەرس مۇنبىرىنى مۇقەددەس دەپ بىلەتتى. شۇنچە يىللاردىن بۇيان ھەر قانچە ئالدىراش بولسىمۇ ئوقۇغۇچىلىرىغا، بىلىم ئاشۇرغۇچى ئوقۇغۇچىلارغا، ئاسپىرانتلارغا، بەزىدە چوڭلار مائارىپى ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۈزۈلدۈرمەي دەرس بېرىپ كەلدى. ئىككى سائەتلىك دەرسنى ئۆتۈپ بولۇپ، خەمىت تۆمۈر 17-بىنانىڭ 2-قەۋىتىگە جايلاشقان فاكۇلتېت ئىشخانىسىغا كىردى.

فاكۇلتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان خەمىت تۆمۈر مۇشۇ 20 مىنۇتلۇق تەنەپپۇس ۋاقتىدا يەنە ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان فاكۇلتېت مۇدىرى، پروفېسسور ماشۆلياڭ بىلەن فاكۇلتېتنىڭ خىزمەتلىرىنى مۇزاكىرىلەشتى. بىر مۇنچە ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى قىلدى. چۈشتىن كېيىن ئۇنى يەنە دەرس كۈتۈپ تۇراتتى. ئىككى ئۇيغۇر، ئىككى خەنزۇ ئاسپىرانتقا ئۆتۈلگەن دەرس بەش يېرىمدا تۈگىدى. ئىلگىرى نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكا كىتابلىرىدا ئېيتىلمىغان بەزى گرامماتىكىلىق بىرلىكلەرنى تۇرغۇزۇش ھەققىدىكى ئىلمىي ئاساسلار شەرھلەنگەن بۇ دەرستىن ئوقۇغۇچىلار قايىل بولغان بولسىمۇ، تەلەپچان ئۇستاز بىر ئاز چارچىغانىدى. ئۇ ئۆيىگە قايتتى.

غەربكە — مەكتەپ ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا بارىدىغان تارچۇق يول ئىشتىن چۈشكەن كىشىلەر بىلەن قىستا-قىستاڭ بولۇپ كەتكەنىدى. ۋېلىسىپىت قوڭغۇراقلىرى تاقەتسىز جىرىڭلايتتى. پىكاپ شوپۇرلىرى يول بەرمەيۋاتقانلارغا ھومىياتتى. بىر كۈنلۈك ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۆيىگە تېزرەك بېرىپ ئۇھ دەپ ئارامخۇدا ئولتۇرۇشقا كىممۇ ئالدىرىمىسۇن؟

كېچە. مەكتەپ ئائىلىلىكلەر بىناسىدىكى يۇلتۇز كەبى چىراغلار بىر-بىرلەپ ئۆچۈپ بولغانىدى. ھەممە تاتلىق ئۇيقۇدا. پەقەت خەمىت تۆمۈرنىڭ ئۆيىنىڭ چىرىغى ھېلىھەم يېنىق ئىدى. ئانا تىل ئىشقىدا سوقۇۋاتقان سادىق يۈرەك، تىنىماس تەپەككۇر ھېلىھەم ئويغاق. ئاشۇ چىراغ ئاستىدا قانچىلىغان كىتابلار ئوقۇلدى، قانچىلىغان خاتىرىلەر يېزىلدى، قانچىلىغان ئۇيقۇسىز تۈنلەر يېڭى كۈنلەرگە ئۇلاشتى؟

بۇ ھارماس تەتقىقاتچى مۇشۇ يىللاردا ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى كۆز قاراشلارنى نەزەرىيە يۈكسەكلىكىدىن ئىسپاتلاپ بىر مۇنچە سالماق ماقالىلەرنى يازدى. ئىسىملارنىڭ كېلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئىلمىي مۇنازىرە بېھىسلىماي تۇرۇپ، «مىللەتلەر تىل-يېزىقى» ژۇرنىلىنىڭ 1982-يىللىق 2-سانىدا «ئۇيغۇر تىلىدىكى

پېشىللارنىڭ بايان رايى توغرىسىدا» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. ئەنئەن-
نىۋى ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكا كىتابلىرىدا پېئىلنىڭ بۇ كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان
گىراماتىكىلىق شەكىللەرى بىۋاسىتە زامان كاتېگورىيىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ
دەپ ھېسابلىنىپ، مەزكۇر شەكىلنىڭ 6~7 خىلىلا كۆرسىتىلىپ كەلگەن، بىر قەدەر
ئىنچىكە تەھلىل يۈرگۈزگەنلىرىدىمۇ 17 خىلدىن ئاشۇرۇلمىغانىدى. خەمىت تۆمۈر ئۆز
ماقالىسىدە پېئىلنىڭ بايان رايىنىڭ 38 خىل شەكلىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

بۇ ماقالىلەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئەجەبلىنەرلىكى، ئاپتورنىڭ ئىلگىرىكى
ماقالىلىرى دۇچ كەلگەن قارشىلىقتا ئۇچرىمىدى ۋە غۇلغۇلا پەيدا قىلمىدى. ئېھتىمال
تىلشۇناسلىرىمىز 1930 - يىللاردىن بۇيان ئاساسەن بىر قېلىپتا چىقىۋاتقان ئۇيغۇر
تىلى گىراماتىكا كىتابلىرىدا ھەقىقەتەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كەلمەي-
دىغان تەرەپلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلغان، تىلىمىزدىكى بەزى مەسىلىلەر-
نى ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسى بويىچە تەتقىق قىلىپ بېقىشنىڭ زۆ-
رۈرلۈكىنى دەسلەپكى قەدەمدە سەزگەن بولسا كېرەك.

1983 - يىل خەمىت تۆمۈر «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ شۇ يىللىق
3 - سانىدا يەنە «ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى تەتقىقاتىدىكى بەزى مەسىلىلەر» ماۋ-
زۇلۇق سەمەرىلىك ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. ئۇ ماقالىسىدە كەسكىن قىلىپ: «بىز
ئېغىز ئۇيغۇر تىلىنىڭ مول ۋە خىلمۇ خىل گىراماتىكىلىق قائىدىلىرىنى بىر قەدەر
تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەم بۇ قائىدىلەرنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس گىرام-
ماتىكىلىق سىستېمىسى بويىچە تەھلىل قىلىپ، بىر قەدەر توغرا ۋە تەپسىلىي ئىزاھ-
لاپ بەرگەن، قىسقىسى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىر پۈتۈن
گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىسىنى ئاساسەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن بىر قەدەر نوپۇزلۇق
بىر گىراماتىكا كىتابىغا ئىگە ئەمەسمىز» دەپ كۆرسىتىپ، نەچچە ئون يىلدىن بۇ-
يان مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا نەشر قىلىنغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى توغ-
رىسىدىكى دەرسلىك قوللانمىلىرىدا ئىزچىل ساقلىنىپ كېلىۋاتقان زور بىر يۈرۈش
ئاجىزلىقلارنى دادىل كۆرسىتىپ بەردى. بۇ ئاجىزلىقلار ئاپتور ئىلگىرىكى ماقالىلىرىدە
يورۇتۇپ بەرگەن ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى، پېئىللارنىڭ بايان رايى كاتې-
گورىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئون نەچچە ھالقىلىق مەسىلىدىن تەركىب تاپقان بو-
لۇپ، مورفولوگىيىگىمۇ، سىنتاكسىسقىمۇ، مىكرو تەتقىقاتقىمۇ، ماكرو تەتقىقاتقىمۇ يا-
تىدۇ. بۇ ماقالە جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇيغۇر تىلى تەتقى-
قاتى ساھەسىدىكىلەر خەمىت تۆمۈر چوڭ يۈرەكلىك بىلەن چىقىلىۋاتقان مەسىلە كېلىش
ۋە بايان رايى مەسىلىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكى-
سىنىڭ پۈتكۈل قۇرۇلمىسى ئىككىلىكىنى ناھايىتى چۆچۈگەن ھالدا كۆرۈپ يەتتى.

خەمىت تۆمۈرنىڭ «ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى پېئىللار ۋە ئۇلارنىڭ مەنىسى
توغرىسىدا» (1982 - يىل)، «ئۇيغۇر تىلىدىكى يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەشنىڭ ئۇسۇل-
لىرى ۋە پرىنسىپلىرى توغرىسىدا» (تۇرسۇن ئايۇپ بىلەن بىرلىكتە يازغان، 1984-

يىل)، «ئۇيغۇر تىلىدىكى يۈكلىمىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشى» (1986-يىل) قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلىرى ئەنە شۇ ئۇزۇن تۈنلەردە، ئاشۇ ئۇستەل چىرىغىنىڭ يورۇقىدا قايتا-قايتا ئويلىنىش، سېلىشتۇرۇش، ئۆزگەرتىش، تولۇقلاش ئاساسىدا بىر سۆز-بىر سۆزدىن، بىر جۈملە-بىر جۈملىدىن، بىر-ئابزاس بىر-ئابزاستىن يېزىلىپ چىقتى.

## 5

1987-يىل 6-ئايدا بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى خەمىت تۆمۈرنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى، مورفولوگىيىسى» دېگەن ئەسىرىنى نەشر قىلدى. 4000 نۇسخىلا بېسىلغان 528 بەتلىك، ئاددىي مۇقاۋىلىق بۇ كىتاب كۆنىكە كىتاب-ژۇرنال بېسىش بىلەن ھەپىلىشىدىغان بېيجىڭ مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدىكى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن ئاللىقاچان كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاپتورنىڭ كۆڭۈل خاتىرىسىدە پۈتۈن كىتاب، كىتابتىكى ھەر بىر باب، ھەر بىر ئابزاستا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇنلار ناھايىتى ئېنىق ئىدى. خەمىت تۆمۈر بۇ كىتابنى مەملىكىتىمىزدە چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش بولۇۋاتقان 1958-يىلدىن باشلاپ يېزىشقا تەرەددۇت قىلغان بولۇپ، ھەر خىل قاتلامدىكى ئوقۇغۇچىلارغا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس ئۆتۈش جەريانىدا توپلىغان نۇرغۇن ماتېرىيال ۋە دەرس ئۆتۈش زۆرۈرىيىتى بىلەن ئېلىپ بارغان ئىنچىكە تەتقىقاتلار ئاساسىدا توپتوغرا 29 يىل ئىزدىنىش بەدىلىگە يېزىپ چىقتى. ئاپتور مەزكۇر كىتابنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالىنى تۈزگەن چاغدا ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرغان 20 نەچچە ياشلىق يىگىت ئىدى. كىتاب رەسمىي نەشر قىلىنىپ ئىلىم ساھەسى بىلەن يۈز كۆرۈشكەندە بولسا، چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان مويسىپىتكە ئايلاندى. 29 يىل تارىخشۇناسلار ئۈچۈن قىسقىغىنا بىر مەزگىل بولسىمۇ، بىر شەخس ئۈچۈن ئۆمۈر داستانىنىڭ ئاساسىي سەھىپىسى ھېسابلىنىدۇ. جۇمھۇرىيىتىمىز تارىخىدىكى چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، تەبىئىي ئاپەت، مەدەنىيەت ئىنقىلابى قاتارلىق بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ كەلگەن زور سىياسىي ھەرىكەتلەر جەريانىدا، يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە قاتناشقان، «7-ماي» كادىرلار مەكتىپىدە شال تېرىغان، ئاتىسى ئاغرىپ قېلىپ، پويىزنىڭ قاتتىق ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ شىنجاڭغا قاراپ كېتىۋاتقان چاغلاردا خەمىت تۆمۈر مەزكۇر كىتابى ھەققىدە توختىماي باش قاتۇردى. 29 قىش-باھارنى ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى. بۇ ئىلىمغا تەشنا بىر ئۇيغۇر پەرزەنتىنىڭ ئۆز ئانا تىلىغا بولغان سەممىي سۆيگۈسىنىڭ ئەڭ ئەمەلىي ئىپادىسى ئەمەسمۇ؟

كىتاب نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، تىل تەتقىقات ساھەسىدىكىلەرنىڭ زور دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىدى. قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى، ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى، مەشھۇر تىلشۇناس غۇجىئەخمەت سەدۋاقاسوۋ ئاپتورغا ئالايىتەن خەت يېزىپ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ مورفولوگىيىسى بويىچە تەتقى-

قاتتىقمىز ئۇيغۇرشۇناسلىقتا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە. ئورغۇنلىغان تىل پاكىتلىرىغا قارىتا يېڭىچە كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپسىز، بۇ ناھايىتى ياخشى!» دەپ كۆرسەتتى ۋە ئاپتورنى شۇ توغرىلىق لېكسىيە سۆزلەش ھەم پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئالمۇتاغا تەكلىپ قىلدى.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى، جۇڭگو مىللەتلەر تىلشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تىلشۇناس چىن زۇڭجېن «تۈركىي تىللار تەتقىقات خەۋەرلىرى» ژۇرنىلىغا مۇنداق دەپ يازدى: «پروفېسسور خەمىت تۆمۈرنىڭ كىتابىدا يېڭى كۆز قاراشلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى ئەنئەنىۋى گىراماتىكىسىنىڭ رامكىسىنى بۇزۇپ تاشلىغان دېيىشكە بولىدۇ. بۇ كىتابتا ئۇيغۇر تىلىدىكى گىراماتىكا مەسىلىلىرىنى تەھلىل قىلغاندا، باشقا تىللاردىكى گىراماتىكىلىق ئۇقۇملارنى ئۇيغۇر تىلىغا ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ قوللىنىشتەك كەمچىلىك تۈزىتىلگەن. ئۇيغۇر تىلى ئەمەلىيىتى ئاساس قىلىنىپ، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەر تېپىپ چىقىلغان. شۇڭا پروفېسسور خەمىت تۆمۈرنىڭ يېڭى كۆز قاراشلىرى مەملىكىتىمىز ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقات خىزمىتىگىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىپ، كەسىپداشلىرىمىزنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى».

مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ پروفېسسورى، جۇڭگو مىللەتلەر تىل جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، تىلشۇناس دەي چىڭشيا بۇ كىتابنى بېيجىڭ شەھىرى بويىچە پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە نەمۇنىلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىگە تەۋسىيە قىلىپ كۆرسەتتى.

ھەممىدىن بۇرۇن، مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىيات 2 - فاكۇلتېتى «مورفولوگىيە» نى رەسمىي دەرسلىك قىلىپ بېكىتتى. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاسپىرانتورىيىسى، مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى ئاسپىرانتلار بۆلۈمى، شىنجاڭ داشۆسى قاتارلىق مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىدىغان ئاسپىرانتلار «مورفولوگىيە» نى ئاساسلىق ماتېرىيال قىلدى. ئۆزبېكىستان شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتى بۇ كىتابنى ئۇيغۇرشۇناسلىق كەسپىدە قوللانما كىتابلارنىڭ بىرى قىلدى.

## 6

1980 - يىللارنىڭ بېشىدىن تارتىپ خەمىت تۆمۈرنىڭ نام - شەرىپى جەمئىيەتكە تونۇلدى. ئۇ «يېڭى دەۋر جۇڭگو مىللىي تىلشۇناسلىرى» (1989 - يىل نەشرى)، «مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىنى تونۇشتۇرۇش» (1991 - يىل)، «جۇڭگو تىلشۇناسلىق بۈيۈك لۇغىتى» (1991 - يىل نەشرى)، «جۇڭگو يېڭى دەۋر مەشھۇر كىشىلىرى» (1991 - يىل نەشرى) قاتارلىق كىتاب - لۇغەتلەردە مەخسۇس تونۇشتۇرۇلدى. «خەلق گېزىتى»، «تۈز گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە

ئىستانىسى قاتارلىق تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىدە ئالايىتەن تونۇشتۇرۇلدى. تەكلىپكە بىنائەن كانادا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەردە زىيارەتتە بولۇپ لېكسىيە ئوقۇدى. مەملىكىتىمىز ئىچى - سىرتىدىكى تۈركىي تىللار ئوقۇتۇش، تەتقىقات مەركەزلىرى خەمىت تۆمۈرنى مۇھىم ئىلمىي پائالىيەتلەرگە تەكلىپ قىلىپ تۇردى. «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ تەھرىر ھەيئىتى «ئۇيغۇر تىلى»، «ئۇيغۇر يېزىقى» دېگەن ماقالىلەرنى ئۇنىڭ يېزىپ بېرىشىگە ھاۋالە قىلىپ «مىللەتلەر»، «تىل - يېزىق» توملىرىغا كىرگۈزدى. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (مورفولوگىيە) دېگەن ئەسىرى بېيجىڭ شەھىرى پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە 2 - دەرىجىلىك نەمۇنىلىك تەتقىقات نەتىجىسى بولۇپ باھالاندى. «چاغاتاي تىلى» (ئابدۇرۇپ پولات بىلەن بىللە تۈزگەن) دېگەن ئەسىرى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن 3 - دەرىجىلىك نەمۇنىلىك تەتقىقات نەتىجىسى بولۇپ باھالاندى.

1982 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى. گېرمانىيىلىك مەشھۇر تىلشۇناس، تۈركولوگ ئا. ۋ. گابائىن خانىم مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا كېلىپ ئىلمىي دوكلات بەردى. دوكلاتتىن كېيىن ئۇ خەمىت تۆمۈر قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا مەكتەپنىڭ چەت ئەللىك مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش زالىغا قايتىپ كەلدى. ئۆمرىنى تۈركىي تىللار، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلىغان 81 ياشلىق بۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر پروفېسسور باشقىلارنىڭ خەمىت تۆمۈرنىڭ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىكى ئەمگەكلىرى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلاپ قىزىققان ھالدا «سىز قايسى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانتىڭىز؟» دەپ سوراپ قالدى.

— خەمىت تۆمۈر قايسى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن؟

— مەن كۆرگەن ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىدە خەمىت تۆمۈرنىڭ ئوقۇش تارىخى تۆۋەندىكىدەك يېزىلغان: 1939 - يىلدىن 1945 - يىلغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1948 - يىل كۈزدىن 1949 - يىل 10 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك تىل مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1951 - يىلى 5 - ئايدىن شۇ يىلى 9 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپىدە ئوقۇغان.

مەلۇم بولدىكى، خەمىت تۆمۈر ھېچقانداق بىر ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرمىگەن.

شەك - شۈبھىسىزكى، سىستېمىلىق، مۇنتىزىم ئوقۇش پۈرسىتىگە ئېرىشىش بىر ئادەمنىڭ ئەتراپلىق ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئازراق ئەجىر قىلىپ، كۆپرەك بىلىم ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. تەقدىر قەدىمدىن تارتىپ بىر قىسىم كىشىلەرگە بۇ خىل ئەۋزەللىكنى سېخىيلىق بىلەن نېسىپ قىلسا، يەنە بىر قىسىم كىشىلەرگە پەقەت كۆڭۈل بۆلمەي كەلدى. كۆڭۈل بۆلۈنمەي كېلىنگەن ئاشۇ بىتەلەي كىشىلەر ئىچىدىن «يارىلىشىمىز ئۆزىمىزدىن» دەپ بىلىپ، تەقدىر - قىسمەتكە باش ئەگمەي باشقىلاردىن كۆپ تەر ئاققۇزۇش بەدىلىگە ئىلىم ساھەسىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان مۆجىزىلەرنى ياراتقانلار چىقتى. ئامېرىكىلىق توماس فېمىن 13 يېشىدىن باشلاپ مەكتەپ سىرتىدا قالغان بولسىمۇ، كىيىم تىكىش كارخانىسىدا، كېيىنىدە

ئىشلەپ يۈرۈپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، ئەينى چاغدىكى ساۋادى بارلىكى ئامېرىكىلىق ئوقۇپ چىققان، ئالەمشۇمۇل كاتتا ئەسەر «ساۋادە»نى يېزىپ، ئاز تېپىلىدىغان ئالىم بولۇپ يېتىلىپ چىقتى ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساس ئىگىسىگە ئايلىنىشىنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ قالدى.

كىچىكىدە ئائىلە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالمىغان، ئازادلىقتىن كېيىن بولسا خىزمەت ئېھتىياجىغا بويسۇنۇپ، ئوقۇش پۇرسەتلىرىنى قولدىن بەرگەن خەمىت تۆمۈر يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار ئالدىدا تىز پۈكمەي ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ، ئالىي مەكتەپنىڭ دەرسلىرىنى تاماملىدى. خەنزۇ تىل - يېزىقىنى پۇختا، چوڭقۇر ئۆگەندى. رۇس، پارس، تۈرك تىللىرىنى ئۆگەندى. ئۇ يۇقىرى بىلىم يۇرتىدا ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىسىمۇ، يۇقىرى سەۋىيىلىك بىلىم ئىگىلىگىلى بولىدىغانلىقىنى، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئىمكانىيىتى بولمىسىمۇ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، ئۇستاز بولۇش تامامەن مۇمكىنلىكىنى ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق دەلىللەپ بەردى. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ئۇنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىستېدات يېتىلدۈرۈشتىكى قىممەتلىك روھى ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقىدىكى ئىلمىي نەتىجىسىگە ئوخشاش قىممەتلىك، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئەھمىيەتلىك ۋە مەڭگۈلۈك.

## 7

1932 - يىلى 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى. تۇرپان ئويمانلىقىدىكى قەدىمىي ئىدىقۇت شەھىرىنىڭ خارابىلىقىغا تۇتىشىدىغان قاراغوجا يېزىسىغا قاراشلىق كىچىككىنە بىر مەھەللىدىكى كىشىلەر تامچىلىق ھۈنىرى بىلەن ئەل - جامائەتنىڭ ھۆرمەت - ئېھتىرامىغا سازاۋەر بولۇپ كېلىۋاتقان تۆمۈر ئۇستامنىڭ ئوغۇل كۆرگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىشتى. ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مەسچىتنىڭ مۇھتەرەم مەزىنى خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن تۆمۈر ئۇستامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، بۇ ئوغۇلغا «ئابدۇلھەمت» دەپ ئىسىم قويۇپ بەردى.

تۆمۈر ئۇستام يازلىقى ئائىلىسى بىلەن ئۈرۈمچىگە چىقىپ ئىشلەپ، قىش كىرگەندە تۇرپانغا قايتىپ كېلەتتى. بىناكارلىق ھۈنىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن بۇ ئادەم دەسلەپكى يىللىرى ئوبدان پۇل تېپىپ، خېلى كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن 1940 - يىللارنىڭ باشلىرىدا كۆتۈرگە ئالغان ئىشىدىن زىيان تارتىپ سىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن باللىرىنى ئېلىپ بارىكۆل تەرەپكە كەتتى. ئۇ يەردە ئوقەت قىلىپ ئىشى ئەپلىشىپ بەرمىگەنلىكتىن، قۇمۇلغا قاراپ سەپەر قىلدى. ئون نەچچە ياشلىق خەمىتمۇ ئاتا - ئانىسى بىلەن بىللە شۇ چاغنىڭ ئاساسىي قاتناش قورالى بولغان كارۋان ئېشەكلىرىگە مىنىپ، يۇرتمۇ يۇرت كۆچۈپ يۈردى. كارۋان ئېشەكلىرىنىڭ بوم ۋە زىل قوڭغۇراقلىرى توختىتىماي جاراڭلايدۇ. ئوخلاپ قېلىپ يىقىلىپ چۈشمىسۇن دەپ ئېشەك ئۈستىگە تېڭىپ قويۇلغان خەمىت بەزىدە ئاتىسىنىڭ، بەزىدە ئانىسىنىڭ، بەزىدە ئېشەك ھەيدىگۈچىلەرنىڭ

قوڭغۇراق ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتقان مۇڭلۇق ناخشىلىرىغا قۇلاق سالغاچ، قاچان مەنزىلگە يېتەرمىز دەپ پايانسىز چۆللۈككە كۆز تىكىدۇ. بەزىدە قەلئە شەھەر ياكى بىپايان كۆل سۈرىتىدە كۆرۈنگەن گىرىمسەن ئالۇۋۇنغا ئالدىنىپ، ئۈمىدسىزلىنىدۇ. ھاۋا ئىسسىپ كېتىپ سەپەر كېچىگە ئۆزگەرتىلگەنلەردە، يۇلتۇزلارنى سانىغاچ ئۇيقۇغا كېتىپ، ئېشەكتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆزى تېڭىلغان ئارغامچىغا سۆرۈلۈپمۇ قالىدۇ. بۇ ئائىلە يىللاپ ـ يىللاپ شۇنداق كۆچۈپ يۈرسىمۇ، لېكىن ئۆز ئوغلىنىڭ مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇشىنى توختاتمايدۇ.

1945 ـ يىلى ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرى. تۆمۈر ئۇستام 13 ياشقا كىرگەن، خېلىلا ئىش بىلىپ قالغان ئوغلىنى ئۆز يېنىغا چاقىرىپ، ناھايىتى ئەستە، ئەمدى ئوقۇشتىن توختاپ، ئۆزىگە ياردەملىشىشنى ئېيتتى. ئائىلىدە ھەقىقەتەن قىيىنچىلىق بار ئىدى. خەمىتنىڭ كۆزىگە ئىسسىق ياش كەلدى. ئۇ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى. كۆچمەن تۇرمۇش يولىدا دۇچ كەلگەن تاشتىن قاتتىق قىيىنچىلىقلار ئالدىدا بالىلىرىغا بىر تېمىم كۆز يېشىنى كۆرسەتمەي كەلگەن جاپاكەش، كۆيۈمچان ئانىنىڭ ئاپتاپتىن قارىدىغان مەڭزى ياش بىلەن يۇيۇلدى. تۆمۈر ئۇستام قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىر دەم جىم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن: «ئوغلۇم چىشىڭنى چىشلە. كۈنىمىز بىرئاز ياخشىلانغاندىن كېيىن، مەن سېنى چوقۇم مەكتەپتە ئوقۇتىمەن. ئۈررۈمچىدە ئوقۇتىمەن. كىتابىڭنى تاشلىماي تۇر...» دېدى خۇددى قۇرئان تۇتۇپ قەسەم بېرىۋاتقاندەك سالماق ۋەزىن بىلەن. شۇنىڭ بىلەن خەمىت ئوقۇشتىن توختاپ، ئائىلە تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن، كاۋاپچىلىق، نان سېتىش، مەپە ھەيدەش، مەدىكارچىلىق قاتارلىق ئىشلار بىلەن بىر قانچە يىلنى ئۆتكۈزدى.

«بەزىلەرنىڭ فون لېكوكقا ئېيتىپ بېرىشىچە، بىر كەنتتىكى مەلۇم بىر كىشى تام ئۆرىگەن ۋاقتىدا، بىر قانچە ماشىنا توشقىدەك قوليازما كىتابلارنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ناھايىتى كۆپ ساندىكىلىرىگە رەڭ بېرىلگەن، جۈملىدىن بىر بۆلۈملىرىگە ئالتۇن ھەل بېرىلگەنىكەن. ئۇ ئادەم ئەھلى مۇسۇلمان بولغىنى ئۈچۈن، كاپىرلارنىڭ كىتابلىرىنى ساقلىدى، دەپ ئەيىبلىنىپ، موللىلارنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ كېتىشتىن قورقۇپ، ئۇنىڭ ھەممىسىنى دەرياغا تاشلىۋەتكەنىكەن». ھازىرقى كىشىلەرنى ئۆيالدۇرىدىغان بۇ ۋەقە دەل تۆمۈر ئۇستام تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ياشىغان ئاشۇ زېمىندا يۈز بەرگەن. خەمىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى گەرچە تۈزۈكرەك مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن كىشىلەر بولسىمۇ، پەرزەنتىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشىدا ئالىيجانابلىقىنى نامايەن قىلدى. 1948 ـ يىلى كۈزدە تۆمۈر ئۇستام ئۈررۈمچىگە كۆچۈپ چىقىپ، 17 ياشقا قەدەم قويغان ئوغلىنى ئۆلكىلىك تىل مەكتىپىگە بەردى.

## 8

17 ياشلىق خەمىت تۆمۈر ئۈچۈن شىنجاڭ ئۆلكىلىك تىل مەكتىپىدە ئوقۇش يېڭىچە بىر تۇرمۇشنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. تىل مەكتىپى گومىنداڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى بىتىمدىن كېيىن قۇرۇلغان

بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر، خەنزۇ، رۇس، ئىنگلىز تىللىرىنى ئۆگىتەتتى. خەمىت تۆمۈر بۇ مەكتەپتە ئۆزى تەقسىم قىلىنغان خەنزۇ تىلى ۋە رۇس تىلى كەسپىدە ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن ئۆگەنگەن بولسىمۇ، ئوقۇتۇش ئاران بىر يىل ئۆپچۆرىسىدە دىلا بولدى.

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقى جاكارلاندى. 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەربىي يۈرۈش قىسىملىرى ئۈرۈمچى شەھىرىگە كىردى. يېڭى دەۋر، يېڭى ھايات باشلاندى. تىل مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى خەمىت تۆمۈر بىر تۈركۈم ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە بۇ يېڭى تىپتىكى خەلق پەرزەنت قوشۇنىنىڭ 2 - جۈن توپچى قىسىملار تۈەنىگە كىرىپ، قوشۇن تەركىبىدە جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ياش جەڭچى خەمىت تۆمۈر قوشۇن تەركىبىدە شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىقىغا بېغىشلانغان «قۇللۇقتىن ئازاد بولدۇق» ناملىق شەھنە ئەسىرىنى يازدى ۋە سەپداشلىرى بىلەن بىللە سەھنىدە ئويناپ، يول بويى ئازادلىق ئارمىيىنى تەشۋىق قىلىپ ماڭدى.

قىسىم قەدىمىي شەھەر كۇچاغا كەلگەندە، قىسقا مەزگىل تۇرۇپ قالدى. خەمىت تۆمۈرنىڭ كىچىكىدە سىڭغان پۈتى داۋاملىق ھەربىي يۈرۈش قىلىشقا ئىمكانىيەت بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆز تەلىپى بويىچە ھەربىي تۇرمۇشنى ئاياغلاشتۇرۇپ، ئاكا - ئۇكىدەك ئىناق ئۆتكەن سەپداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ، كۇچادا قالدى ھەم ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئانا تىلىدىن دەرس بەردى.

خەمىت تۆمۈر كاھىدا كۇچا ھەققىدە سۆزلىگەندە سېغىنىش، پەخىرلىنىش، ئىشەنچ ھېسسىياتلىرى مۇجەسسەملەنگەن كۆڭلۈك ھاياجىنىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمايدۇ. بۇ پېشقەدەم پروفېسسور ئېھتىمال ئۇيغۇر قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ بىرىدە، مەشھۇر ئوقۇتقۇچى كومراجىۋا (مىلادى 344 — 413 - يىللار) نىڭ يۇرتىدا تېخى 20 ياشقا توشمىغان چېغىدا ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئىبارەت ئاددىي ئەمما مۇقەددەس كەسىپنى تاللاپ، ئانا تىل ئوقۇتۇش مۇنبىرىگە چىققانلىقىدىن، ئۆزىنىڭ ئەينى مەزگىلدە ھەقىقەتەنمۇ توغرا قىلغانلىقىدىن مەمنۇن بولسا كېرەك.

1951 - يىل 5 - ئايدا، خەمىت تۆمۈر كۇچادىن ئۈرۈمچىگە — ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى.

19 ياش ھەربىر ئادەمنىڭ ئالتۇن چېغى. ئىلىم تەشنالىقىدا چاڭقىغان بۇ يىگىت ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپىدىكى بارلىق پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى زېھىن قويۇپ ئاڭلىدى. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان «نەۋائىي»، «قۇتلۇق قان»، «ئۆتكەن كۈنلەر»، «مېھراپتىن چايان»، «دەھشەتلىك تېھران»، «پولات قانداق تاۋلاندى» قاتارلىق رومانلارنى تەكرار ئوقۇپ چىقتى. بۇ كىتابلاردىكى تەسىرلىك ئىبزاس، جۈملىلەرنى خاتىرە دەپتىرىگە كۆچۈرۈپ يادلىدى. «نەۋائىي» رومانى بۇ يىگىتكە ھەممىدىن بەكرەك تەسىر قىلدى. شۇ مەزگىللەردە بۈيۈك شائىرنىڭ نۇرانە ئوبرازى، ئاجايىپ شېئىرىي تالانتى، گۈزەل

چەزىلىتى كۆندۈزلىرى ياش يۈرەكنى ئىدراك، ئەقلىيەت بىلەن قايىل قىلسا، كېچىلىرى چۈشىدە نامايان بولدى ھەم قولىغا قەلەم ئېلىپ، شائىرنى دوراپ، غۇبارسىز، شوخ ياشلىق ھېسسىياتى بىلەن سۇغىرىلغان لىرىك شېئىرلارنى يېزىشقا ئۈندىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى.

1951 - يىلى 9 - ئايدا، خەمىت تۆمۈر مەكتەپنى ئالدىن پۈتتۈرۈپ، شۇ مەكتەپنىڭ ئۆزىگە ئېلىپ قېلىنغاندىن كېيىنمۇ ئۆگىنىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇردى. كۆنلەر ئۆتتۈەردى، كىتابلار ئوقۇلدى، خاتىرىلەر يېزىلدى. يېڭى - يېڭى شېئىرلار پۈتۈلدى.

1952 - يىلى 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى مەكتەپنىڭ قىرائەتخانىسىدا ئاددىي لېكىن ناھايىتى كۆڭۈللۈك بىر توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، خەمىت تۆمۈر بىلەن ئۇنى ئىزچىل قوللاپ، جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇپ، ئۇنىڭ كېيىنكى كۆنلەردىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئۆز ئەجرىنى سىڭدۈرگەن چۆچەكلىك قىز نۇرنىسا ئۆمۈرلۈك بىرلىشىپ، بۈگۈنكى كۈندىكى ئىككى ئوغۇل، ئىككى قىز ۋە ئالتە نەۋرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەختلىك ئائىلىنىڭ ئاساسىنى قۇردى.

9

1954 - يىلى 9 - ئايدا 1 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. خەمىت تۆمۈر شۇ يىغىننىڭ تەرجىمە خىزمىتىنى ئىشلەش ئۈچۈن تەشكىللەنگەن گۇرۇپپا تەركىبىدە 7 - ئايدىلا بېيجىڭغا كەلگەنىدى. ئۇ قۇرۇلتاينىڭ تەرجىمە خىزمىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ، شىنجاڭغا قايتىش ئالدىدا قۇرۇلغىنىغا ئەمدىلا ئۈچ يىل بولغان مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ ئىلتىماسى بويىچە تەشكىل ياش خەمىت تۆمۈرنى بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا قالدۇردى. پويىز ئاستا قوزغىلىپ، بارغانسېرى تېزلىشىپ، بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى. پويىز كەينىدىن ئۇزاققىچە قاراپ تۇرۇپ قالغان ياش يىگىتنىڭ خىيالى چاقماق تېزلىكىدە پويىزنى كەينىدە قالدۇرۇپ، تەڭرىتاغ ئېتىكىگە، كارىز بويىغا، سۆيۈملۈك ئۇرۇمچى شەھىرىدىكى بەختلىك ئائىلىسىگە ئاللىقاچان يېتىپ بارغانىدى.

مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى قۇرۇلغىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغىنىغا قارىماي، خېلى قاۋۇل ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا ئىگە ئىدى. 1952 - يىلدىكى ئالىي مەكتەپلەرنى تەرتىپكە سېلىشتا يەنجىڭ داشۆسى، بېيجىڭ داشۆسى، چىڭخۇا داشۆسى قاتارلىق داڭلىق مەكتەپلەرنىڭ بىر قىسىم كەسىپ ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئۆزىگە قوبۇل قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تېخىمۇ خىللاشتۇرۇۋالغانىدى. يالغۇز ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىلا ما شۆلياڭ، خۇ تەن، لى دابەي، لى سەن، گېڭ شېمىن قاتارلىق مەخسۇس تەربىيىلەنگەن ئوقۇتقۇچىلار توپلانغانىدى. خەمىت تۆمۈر بۇ مەكتەپكە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىدىغان خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا دەرسكە كىرىشكە باشلىدى.

ئۇ چاغدا بۇ مەكتەپتە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشنى كەسىپ

قىلغان خەلىزۇ ئوقۇغۇچىلار ئالدى بىلەن بىر يىل ئومۇمىي تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسى ئۆگىنىدىغان بولغاچقا، تىل ھەققىدىكى ئاساسى بىرقەدەر پۇختا ئىدى. دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۇيغۇرچە قىسقا - قىسقا تېكىستلەر سۆزلىنىپ، خام سۆزلەرنىڭ مەنىسى ۋە ئىشلىتىلىشى ئاددىي چۈشەندۈرۈلەتتى. خەمىت تۆمۈر ئىلگىرى كۈچا ۋە ئۈرۈمچىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ كۆرگەچ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانا تىلىغا پىششىق، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، خېلى يامان ئەمەس تەرجىمە سەۋىيىسىگە ئىگە بولغاچقا، دەرس سۆزلەش ھېچقانچە ئېغىر كەلمىگەندەك سېزىلدى.

يەڭگىل كۈنلەر ئۇزۇنغا بارمىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇيغۇرچە سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، تىل ھادىسىلىرىنى گراماتىكا نۇقتىسىدىن شەرھەلەش زۆرۈر بولدى. خەمىت تۆمۈر، بىرىنچىدىن، تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسىدىن تېخى خەۋەرسىز ئىدى. ئىككىنچىدىن، شۇ مەزگىللەردە ئىشلىتىلىۋاتقان دەرسلىك قوللانمىلىرى ئىنتايىن تولۇقسىز ۋە يۈزە بولۇپ، ئۇلاردىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب تېپىپ قانائەتلەندۈرگىلى بولمايتتى.

بىر كۈنى بىر ئوقۇغۇچى سوئال سورىدى.

«تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسىدە ئۇيغۇر تىلى تىپولوگىيىلىك كلاسسىفىكاتسىيە نۇقتىسىدىن ‹قوشۇمچىلىق تىللار (يېپىشقاق تىللار)› تىپىغا تەۋە. قوشۇمچىلىق تىللارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، گىراماتىكىلىق مەنە سۆز يىلتىزىغا تۇرلىگۈچى قوشۇمچىلەرنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: سەن + — لەر ← سەنلەر، ئۇ + — لار ← ئۇلار. ئەمما 1 شەخس كۆپلۈك ئالمىشى ‹بىز› ئوتتۇرىسىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆپلۈك ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان « — لار // — لەر» قوشۇمچىسى ۋاستە قىلىنمىغان. قوشۇمچىلىق تىللارنىڭ توپ ئالاھىدىلىكىگە يات بولغان بۇ خىل مۇناسىۋەتنى تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسى بويىچە قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟»

ئۇنىڭغا ئۇلاپلا يەنە بىر ئوقۇغۇچى «ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹ئىدى› دېگەن سۆز زادى نېمە رول ئوينايدۇ؟» دېگەن سوئالنى قويدى.

پۈتۈن سىنىپ تىمتاس. 30 جۈپ كۆز ئوقۇتقۇچىسىغا تەلمۈرەتتى. ئۇ ئىلگىرىمۇ مۇشۇ خىلدىكى بىر نەچچە سوئالغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلمىگەنىدى. راستىنى ئېيتقاندا بۇ سوئاللارغا دەرھال ئېنىق جاۋاب بېرىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ئوقۇغۇچىلارغا نېمە دېيىش كېرەك؟ بۇ ئالاھىدە تىل ھادىسىسى، ئادەت بويىچە مۇشۇنداق دېيىلىدۇ دەپ ئۆتۈپ كېتىش كېرەكمۇ؟

دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىندى، ئوقۇغۇچىلار رۇخسەت بىلەن دەرستىن چۈشتى. سىنىپتا يېگانە ئوقۇتقۇچىلا قېپقالدى.

بېيجىڭ بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى شۇ چاغدىمۇ ھازىرقىغا ئوخشاشلا 3774 كىلومېتىر بولسىمۇ، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشنىڭ ئاستىلىقى، قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلمىغانلىقى سەۋەبلىرىدىن ئادەتتىكى كىشىلەرگە دۇنيانىڭ ئىككى چېتىدەك يىراق سېزىلەتتى. خەمىت تۆمۈر بۇ يەرگە خىزمىتىنى يۆتكەپ كەلگەندىن بۇيان تۇرمۇشتىكى

www.uyghurkitap.com

ھەممە مۈشكۈل - مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ كەلگەن بولسىمۇ، بۈگۈنكى دەرستىكىدەك قىيىنچىلىقنى يېڭەلمىدى. باي، سۆيۈملۈك ئانا تىل مۇھىتىدا ئۆسكەن، ئۇ تىلنى ۋاستە قىلىپ تاغ سۈيىدەك سۈزۈك شېئىرلارنى يازغان بۇ يىگىت ئۆز ئانا تىلىنىڭ ئاددىي ھادىسىلىرىنى باشقىلارغا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىدى.

خەمىت تۆمۈرنىڭ ئالدىدا مۇنداق ئىككى يول تۇراتتى. بىرى، تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسىنى پۇختا ئۆگەنگەن ئاساستا، ئانا تىل ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىكى ئېنىق بولمىغان مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان دەرىجىگە يېتىش؛ يەنە بىرى، ئوقۇتقۇچىلىقنى تەرك ئېتىپ، ئۆزى ئاسانلا ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش، قايسى يولنى تاللاش كېرەك؟ پېشقەدەم تىلشۇناس بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ئانا تىلىمىدىكى ھادىسىلەرنى ئوقۇغۇچىلارغا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەنلىكىمگە تەن بېرىپ، بۇ يولدىن چېكىنىشنى ھار كۆردۈم. ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت قوللانمىلاردىن كىشىنى قانائەتلەندۈرگىدەك جاۋابىنىڭ تېپىلمىغانلىقى تىلىمىزنىڭ تېخى ئوبدان تەتقىق قىلىنمىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. مەن شۇنى ھېس قىلغان ئىكەنمەن، ئۆزۈم تەتقىق قىلىشىم كېرەك. تىلىمىزدىكى ھادىسىلەرنىڭ سىرىنى ئېچىش ئۈچۈن، تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسىنى پۇختا ئىگىلەشكە، تىل پاكىتلىرى ئۈستىدە قېتىرقىنىپ ئىزدىنىپ، جاپالىق ئەمگەك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەن شۇنى قىلىشقا قەتئىي بەل باغلىسام، نېمىشقا قىلالمايدىكەنمەن؟ ئۇيغۇر تىلى مېنىڭ ئۆز ئانا تىلىم، ئۇنى تەتقىق قىلىش مېنىڭ بۇرچۇم ئەمەسمۇ؟ ئاخىرى مەن ئوقۇتقۇچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى ئۈستىدە ئۇزاق مۇددەتلىك تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا بەل باغلىدىم.»

خەمىت تۆمۈر 1949 - يىلى كۇچادا ئازادلىق ئارمىيىدىن يەرلىككە ئالماشقاندىكىگە ئوخشاش بۇ قېتىممۇ ئوقۇتقۇچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇشنى تاللىۋالدى. قىيىنچىلىقلار ئالدىدا باش ئەگمىدى.

ئۇ سىنىپتىن چىقىپ ۋېلىسىپىتنى مىنىپ، ئۇدۇل خېپىڭلىغا — مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ خىزمەت بىناسىغا باردى. شۇ مەزگىللەردە تىل ۋە تەرجىمە ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن ئىبراھىم مۇتىئى، توختى باقى، پەيزۇللا راخمان قاتارلىقلار مۇشۇ نەشرىياتتا ئىشلەيتتى. ئىبراھىم مۇتىئى بۆلۈم ئىشخانىسىدا خەمىت تۆمۈر بىلەن ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى تەتقىقاتى ھەققىدە ئۇزۇن مۇڭداشتى.

خەمىت تۆمۈر شۇندىن كېيىنكى ئۈچ - تۆت يىلنى، پۈتۈن زېھنىنى تىل نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە قارىتىپ، ئىمكانىيەت يار بەرگەنلىكى پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدا، بېيجىڭدا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا بېسىلغان ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسىغا ئائىت كىتابلارنى تەكرار ئوقۇپ چىقتى. جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئومۇمىي تىلشۇناسلىققا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلىرىنى ئۆگەندى. يولۇققان مەسىلىلەرنى باشقا ئوقۇتقۇچىلاردىن كەمتەرلىك بىلەن سورىدى. خەنزۇچە ۋە تىل نەزەرىيە سەۋىيىسى تۆۋەن بىر ئادەمنىڭ تىلشۇناسلىققا ئائىت كەسپىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ روھىي ماھىيىتىنى ئۆز بىلىمىگە ئايلاندۇرۇپ چىقىشىنىڭ قانچىلىك تەسكە چۈشىدىغانلىقى،

بۇلىڭغا قانچىلىك چىدام-غەيرەت كېتىدىغانلىقى، قانچىلىك ئارام ئېلىش ۋاقتىدىن ۋاز كېچىپ، قانچىلىك تەر ئاققۇزۇش كېرەكلىكى پەقەت ئىلىم-پەن بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياكى ئىلىم ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىنى چۈشىنىدىغان كىشىلەرگىلا ئايان بولسا كېرەك. خەمىت تۆمۈر ئالىملارغا خاس غەيرەت، ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىش روھىغا تايىنىپ، ئۆگىنىش يولىدىكى توسالغۇلارنى بىرمۇبىر بۆسۈپ ئۆتۈپ، دەسلەپكى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئىچىدىن چىققان لاياقەتلىك ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ چىقتى. 1958-يىلى بېيجىڭدا مەملىكەتلىك سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئاكتىپلىرى يىغىنىغا قاتناشتى.

ئۇن نەچچە يېشىدىن باشلاپ، ئەلىشىر نەۋائىي شېئىرلىرىنى ئوقۇپ، شائىر بولۇشنى ئارزۇ قىلغان خەمىت تۆمۈر ئوقۇتقۇچىلىق ساھەسىگە كىرىپ قالدى. ئەسلىدە ئۇيغۇر شائىرلىرى قاتارىغا تىزىلىش ئېھتىمالى بولغان بۇ كىشىنىڭ نامى تىل تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ تىزىملىكىگە يېزىلىپ قالدى.

## 10

1960-يىللارنىڭ باشلىرى ئەتىياز پەسلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى. خېبېي ئۆلكىسىنىڭ داچاڭ ناھىيىسىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىشلەۋاتقان خەمىت تۆمۈر ئايرىلغىنىغا نەچچە ئاي بولغان ئائىلىسىگە كونا ھەربىيچە سېرىق سومكىسىنى كۆتۈرگىنىچە قايتىپ كەلدى. ئۆيدە ئايالى ئەمدىلا ئۈچ ئايلىق بولغان قىزىنى كۆتۈرگىنىچە ئۆزىگە قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان ئۈچ-تۆت ياشلار چامىسىدىكى چوڭ قىزىغا قوشۇق بىلەن تاماق يېگۈزۈۋاتاتتى. ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپىدە ئوقۇغان بۇ چوچەكلىك قىز ئوقۇتقۇچىسى بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن 2-يىلى بېيجىڭغا يۆتكىلىپ كېلىپ، مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغانىدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە شۇ قىز تۆت بالىنىڭ ئانىسىغا ئايلاندى. خەمىت تۆمۈر ئۆيگە كىرىپ تۇرۇشىغا 3-سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چوڭ ئوغلى بىلەن 1-سىنىپتا ئوقۇۋاتقان ناھايىتى شوخ 2-ئوغلى مەكتەپتىن قايتىپ يۈگۈرگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەلدى ۋە ھەر ئىككىسى تەڭلا ئاتىسىغا ئېسىلدى. يىللار نېمىدېگەن تېز ئۆتكەن-ھە؟ ياش ئاتا-ئانا ئالتە جانلىق ئائىلىنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدى.

2-ئوغۇل — غەيرەت ئاتىسىنىڭ قوينىدىن چىقىپ، شوخلۇق بىلەن دادىسى كۆتۈرۈپ كىرگەن سېرىق ھەربىي سومكىنىڭ ئىزمىسىنى يېشىشكە باشلىدى. 1-ئوغۇل ئادىلمۇ «كەمپۈت يەيمىز، كەمپۈت يەيمىز» دېگىنىچە دەرھال ئۇنىڭغا يېقىن كەلدى. بىر-بىرىدىن ئوماق، بۇ بالىلار ئاتىسىنىڭ سومكىسىدىكى نەرسىنىڭ تىلشۇناسلىققا ئائىت كونا كىتابلار بولۇپ چىقىشىنى ئەمەس، شۇ يىللاردا تولىمۇ قىسلىشىپ كەتكەن مېۋە، كەمپۈت ھېچ بولمىسا بېيجىڭنىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىدا ئاندا-ساندا يوشۇرۇن سېتىلىدىغان پىشۇرۇلغان خوڭشۇ بولۇپ قېلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. مۇشۇ مىنۇتلاردا ياش

ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىچى سىيرىلىپ، يۈرىكى سۇ بولۇپ كېتىۋاتاتتى. كۆپ ئوقۇلۇپ ئۇپىشـ
رىغان كىتابلار سومكىدىن بىر - بىرلەپ چىقىرىلىۋاتاتتى. تۆت پارچە، بەش پارچە،
ئالتە پارچە، يەتتە پارچە... ئاخىرى سومكا قۇرۇقدالدى. ئادەتتىكى چاغلاردا تەنتەك
لىكتىن جېنى تېنىگە سىغماي سەكرەپ يىقىلىپ چۈشكەندىمۇ مىت قىلىپ قويمايدىغان
2 - ئوغۇل ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى. تۇنجى ئوغۇل چوڭ كىشىلەردەك سالماقلىق
بىلەن ئاتىسىغا قارىدى. دېمىسىمۇ بۇ باللار ھەقلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ تەلىپى بەكمۇ
تۆۋەنىدى. بىچارىلەر بىر — بىرىگە ئۇلانغان - تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئاپەتلەر بىلەن
تەڭ چوڭ بولدى. ئۇلارغا «ھازىرقى كۈندە مەملىكىتىمىزدە ھەر بىر ئادەمنىڭ
ئوتتۇرىچە ئىستېمال ئاشلىقى 406 جىڭدىن 300 نەچچە جىڭغا چۈشۈپ قالدى. ئەۋلاد-
تىن ئەۋلاد يەر تېرىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان جۇڭگو دېھقانلىرى ئاچارچىلىقتىن
ئېتىز باشلىرىدىلا يىقىلىپ چۈشمەكتە. داچاگدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىدا كەمپۈتنىڭ
نامىنىمۇ ئاڭلىغىلى بولمايدۇ» دەپ نەزەرىيە سۆزلەپ قايىل قىلىش مۇمكىنمۇ؟

خەمىت تۆمۈر بىلەن نۇرنىسا ياشاڭغىرىغان كۆزلىرى بىلەن بىر - بىرىگە قاراشتى.
باللارنىڭ نالىسى ئاتا - ئانىسىنىڭ يۈرىكىنى ئەزمەكتە ئىدى، لېكىن ھېچ ئامال يوق.
بازاردا كەمپۈتمۇ يوق، قىممەتلىرىنى بولسا ئالىدىغانغا پۇل يوق. بۇ يالغۇز بىر ئائىـ
لىنىڭلا ئىشى ئەمەس، پۈتۈن جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ ئاپەتلىك ئېغىر كۈنلىرى ئىدى.
يېزىلاردىمۇ، شەھەرلەردىمۇ كىشىلەرنىڭ ئاشلىق، ماي نورمىسى يېتىشمەيتتى، غايىبتىن
بىرەر ياردەمگە ئېرىشىش ئېھتىمالى ناھايىتى ئاز، بېيجىڭ زىيالىيلىرى ھەر ئايلىق
ئاشلىق نورمىسىنى تۇجۇپىلەپ 30 ياكى 31 كۈنگە بۆلۈپ قوياتتى. ئەگەر بىرەر
سەۋەب بىلەن شۇ كۈننىڭ تېگىشلىك نورمىسى ئالدىن يېيىلىپ تۈگىسە، يا ئاتا - ئانا
بولغۇچى ئۆسۈۋاتقان باللىرىغىلا كەچلىك تاماق بېرىپ، ئۆزلىرى تاماق يېيىشنى مەق-
سەتلىك «ئۇنتۇپ قېلىشى»، يا باشقا بىر ئامال تېپىپ شۇ كۈننى ئۆتكۈزۈۋېتىشى كېرەك
ئىدى. شۇ يىللىرى خەمىت تۆمۈر مۇئەللىمنىڭ تۆت بالىسى ئىسسىق كەچلىك تامىقىنى
چۇرقىرىشىپ يېيىشىۋاتقانلاردا، ئاتا - ئانىسىنىڭ پات - پاتلا تاماق يېيىشنى ئۇنتۇپ
قالىدىغانلىقىغا ئانچە دىققەت قىلمىغان بولسا كېرەك. بۇ ياش ئاتا - ئانا شۇ يىللاردا
ۋۇجۇدىدا كىچىككىدە يېيىلگەن تونۇر نېنىنى ۋە زەمزەم كەبى تەڭرىتاغ سۇلىرىنىڭ
قۇۋۋىتى بولغىنى ئۈچۈنلا ئەل قاتارى تىك تۇرالدى. كىتاب كۆرۈشنى داۋاملاشتۇرالدى.
شۇ يىللارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كىشىلەر ئەگەر غەيرىي غەرەزدە كۆرەر كۆزىنى
يۇمۇۋالمىسىلا شۇ كۈنلەردىكى جەبرۇ - جاپالارنى ھەرگىز ئۇنتۇيالمايدۇ.

خەمىت تۆمۈر ئۇيغۇر تىلى ئۇستىدە ئىزدەنگەنسېرى نەۋائىنىڭ
تىل بايلىقى توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندى:
«مېنىڭ كۆز ئالدىمدا 18 مىڭ ئالەمدىنمۇ چەكسىز بىر ئالەم نامايان
بولدى. مەن ئۇ يەردە توققۇز پەلەكتىن ئېشىپ چۈشكەن بىر زىبۇ زىننەت
ئاسمىنىنى كۆردۈم، دۇرلىرى يۇلتۇزلاردىنمۇ جۇلالىق بىر يۈكسەكلىك
ۋە بۈيۈكلۈك خەزىنىسىنى ئۇچراتتىم. ئۇنىڭ يۇلتۇزلاردىنمۇ گۈزەل گۈللەر بىلەن
پۈركەنگەن گۈلشىنىگە يولۇقتۇم. ئۇنىڭ ھەرىمى ئەتراپىغا ئادەم ئايىغى يەتمىگەن،

غارايىباتلىرىغا ھېچكىمنىڭ قولى تەگمىگەنىدى.»

شۇ قېتىمقى يىللىرى ئوتتۇز ياشلار ئەتراپىدىكى ئىرادىلىك بۇ ئەزىمەت يىراقتىكى ئۆز ئائىلىسى ئۈچۈن پەرزەنتلىك بۇرچىنى ئادا قىلىۋاتقاندەك ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئانا تىل ئىشقىدا ئاتەش بولۇپ كۆيدى، پەرۋانە بولۇپ ئۆزىنى ئۇردى. ھەقىقىي تۇردە باش چۆكۈرۈپ ئىشلىدى. ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسىغا ئائىت كىتاب-دەرسلىكلەرنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقتى. بېيجىڭ كۇتۇپخانىسى، بېيجىڭ داشۆ كۇتۇپخانىسى، پايتەخت كۇتۇپخانىسى، مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيى كۇتۇپخانىسى، مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى كۇتۇپخانىسى قاتارلىق كۇتۇپخانىلارنىڭ كاتولىك بۆلۈملىرىدە سائەت-سائەتلەپ ئولتۇرۇپ ماتېرىيال ئىزدىدى. لۇ شۇشياڭنىڭ «گرامماتىكا ئۆگىنىش»، گاۋ مىڭكەينىڭ «ئومۇمىي تىلشۇناسلىق»، «گرامماتىكا نەزەرىيىسى»، سېن چىشياڭنىڭ «ئومۇمىي تىلشۇناسلىق»، بېيجىڭ داشۆ جۇڭگو تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى كوللېكتىپ تۈزگەن «تىلشۇناسلىق ئاساسلىرى»، گاۋ مىڭكەي، شى ئەنشى تۈزگەن «تىلشۇناسلىققا مۇقەددىمە»، مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تۈزگەن «تىلشۇناسلىق ئومۇمىي نەزەرىيىسى» قاتارلىق بىر يۈرۈش كەسپىي كىتابلارنى پىلانلىق ھالدا تەكرار ئوقۇپ چىقتى. خەنزۇ تىل-يېزىقىنى كېيىن ئۆگەنگەن بۇ تىل ھەۋەسكارى يۇقىرىقى كىتابلارنى دەسلەپكى مەزگىللەردە كۆرگەندە بىرىنچى باسقۇچتا ئۇچرىغان خام سۆزلەرنى «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت» تىن بىرمۇ بىر ئاختۇرۇپ تېپىپ چىقتى. ئىككىنچى باسقۇچتا يېڭى ئۇچرىغان كەسپىي ئاتالغۇلارنى تىزىملاپ، ئۇيغۇر تىلىدىكىلىرى بىلەن سېلىشتۇردى. ئۈچىنچى باسقۇچتا تەھلىل قىلىپ ئوقۇدى. ئادەتتىكى رومان قېلىنلىقىدىكى بىر پارچە كىتاب ئۈچۈن كېچە-كېچىلەپ ئولتۇرغان بولسىمۇ 3-4 ئاي، ھەتتا توپتوغرا يېرىم يىل ۋاقىت سەرپ قىلىندى. شۇ يوسۇندا بۇ كىتابلار يەنە قايتا ئوقۇلدى.

ئا.ن. باسكاكوۋ بىلەن م.ۋ. ناسىلوۋ بىرلىكتە تۈزۈپ 1939-يىلى موسكۋادا نەشر قىلدۇرغان ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى كىتاب، ئەمىر نەجىپ 1960-يىلى موسكۋادا نەشر قىلدۇرغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، سابىق قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى 1963-يىلى نەشر قىلدۇرغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» قاتارلىق كىتابلار خەمىت تۆمۈرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى گرامماتىكا تەتقىقات ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسەتتى.

ھەر خىل ئىجتىمائىي، تەبىئىي ئاپەتلەر بىلەن خاراكتېرلەنگەن بۇ قاتتىق يىللار تەگرىتاغ ئېتىكىدىن كەلگەن قاتتىق سۆڭەك بۇ ئۇيغۇر پەرزەنتىنىڭ ئىرادىسىنى بوشىتالمىدى. دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئاشۇ يىللاردا ئۇ ئادەتتىكى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشىدىن ئانا تىل تەتقىقاتىنىڭ بىپايان ئالىمىگە مەردانىلەرچە كىرىپ كەلدى.

## 11

لو چاڭپېي، ۋاڭ لى، سېن چېڭشياڭ، گاۋ مىڭكەي، جى شەنلىن، جۇ دېشى، خۇاڭ بورۇڭ، يې فىيشېڭ، شى ئەنشى قاتارلىق تالانت ئىگىلىرىنى ئۆزىگە توپلىغان بېيجىڭ داشۆسى جۇڭگو تىلشۇناسلىقىنىڭ نوپۇزلۇق بازىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى. بۇ مەكتەپ بىلەن مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ ئارىلىقى تۆت بېكەت كېلىدۇ. خەمىت تۆمۈر تىلشۇناسلارنىڭ بېيجىڭ داشۆسىدە ياكى مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىگە كېلىپ ئوقۇغان لېكسىيىلىرىنى قويماي ئاڭلاش ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش جەريانىدا چۈشەنمىگەن مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش نىيىتىدە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىلەن تونۇشۇپمۇ قالغانىدى.

يەنجىڭ داشۆسىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، فرانسىيە پارىژ داشۆسىدە ئوقۇپ، 1940 - يىلى تىلشۇناسلىق بويىچە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن گاۋ مىڭكەي ئەپەندى ئۆزىدىن 20 ياش كىچىك، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ تىل تەتقىقات ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن بۇ ئۇيغۇر زىيالىينىڭ سوئاللىرىغا ئىنتايىن قىزغىن جاۋاب بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن سەمىمىي مۇئامىلە قىلاتتى. خەنزۇ تىلىدىكى سۆزلەرنى سۆز تۈركۈمىگە ئايرىش مەسىلىسىدىن فرانسىيە تىلشۇناسلىقىغىچە، قەدىمكى ھىندىستانلىقلارنىڭ تىل-يېزىق جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ف. د. سوسسورنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «ئومۇمىي تىلشۇناسلىق دەرسلىكى» گىچە قايسى ساھەدىن سۆز ئېچىلسا، شۇ ساھەدىن كىشىنى قايىل قىلارلىق سۆزلەپ بېرەتتى. خەمىت تۆمۈر بۇ ئاتاقلىق تىلشۇناستىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە مۇۋەپپەق بولدى.


يىللار بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ ئۆتتۈۋەردى. تىلشۇناسلىق سىرلىق ئالەمگە كىرىپ قالغان خەمىت تۆمۈر تەر ئاققۇزۇش بەدىلىگە ئەمدىلا يېڭى بىر پەللىگە چىققاندا، كۆز ئالدىدا يەنە بىر پەللە پەيدا بولاتتى - دە، ئۇنىڭغا قاراپ يۈرۈش قىلاتتى، ئۇ بۇ پەللىگىمۇ چىقاتتى، لېكىن ئالدى تەرەپتە بېشى كۆككە تاقاشقان مەزمۇت چوققا توسۇپ تۇرغان بولاتتى. بىر - بىرىدىن ئېگىز ھەيۋەت چوققىلار بۇلۇتلارنى پەستە قالدۇرۇپ، قىلدىن تۇمانغا ئورىنىپ غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يۈرۈش ئاستا ئەمما ھېچبىر توختىماي داۋام ئېتەتتى.

بېيجىڭ مەملىكىتىمىزدىكى قەدىمىي مەدەنىيەت شەھەرلىرىنىڭ بىرى بولسىمۇ، ئەڭ ئاۋال بىر سىياسىي مەركەز بولۇپ كەلدى. 1954 - يىلى خەمىت تۆمۈر بۇ يەرگە يۆتكىلىپ كەلگەندە پايتەختتىكى ئالىي مەكتەپنىڭ ئەۋزەل ئۆگىنىش مۇھىتىنىلا كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەنىدى. كېيىنكى رېئاللىق ئۇنىڭ ساددا خىيالىنى بەربات قىلدى.

نوپۇسىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن پۈتۈن دۇنيانى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان جۇڭگودا 1966 - يىلى «16 - ماي» ئۇقتۇرۇشى بىلەن مۇقەددىمىلەنگەن مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ھەر بىر جۇڭگو پۇقراسىغا — ئۇنىڭ تەقدىر - ئىستىقبالىغا، ھايات پائالىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىشكە ئۈلگۈرۈپ يەتتى. جەمئىيەتنىڭ تېرمومېترى دېيىلىپ كەلگەن ئالىي

مەكتەپلەر باشتىن - ئاياغ يەر تەۋرەشنىڭ ئېغىر ئاپەت رايونى بولۇپ كەلدى. خەمىت تۆمۈر دۆلىتىمىزنىڭ ئۆزى تەربىيىلىگەن تۇنجى ئەۋلاد ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىدىن بولۇپ، 1953 - يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن، 1957 - يىلدىن بېرى بېيجىڭ شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولۇپ كەلگەن، ئۆز خىزمىتىنى قېتىرقىنىپ ئىشلەپ ئالاھىدە نەتىجە كۆرسەتكەن بولسىمۇ، مەدەنىيەتكە قارشى بۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن ھەرىكەت باشلىنىپ - باشلانمايلا ئۇنىڭغا ھەيۋىسىنى كۆرسەتتى. دەرس ئۆتۈشتىن توختىتىلىپ، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەرگە سېلىندى. تازىلىق ئىشچىلىرىنىڭ ئورنىدا بىنا تازىلاشقا قويۇلدى. كېچىسى كۈندۈزگە ئۇلاپ كىتاب كۆرگەنلىكى، ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتىدا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلىگەنلىكى كەچۈرگۈسىز گۇناھ ھېسابلاندى.

«ئاق مۇتەخەسسىسلىشىش» يولىغا ماڭغۇچى، «بۇرژۇئا ئىلىم نوپۇزلۇقى»، «سېسىق توققۇزىنچى»، «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار» دېگەندەك قالپاقلارنىڭ كىيگۈزۈلۈشى خۇددى زىيالىيلارنىڭ كۆزەينەك تاقىشىغا ئوخشاش ھېچقانچە ئەجەبلىنەرلىك بولمىغان ئىشقا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا بۇ خىل قالپاقلارنى كىيگەن مەملىكىتىمىز ۋە چەت ئەللەرگە داڭلىق فېي شياۋ تۇڭ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور بىر تۈركۈم كىشىلەر بار ئىدى. خەمىت تۆمۈر ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى ئەڭ ياشلىرىنىڭ بىرى ئىدى.



بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن يەڭ بەلگىسى تاقىغان تۆت - بەش «قىزىل قوغدىغۇچى» ئوقۇتۇش رايونىدىكى 1 - بىنانى تازىلاۋاتقان خەمىت تۆمۈرنى فاكۇلتېت ئىشخانىسىغا ئېلىپ باردى. ئىشخانىدا بىر نەچچەيلەن گىدىيىپ ئولتۇرۇشاتتى. سوئال - سوراق يەنە باشلاندى.

— ئىنقىلابىي يولداشلارنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە، 1959 -، 1960 - يىللىرى بېيجىڭ ۋە ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان تىل ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سەن پارتىيىنىڭ مىللىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىياسىتىگە قارشى سەپسەتە تارقىتىپسەن، بۇ راستمۇ؟

— خەنزۇ ئورتاق ئەدەبىي تىلىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش ZH، CH، SH ۋە قوش يۇنمۇلارنى ئۇيغۇر تىلىغا قوبۇل قىلىش ئۇيغۇر تىلىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، ۋەھاكازا دەپسەن. بۇ راستمۇ؟

— قانداقتۇر قانۇنىيەت، فونېما دېگەنلەرنى دەستەك قىلىپ خەنزۇ تىلى ئامىللىرىنى چەتكە قېقىپسەن، بۇنىڭ تۈپ پرىنسىپ مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟

— يەنە...

خەمىت تۆمۈر چىشىنى چىشلەپ جىم تۇراتتى. بۇ قارشىلىقنىڭ ئالاھىدە بىر خىل شەكلى ئىدى. تىنىماي سوئال سوراۋاتقان بۇ تەنتەك سىياسەتۋازلار فونېما، بوغۇم تۈزۈلۈش قائىدىسى، تىل سىستېمىسى، تىلشۇناسلىق دېگەنلەردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز بولغاچقا، ئۇلارغا يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەمىت تۆمۈر «جاھىل» ئىدى. ئۇ بۇ ھەقتىكى نەچچە قېتىملىق زور ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئۇيغۇر تىلىدىكى فونېما ۋە بوغۇم تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى بويىچە ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا قايتا-قايتا شەرھىلىگەنىدى. ھېلىھەم ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىدا چىڭ تۇرۇۋاتاتتى؛ چۈنكى بۇ مۇقەددەس ئانا تىلنىڭ ئوبيېكتىپ ئىچكى قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش-قىلماسلىقتەك تۈپ پرىنسىپ مەسىلىسى ئىدى. شۇ چاغدىكى شارائىتتا بۇ پرىنسىپ مەسىلىسىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇۋەرسە، بۇ مۇئەللىمنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدىغانلىقى ھەممەيلەنگە مەلۇم. لېكىن ئۆزىنىڭ ھاياتىنى، بارلىقىنى ئانا تىلغا بېغىشلىغان بۇ قەيسەر ئەزىمەت ئۆز پىكرىدىن، ئىرادىسىدىن يانمىدى. ھېچنېمىگە پەسەنت قىلمىدى. نەتىجىدە ئەتىسى ئۇنىڭ ئەسلىدە بار بولغان قالپاقلىرىغا «يەرلىك مىللەتچى» دېگەن يېڭى بىر قالپاق قوشۇلدى.

«تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن» مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئۇلغايغانسېرى ياش تەتقىقاتچىنىڭ ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك ۋاقىتلىرى مەسىلە تاپشۇرۇش، ئۆزىنى تەكشۈرۈش، ئىپادە بىلدۈرۈش، تەنقىد-كۈرەش قىلىنىش بىلەن ئىسراپ بولدى. پۈتكۈل جۇڭگو زىيالىيلار قوشۇنى بۇرۇختۇملۇقتا ھالسىزلىنىپ قالدى. ئۆز كەسپلىرىدىن ئايرىلىپ، چىدىغۇسىز خورلۇق تارتتى. بۇلبۇلنى گۈلشەندە سايراشتىن، جەڭچىنى جەڭگاھتا قورالدىن، زىيالىينى ھاياتلىقتا كىتاب ئوقۇشتىن ئايرىمىسۇن!

ئەگەردە ئىدىقۇت تېغى ئېتىكىدىكى ئاپئاق سۈت بېرىپ، ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتىپ چوڭ قىلغان ئانىنىڭ مېھرى، شۇ ئانا بىلەن تەقدىرداش بولغان مىليونلىغان كىشىلىرىمىزنىڭ قەلب ئىنزارى، غۇرۇرى بولغان ئاناتىلنىڭ ئۇلۇغ ئىشقى ياش خەمىت تۆمۈرنىڭ پەرزەنتلىك قەلبىگە مەھكەم ئورناشمىغان بولسا، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدەك جاپا-مۇشەققەتلىك مەزگىلدە خېيىم-خەتەرگە قارىماي داۋانلار ئاشىدىغان ئۇزاق مۇددەتلىك ئىلمىنىڭ ئۇزۇن سەپىرىنى توختاتماي ئىزچىل داۋاملاشتۇرغىلى بولاتتىمۇ؟

## 12

دەرس مۇنبىرىدىن ئايرىلىپ، ئاشكارا تىل تەتقىق قىلىش ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم قىلىنىپ، تەنقىد ۋە كۈرەش قىلىنىش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋاتقان خەمىت تۆمۈر يۇقىرىنىڭ ئائىلىسىنى ئېلىپ، خوبېي ئۆلكىسىدىكى بىر دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئەمگەك قىلىشقا بېرىش ھەققىدىكى قارارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆڭلىدە بىر خىل قاراڭغۇلۇق ھېس قىلدى. نائىلاج 1969 - يىلى ٤ - ئايدا ئۇ ئائىلىسىنى ئېلىپ، ۋۇخەن شەھىرىگە يېقىن بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىغا كەلگەندە كۈندىلىك يېمەك - ئىچمەككە ۋە چاڭچىياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىغا خاس ھاۋا كېلىماتىغا تۆزەلمىگەننى ئاز دەپ، باش تىققۇدەك بىر ئېغىز ئۆيگىمۇ ئېرىشەلمىدى. ھەر قانداق ئامالنىڭ تېپىلىشى شارائىتقا قاراپ بولىدۇ. خەمىت تۆمۈر ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ 50 نەچچە كىشىلىك كوللېكتىپ ياتاقتا ياتسا، ئايالى نۇرنىسا ئىككى قىزىنى باشلاپ ئاياللار چوڭ ياتىقىدا يېتىپ قوپتى. ئۆينىڭ زۆرۈر لازىملىق نەرسىلىرىمۇ ئىككىگە بۆلۈندى. بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدا بەلگىلەنگەن تۈزۈم بويىچە ئەتىگەندە ئىككى سائەت سىياسىي ئۆگىنىش قىلغاندىن كېيىن ھەممە ئادەم ئېتىزلىققا قاراپ ماڭاتتى. چۈشلۈكىمۇ، كەچلىكىمۇ دانىسى كىچىك، سارغۇچ، ئوبدان ئادالانمىغان گۈرۈچ تامىقىنى بەزىدە خام سەي بىلەن، بەزىدە گۆشسىز ئاددىي سەي بىلەن يەيتتى. كوللېكتىپ ئاشخانىنىڭ تەمسىز، يىرىك تامىقىغا كۆنەلمەي باللار بەزىدە يىغلاپ سالاتتى. چوڭلارمۇ پىنھان جايلاردا زارلىناتتى. ئامال قانچە؟!

ناچار شارائىتتىكى تامچىلىق، شال تېرىش، قۇدۇق قېزىش قاتارلىق ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك خەمىت تۆمۈرنى بىر ئازمۇ قورقىتالمىدى. ئۇ ھەر قانداق ئېغىر ئەمگەكتىن بىر ئېغىزمۇ ۋايسىمىدى. ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىنكى ئازغىنە ۋاقىتلاردا يوشۇرۇنچە كىتاب ئوقۇدى. تىلشۇناسلىق ئومۇمىي نەزەرىيىسى بىلەن ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىغا ئائىت كىتابلارنى يېنىدىن ئايرىمىدى. ئۇ يەنە ئۇزاقتىن بۇيان تەرجىمىنى مۇھىم بىر تىل پائالىيىتى دەپ قاراپ كەلگەنلىكتىن، ھەر تۈرلۈك ژانىرلاردىكى ئەسەرلەرنى، بولۇپمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشنى يەنە بىر كەسىپ قىلىپ كەلگەنىدى. 1956 -، 1957 - يىللىرى شاڭخەي تەرجىمە كىنو ستۇدىيىسىگە بېرىپ «دۇڭ سۈنرۇي»، «ئانا»، «سۇ يۈرتىنىڭ باھارى»، «دەھشەتلىك بوراندىكى باتۇر قۇش»، «جەنۇبىي ئارالدىكى بوران - چاپقۇن»، «يايلاق بۈركۈتى» قاتارلىق كىنو سىنارىيىلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان ۋە ئۆزى تەرجىمە رېژىسسورى بولغانىدى. شۇندىن كېيىن ھازىرقى زامان مەشھۇر خەنزۇ يازغۇچىلىرىدىن ماۋ دۇن، جاۋ شۇلى، لۇ ۋېنخۇا قاتارلىقلارنىڭ «سۇڭ

لاۋدانىڭ شەھەرگە كىرىشى» (1956 - يىل)، «تار كوچىدا» (1957 - يىل)، «ئا تەرەپنىڭ ۋەكىلى» (1957 - يىل)، «ياڭاقنىڭ سىرى» (1958 - يىل)، «ئەدەبىيات - سەنئەت شاگىرتى» (1959 - يىل)، «ئوغۇل يىغىنغا قاتناشتى» (1959 - يىل)، «دورما» (1963 - يىل)، «قانغان ئارزۇ» (1963 - يىل) قاتارلىق ھېكايىلارنى تەرجىمە قىلىپ «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغانىدى.

تەرجىمە بىلەن شۇغۇللانغاندا، ھەم ئۆزىنىڭ خەنزۇچە سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق ئىدى، ھەم سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئىلمىدىن ئايرىلىپ قالمايتتى، تېخىمۇ مۇھىمى، شۇ شارائىتتا نىسبەتەن ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئاناتىل تەتقىقاتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىغان بۇ جەسۇر ئالىم روھىي يۆلەنچۈكتىن ئايرىلمايتتى.

خۇبېي ئۆلكىسىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىدا تۇرغان چاغلىرىدا زور خېيىم-خەتەرگە قارىماي، شۇ چاغلاردا تەنقىد قىلىنىۋاتقان داڭدار يازغۇچى باجىننىڭ مەشھۇر ئەسىرى «ئائىلە» نى تەرجىمە قىلىپ تۈگەتتى. (مەزكۇر رومان 1978 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇيغۇرچە نەشر قىلىندى)

1971 - يىلى كۈزدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە «ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ۋگىنىش كۇرسى» دېگەن نامدا تەرجىمانلار يېتىلدۈرۈش كۇرسى ئېچىلدى. خەمىت تۆمۈر ئىشلەۋاتقىنىغا بىر يېرىم يىلدىن كۆپرەك بولغان دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ئايرىلىپ، ئائىلىسىنى ئۇ يەردە قالدۇرۇپ، دەرس سۆزلەش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى. 69 - قېتىملىق ئالاھىدە تېز پويىز سانسىزلىغان يېزا - قىشلاق، شەھەر - بازارلارنى كەينىدە قالدۇرۇپ، بىر خىل تېزلىكتە غەربكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇرغان خەمىت تۆمۈر چەكسىز ۋە چوڭقۇر خىيال ھەم سوئال دېڭىزىغا غەرق بولغانىدى. ئۆتكەن كۈنلەرنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزەتتى. ئۆز- ئۆزىدىن «ھەش - پەش دېگۈچە يېشىم قىرىققا ئۇلىشىپ قالدى. مەن خەلقىمگە قانچىلىك ئىش قىلىپ بەردىم؟ بۇندىن كېيىن يەنە نېمە ئىشلارنى قىلىشىم كېرەك؟» دەپ سوئال سورايتتى.

مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى خەمىت تۆمۈر «ماۋ جۇشى شېئىرلىرى» نى تەرجىمە ۋە تەھرىرلەش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، ئاۋۋال بېيجىڭدا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەلەم كۆرنىشى ئەۋجىگە چىققان ئۈرۈمچىدە ئىشلىدى. ئائىلىسى دېھقانچىلىق مەيدانىدىن بېيجىڭغا قايتتى.

13

1976 - يىلى ئۆكتەبىر. جۇڭگو ئېلى شاد - خوراملىققا چۆمدى. ھەق - ناھەق ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن، مەرىپەت مىسلىسىز خارلانغان قارا كۈنلەرگە خاتىمە بېرىلىپ، ھەممە ساھەلەر بويىچە ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلىشنىڭ ياڭراق سىگنالى چېلىندى. مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس ئۆتۈپ كېلىۋاتقان خەمىت تۆمۈر ئىلىم پەننىڭ گۈزەل باھار پەسلى يېتىپ كەلگەنلىكىدىن چىن دىلىدىن خۇرسەن بولدى.

ئۆزى ئىشتىياق باغلىغان ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەن ئوچۇق - ئاشكارا، دەخلىسىز شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەنلىكىدىن چەكسىز مەمنۇن بولدى. ھەقىقىي بىر زىيالىي ئۈچۈن ئەركىن كىتاب ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىش جەننەتكە كىرگەنلىك بىلەن باراۋەردۇر.

ياشلىق باھارى بىلەن ئاللىبۇرۇن خوشلاشقان، يېشى قىرىقتىن ھالقىغان، ئوغۇللىرى ئۆزى بىلەن بويداشقان، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئىلىم تەشنالىقىدا قانماي، چاڭقاپ كېلىۋاتقان بۇ ئۇيغۇر پەرزەنتى ئەمەللىكتە ئاجايىپ زور قىزغىنلىق، كىشىنى ئاڭ قالدۇرىدىغان چىدام - غەيرەت بىلەن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئانا تىل ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتى. 1958 - يىلدىن باشلاپ توپلاپ، ساقلاپ كەلگەن زور مىقداردىكى ماتېرىياللارنى رەتلەپ، پىششىقلاپ ئىشلەپ، دەسلەپكى قەدەمدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى (دەرسلىك) نى تۈزۈپ چىقتى. سىنىپتا ئوقۇغۇچىلارغا سائەت - سائەتلەپ دەرس ئۆتسە، ئۆيدە تۈن نىسپىگىچە ماتېرىيال كۆردى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا، گرامماتىكا قاتارلىق تەركىبلىرىنى نەچچە قېتىم قولدىن ئۆتكۈزدى. يەنە بۇ ئىچكىرىلىگەن ھالدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەخمىنەن 600 يىللىق تارىخىنى ئىگىلىگەن «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» دەرسىنى تەبىش قىلىش مەقسىتىدە، مۇشۇ تىلغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر بىلەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئۆگەندى. دەرسلىك قوللانما ۋە سۆزلۈك ئىشلەشكە تەييارلىق قىلدى. كۆك تۈرك خانلىقى (552 - 744)، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى (744 — 840) دەۋرلىرىگە تەئەللۇق مەڭگۈ تاشلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، بولۇپمۇ بۇ تىلنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى بولغان خاقانىيە تىلى ھەققىدىكى مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە چەت ئەللەردىكى ماتېرىياللارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە توپلاپ، ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەممە باسقۇچلىرىغا ئائىت بىلىمىنى تولۇقلىدى.

ئانا تىلىمىز مول ۋە خىلمۇ خىل گرامماتىكىلىق ھادىسىلەرگە باي بولۇپلا قالماي، ئۇزۇن ۋە مۇرەككەپ تارىخىي جەرياننى باشتىن كەچۈرگەن، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان، بىر مۇنچە تىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان قەدىمىي بىر تىل بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىكى ھەر قانداق بىر ھادىسىنى ئىلمىي تەسۋىرلەش چوقۇم ئۇنىۋېرسال، ئىنچىكە، سىستېمىلىق تەھلىل يۈرگۈزۈشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئانا تىلىمىزنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىغا خاس سىستېمىلىق، يۈرۈشلەشكەن دەرسلىكلەرنى تۈنجى قېتىم تۈزۈپ چىقىشتا ياكى بۇ خىزمەتكە بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلىشتا تۈركىي تىللار كافېدراسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەۋاتقان خەمىت تۆمۈرنىڭ قانچىلىك ئىلمىي ئەمگەك سەرپ قىلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس. ئەقلىي ئەمگەكنىڭ مىقدارى ۋە قىممىتىنى پەقەت ئەقىل بىلەنلا ئۆلچەش مۇمكىن. تەكرارلاش ئېيتىمىزكى، كەلگەن بۇ قاتتىق سۆكەك ئوغلان ئۆزىنىڭ تىلشۇناسلىق ھەققىدىكى بىلىمىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش نىيىتىدە كۈندىلىك خىزمىتىنى ئورۇندىغاندىن سىرت، ھەر كېچىسى پەقەت تۆت سائەتلا ئۇخلىدى. بەزىدە ئۇزۇن ۋاقىت ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېرىپ پۇتى

ئىششىپ كېتىپ ماڭالمايمۇ قالدى.

خەمىت تۆمۈر ھازىرقى زامان دۇنيا تىلشۇناسلىقىدىكى ھەر قايسى ئېقىملارنىڭ تۈپ نەزەرىيىسى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىم زۆرۈر دەپ قارايتتى. ئەمما، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئاسانغا توختىمايتتى. 1950 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، بولۇپمۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابى قوزغالغاندىن باشلاپ دۇنيا تىلشۇناسلىقىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىش، غەرب ئەللىرىنىڭ تىلشۇناسلىق ھەققىدىكى ئۇچۇرلىرىغا ئېرىشىش گۇناھ ھېسابلىناتتى. ئۇ شارائىتتا، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، دانىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىدىن تەپسىلىيرەك مەلۇماتقا ئىگە بولۇش؛ ئا. مېللېت، ۋ. تومسېن، ك. ۋېرنېر، ئو. يېسپېرسېن، ي. ۋىندىرسىن، ز. خاررىس قاتارلىق ئالىملارنىڭ تەلىماتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئەسلا مۇمكىن بولماي، جۇڭگو تىلشۇناسلىقى بېكىنمە ھالەتتە تۇرۇۋاتقانىدى.

خەمىت تۆمۈر 1976 - يىلدىن كېيىنكى ئۈچ - تۆت يىل ئىچىدە كىشىلەر قارت، شاھمات، تانسا، مەشرەپ - ئولتۇرۇش قاتارلىق ئويۇن - تاماشا بىلەن بولۇۋاتقان ۋاقىتلاردا تىلشۇناسلىقتىن ئىبارەت بۇ ئابستراكت ئىلىم بىلەن ئۇزاق مەزگىل، زېرىكمەي مەشغۇل بولالايدىغان ئالاھىدە غەيرەت - جاسارىتىگە تايىنىپ، ئۈستەل چىرىغىنىڭ يورۇقىدا سائەت - سائەتلەپ كىتاب كۆرۈش بەدىلىگە دۇنيا تىلشۇناسلىق ئىلمى بىلەن ئوبدان تونۇشۇپ، ئۆزىنىڭ نەزەرىيە بىلىمىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ باردى.

1979 - يىل مارت كۈنلىرىنىڭ بىرى. خەمىت تۆمۈرنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا مۇئاۋىن مۇدىرلىققا ئۆستۈرۈلگەنلىكى ئېلان قىلىنىپ بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندە، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىدىن جىددىي بىر خەت تاپشۇرۇۋالدى. خەتتە ئاتىسىنىڭ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلىقى، شۇڭا تېزرەك كېلىشى تەلەپ قىلىنغانىدى. 17 - بىنادىن مەكتەپ ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا بارىدىغان ھېلىقى تونۇش يول. پىيادىلەر ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ۋېلىسىپىت قوڭغۇراقلىرى جىرىڭلايتتى. ئىشخانىدا خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىنلا ھېچقانداق ئىشقا قولى بارماي خىيال سۈرۈپ ئۆيىگە قايتىۋاتقان خەمىت تۆمۈرنىڭ ئوي - پىكرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا دىيارىدا شەرققە - بېيجىڭغا تولا قاراپ كۆز ياشلىرى قۇرۇپ كەتكەن ئەڭ - ئەڭ مېھرىبان ئاتا - ئانىسىدا ئىدى.

پايتەختتە ئىشلەيدىغان تەڭرىتاغ پەرزەنتلىرى شىنجاڭ ۋە كېلىچەك ئۈچۈن قىممەتلىك بەدەللەرنى بېرىپ، سان - ساناقسىز قىيىنچىلىقلارنى مەنسىتمىسىمۇ، ئاتا - ئانىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى ئاغرىق - كېسەل بولۇپ قالغانلاردا ھەقىقەتەن غېرىب - بىچارىلىك، يالغۇزلۇق ھېس قىلىدۇ. ئۈنسىز يىغلايدۇ، ھەتتا يۇرتتىن ئايرىلىپ يىراقتا ئىشلەپ قالغىنىغا پۇشايمانمۇ قىلىدۇ. 1954 - يىلى بۇ يەرگە كەلگەن، ھەش - پەش دېگۈچە ئوتتۇرا ياشلىق كىشىگە ئايلانغان خەمىت تۆمۈر ئاتا-ئانا مېھرىگە قانماي، ئاتا-ئانا ۋەسلىگە تەلمۈرۈپ، پەرزەنتلىك بابىدا ئۆزىنى قەرزدار ھېسابلاپ شۇنچە ئۇزاق يىللارنى ئۆتكۈزدى. قانچە - قانچە قېتىم ئۆيىگە قايتىپ ئاتىسىغا ئىسسىق بىر پىيالە چاي قۇيۇپ بېرىۋاتقان بولۇپ چۈش كۆرگەنلىرىدە ئۆزىدە بىر

خىل خۇشاللىق سەزدى.

تۈن كېچە، خەمىت تۆمۈرنىڭ ئۆيىدىكى قەدىناس ئۇستەل چىرىغى يەنىلا يېنىپ تۇراتتى. بارلىقىنى — ئالتۇندەك چاغلىرى، ھۇزۇر - ھالاۋىتى، مېھرى - مۇھەببىتىنى ئانىسىغا ۋە ئانا تىلىغا بېغىشلىغان بۇ ساداقەتمەن ئوغلانىنىڭ چوغلۇق قەلبى تېخىمۇ يالقۇنجاپ تۇراتتى. ئۇ ئىككىنچى كۈنى 69 - قېتىملىق تېز پويىزنىڭ قاتتىق ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىقتى، ئۇ مۇشۇ ئۈچ كېچە، تۆت كۈندۈزلۈك پويىز سەپىرى ئۈستىدىمۇ ئومۇمىي تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسى بىلەن ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىغا ئائىت ماتېرىياللارنى ئېلىشتۇرۇپ ئولتۇرغان.

ئانا دىياردىكى قەدىرلىك ئاتا، دائىم يېنىڭىزدا بولالمايۋاتقان سادىق ئوغلىڭىزنىڭ سىز ئۈچۈن پەرۋانە بولۇۋاتقان قەلبىنى چۈشىنىڭ. ئۇنىڭ ئانا تىل ئۈچۈن داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئەگرى - توقاي، خېيىم - خەتەرلىك ئۇزۇن سەپىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە يارىتقۇچىلىق ئۇلۇغلۇقىڭىز بىلەن دۇئا بېرىڭ. ھالال ئەمگىكى، چۈشەر ھۈنىرى بىلەن ياشىغان تۆمۈر ئۇستام ئوغلىغا رازىلىق بەردى.

ئۇزۇن ئۆتمەي خەمىت تۆمۈرنىڭ ئانىسى ئامىنىخان ئانىمۇ دۇنيادىن ئۆتتى.

# 14

بېيجىڭنىڭ توختىماي چىقىپ تۇرىدىغان ئىزغىرىن شامىلى مەكتەپ قورۇسىدىكى يوپۇرماقلىرى سارغايغان مەجنۇنتاللارنى رىتىملىق سىلكىيتتى. ئەتراپتىكى چىراغلار ئاللىقاچان ئۆچكەن بولۇپ، 17 - بىنانىڭ 1 - قەۋىتىگە جايلاشقان ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات كافېدراسى ئىشخانىسىنىڭ دېرىزىسىدىن بالقىپ چىققان يورۇق ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. يەنە بىر كۈندىن كېيىن تراگېدىيىلىك ۋەقەلەر بىلەن تولغان 70 - يىللار ئاخىرلىشىپ ئىشەنچ - ئۈمىد، ئارزۇ - تىلەكلەر مۇجەسسەملەنگەن 80-يىللارنىڭ تۇنجى يىلى قۇچاق ئاچىدۇ. ئۆزىنىڭ يەكشەنبىسى، ھېيت - بايرىمى، دەم ئېلىشى قاتارلىقلارنى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات خىزمىتىگە بويسۇندۇرۇشقا ئادەتلەنگەن خەمىت تۆمۈر مۇشۇ مەزگىللەردە ياش ئوقۇتقۇچى تۇرسۇن ئايۇپ بىلەن بىرگە ئەدىب ئەھمەت يۈكنەكىنىڭ 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەنى قاراخانىلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە يېزىلغان مەشھۇر دېداكتىك داستانى «ئەتەبەتۇلھەقايىق (ھەقىقەت ئىشىكى)» نى نەشىرگە تەييارلاپ بولۇپ، تېكىست بىلەن قول يازمىنى 4 - قېتىم سېلىشتۇرماقتا ئىدى.

بىرەيلەن ئاستا ئوقۇيتتى، بەزىدە تەكرارلايتتى، يەنە بىرەيلەن نەچچە نۇسخىنى ئۆزئارا سېلىشتۇراتتى. كىتابتىكى ھەر بىر كۇپلېت، ھەر بىر مىسرا، ھەر بىر سۆز قول يازما نۇسخىسىدىكى بىلەن بىرمۇ بىر سېلىشتۇرۇلۇپ، ئۇچرىغان مەسىلىلەر خاقانىيە تىلىنىڭ ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ قانۇنىيەتلىرى بويىچە بىر ياقلىق قىلىناتتى.

تۈركىيە ئالىمى رېشىت رەھمەتى ئارات 1951 - يىلى تەييارلىغان نۇسخىغا ئوخ-
شىمايدىغان تەرەپلەرگە چۈشەنچە بېرەتتى.

20 نەچچە يىلدىن بۇيان، باشتىن - ئاخىر خەمىت تۆمۈر بىلەن بىرگە ئىشلەپ
كېلىۋاتقان، بۈگۈنكى كۈندە مەكتەپنىڭ ئۇيغۇر تىلى بويىچە غوللۇق ئوقۇتقۇچىسى،
فاكۇلتېتنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەۋاتقان دوتسېنت تۇرسۇن ئايۇپ مۇنداق
دەيدۇ: «خەمىت تۆمۈرنىڭ ئانا تىلنى ئانىدەك ئۇلۇغلاش ئىدىيىسى، ئانا تىل ئوقۇ-
تۇش ۋە تەتقىقات خىزمىتىدە ئۇزاق مۇددەت، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا باش چۆكۈ-
رۈپ ئەمەلىي ئىشلەش روھى، ھەممىدە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئاتالمىش
«ئىلىم نوپۇزى» ۋە ئىلىم خۇراپاتلىقىغا ئىشەنمەسلىكتەك ئىلمىي پوزىتسىيىسى، كە-
سىپداشلارغا، جۈملىدىن ياشلارغا ئىشىنىش، ئۇلارغا سەممىي كۆيۈنۈش بىلەن بىرگە
قاتتىق تەلەپ قويۇش، ئوقۇغۇچى - شاگىرتلىرىنى ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشكە رىغبەت-
لەندۈرۈشتەك ھەقىقىي ئىلىم ئەھلىگە خاس ئېسىل پەزىلىتى بىزنىڭ مەڭگۈ ئۆگىنى-
شىمىزگە ئەرزىيدۇ.»

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى پۈتكۈل تىل تارىخىمىزنىڭ ئۇزاق سەھىپىسىنى ئىگىلەيدى-
غان بولسىمۇ، مەملىكىتىمىزدە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات چوڭقۇرلىشالماي كەلگەنىدى.
1978 - يىلى فاكۇلتېتنىڭ مۇئاۋىن بولۇپ ئىشلەۋاتقان خەمىت تۆمۈر تولۇق كۇرس
ئوقۇغۇچىلىرىغا مەزكۇر دەرسنى تەسىس قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە بۇ يېڭى
دەرسنى ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئۆزى ئۈستىگە ئالدى. كېيىن ياش ئوقۇتقۇچى ئابدۇ-
رۇپ پولات بىلەن بىرگە ئون يىلدەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، بۇ تىلغا ئائىت بىر
يۈرۈش ئەسەرلەرگە ئىشلىدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا
بېغىشلانغان تۇنجى ئەسەر «چاغاتاي تىلى» نى تۈزۈپ چىقتى. 220 مىڭ خەتلىك
بۇ ئەسەر نەشردىن چىققاندىن كېيىن ئىلىم ساھەسىنىڭ زور دىققەت - ئېتىبارىنى
قوزغىدى. ئۇلار يەنە ئەلىشىر نەۋائىنىڭ تىلشۇناسلىق ھەققىدىكى ئەسىرى «مۇھاكىمە-
تۇل لۇغەتەيىن» (ئىككى تىل مۇھاكىمىسى) نى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپى-
دىن نەشر قىلدۇردى.

شۇ يىللىرى خەمىت تۆمۈر ئالاھىدە جىددىي ئىشلىدى. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر
ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىكى تەتقىقاتچى ئەنۋەر بايتۇر بىلەن
بىرلىكتە موللا ئىسمەتۇللا بىننى مۆللا نېمەتۇللا مۆجىزى تەرىپىدىن مىلادى 1854-
1855 - يىللىرى يېزىلغان «تەۋارىخىي مۇسىقىييۇن» (مۇزىكانتلار تارىخى) دېگەن ئەسەر-
نى قول يازما نۇسخىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلىدى. بۇ كىتاب 1982 - يىلى 6-
ئايدا بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. مەركىزىي مىللەتلەر
شۆيۈەنىنىڭ پروفېسسورى خۇ جېنخۇا بىلەن ھەمكارلىشىپ «شىنجاڭ ئىلى ئۇيغۇر خەلق
ناخشىلىرى» تېكىستىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدى، بۇ كىتاب بېيجىڭ مۇزىكا
نەشرىياتىدا نەشر قىلىندى. ئەنگلىيىنىڭ 18 - ئەسىردىكى داڭلىق يازغۇچىسى دانى-
ئېل دېفونىڭ داڭلىق ئەسىرى «روبىنزون كرۇزو» نى تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇر كىتاب-

تابىخانىلارغا تەقدىم قىلدى.

تىلشۇناسلىق ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ زېرىكىشلىك پەنلەرنىڭ بىرى. كىشىلەر ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تىلسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، تىل تەتقىقاتىنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئەھمىيىتىنى بىلىشى، تىل - يېزىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنى چۈشىنىشى ناتايىن. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر خەمىت تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى بۇ ساھەدە يىللاپ - يىللاپ ئىشلەپ، قەدەممۇ قەدەم تاكامۇللىشىپ باردى. ئۇلار ئىشلەۋاتقان ئورۇن 1951 - يىلىدىكى بىر قانچە ئوقۇتقۇچىسى بولغان بىر كافېدرادىن بۈگۈنكى كۈندىكى ئىككى پروفېسسور، 10 دوتسېنت، 16 لېكتور، ئالتە ئاسسىستېنتتىن تەركىب تاپقان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا ئىگە، باكالاۋرلىق، ماگىستېرلىق ئىلمىي ئۇنۋانى بېرىشتىن تاشقىرى تۈركىي تىللار كەسپى بويىچە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى بېرىش سالاھىيىتى بار فاكۇلتېتقا ئايلاندى. ئۇلار شىنجاڭنىڭ تىل - يېزىق، تەرجىمە، تىل ئوقۇتۇش ساھەسى ئۈچۈن مىڭلاپ ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلەپ بەردى. بۇ جەرياندا خەمىت تۆمۈر ھەممەيلەنگە ئىلىم - مەرىپەتتە ئۇستاز، كىشىلىك تۇرمۇشتا يۆلەنچۈك، ئاكا بولدى.

1984 - يىلى 6 - ئايدا دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسى دوتسېنت خەمىت تۆمۈرنى مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەش توغرىسىدىكى قارارنى ئېلان قىلدى.

## 15

خەمىت تۆمۈر تۇغما تالانت دېگەنلەرگە ئىشەنمەيدۇ. شەخسنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ رولىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. دېمىسىمۇ ئاددىي ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىمۇ تولۇق پۈتتۈرمىگەن، 17 يېشىدا خىزمەتكە قاتنىشىپ، سىستېمىلىق بىلىم ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن، ئومۇمىي تىلشۇناسلىق بىلەن ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسىنى تۈزۈكرەك ئۆگەنمىگەن تۇرۇپ ئالىي مەكتەپنىڭ تىل ئوقۇتۇش مۇنبىرىگە چىقىپ قالغان، ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قارىماي ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىرىدا ئىلىم ساھەسىنى قايىل قىلىدىغان زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بۇ ئالىم قېتىرقىنىپ ئۆگەنسىلا تالانت يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ ئاددىي ھەقىقەت خەمىت تۆمۈرنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى يادرو قىلغان ئىلىم ئېلىش مۇساپىسى ئەمەلىيىتىدە ئىسپاتلىنىپ چىققان.

خەمىت تۆمۈر مەكتەپنىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا چىققاندىن كېيىن، مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئانا دىيارى شىنجاڭنىڭ ئالىي مائارىپى ۋە چوڭلار مائارىپى ئۈچۈن نۇرغۇن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، دۆلەت مائارىپ كومىتېتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى

www.uyghurkitap.com

ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، تەربىيىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ۋە كەسىپ تۈرلىرىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن زور ئەجىر سىڭدۇردى. پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقىدا، خەمىت تۆمۈر باشچىلىقىدىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كونكرېت تىرىشچانلىقى ئاستىدا بۇ مەكتەپ ئاپتونوم رايونىمىز ئۈچۈن ھەر خىل كەسىپتىكى ئىختىساس ئىگىلىرىدىن 7000 غا يېقىن كىشىنى تەربىيىلەپ بەردى.

خەمىت تۆمۈر 1980 - يىلدىن باشلاپ جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللۇق خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، مەملىكىتىمىزدىكى تۈركىي تىللار تەتقىقات ساھەسىدىكى خادىملارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، نۇرغۇن پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بۇ جەمئىيەت ئالتە قېتىم مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. 40 نەچچە سان جەمئىيەت ژۇرنىلى چىقاردى. تۆت كىتابلىق ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى ئىشلىدى.

خەمىت تۆمۈر رەھبەرلىك خىزمىتى ھەر قانچە ئالدىراش بولسىمۇ، ئانا تىل تەتقىقاتى ۋە ئانا تىل ئوقۇتۇشىنىڭ مۇقەددەس دەرس مۇنبىرىدىن ئايرىلمىدى. ئاسپىرانتلارغا، تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا، چوڭلار مارىپى ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس بېرىپ كەلدى. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان مەشھۇر يىرىك ئەسەر «بابۇرنامە» نى نەشرگە تەييارلىدى. بېيجىڭ داشۆسىدىكى پارس تىلى مۇتەخەسسىسى لى شياڭ بىلەن بىرلىكتە 300 مىڭ خەتلىك «پارس تىلىدىن ئاساس» دېگەن كىتابنى ئىشلىدى.

1991 - يىل ئۆكتەبىر، ئالمۇتا شەھىرىنىڭ شەھەر مەركىزىگە ئانچە يىراق بولمىغان كونا پاسوندىكى بىر بىنادا — قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا تەكلىپكە بىنائەن ئىلمىي زىيارەتكە ۋە لېكسىيە سۆزلەشكە كەلگەن پروفېسسور خەمىت تۆمۈر ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىكى كۆزقاراشلىرىنى شەرھلىمەكتە ئىدى. لېكسىيە ئاڭلاۋاتقانلار ئىچىدە ئۇيغۇرلارمۇ، قازاقلارمۇ، رۇسلارمۇ بار. يېشى 70 كە ئۇلاشقان مۇتەخەسسىسلەرمۇ، ئەمدىلا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ياش تەتقىقاتچىلارمۇ بار. بۇ بىر خاسىيەتلىك مۇنبەر ئىدى. بۇندىن 34 يىل ئىلگىرى يەنى 1957 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى جۇڭگودىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تىلشۇناسلىق خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تۈركىي تىللار تەتقىقات سىنىپىنى ئاچقانىدى. شىنجاڭ، گەنسۇ، بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ياش تىل ھەۋەسكارلىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن تىلشۇناس ئە. ر. تېنىشېۋنىڭ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ھەققىدىكى لېكسىيىسىنى ھەيرانلىق ۋە قايىللىق ئىچىدە ئاڭلىغانىدى. شۇ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قاتارىدا 25 ياشلىق خەمىت تۆمۈرمۇ بار ئىدى. ئۇ دەرسخانىنىڭ تۆرىدىكى دەرس مۇنبىرىگە تىكىلگىنىچە چوڭقۇر ئويغا پاتقانىدى. ئۆزىگە ئۆزى سوئال بېرەتتى. باشقا مىللەت ئالىملىرىنىڭ تىلىمىز ھەققىدىكى تۆھپىلىرى مەڭگۈ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغۇسى. ئۇلار خەلقىمىز تەرىپىدىن ئەبەدىي

قەدىرلەنگۈسى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيغۇر تىل تەتقىقات مۇنبىرىدە چوقۇم ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىدىن چىققان ئالىم بولۇشى كېرەك. 34 يىل ئۆتكەندىن كېيىن خەمىت تۆمۈر 1930 - يىللاردا ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى مەخسۇس تەتقىقات مۇقەددىمىلەنگەن ئاشۇ زېمىنغا تەكلىپكە بىنائەن كېلىپ، گۇلدۇراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە لېكسىيە ئوقۇماقتا، بۇ ھەقىقەتەنمۇ مۇقەددەس، كاتتا بىر مۇنبەر.

## 16

1992 - يىل 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى. مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىدىكى شىنجاڭلىق ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلەر ئۇيۇشتۇرغان خوشلىشىش زىياپىتىدە مېھمان خەمىت تۆمۈر قايناق لىرىك ھېسسىيات بىلەن سۇغىرىلغان «خوشلىشىش» ناملىق شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلماقتا. ئالاھىدە شارائىت بۇ يەردە ئىشلەۋاتقان تەگرىتاغ پەرزەنتلىرىنى ئورتاقلىققا ئىگە قىلغاچقا، مۇشۇ مىنۇتلاردا ياشانغانلار ئۆز تەرجىمىھالىنى ئۆزى ئوقۇۋاتقاندەك بولسا، ياشلار ئۆزلىرىنىڭ كېلىچىكىنى ئالدىن كۆرۈۋاتقاندەك بولماقتا. ھەممەيلەننىڭ كۆز ئالدىدا نەچچە ئون يىللىق تۇرمۇش ئالبومى ئاستا ۋاراقلانماقتا. نى - نى قىيىنچىلىقلار، چۈشەنمەسلىكلەر ئالدىدا پەقەت ئۆزىنى كۆرسەتمىگەن ئىسسىق ياشلار ئەمدى قۇيۇلماقتا.

6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى كەچقۇرۇن. مەكتەپ مەركىزىي ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ 2 - قەۋىتىدە ئوقۇغۇچىلار ئۆزلۈكىدىن ئۇيۇشۇپ، كۆيۈمچان، ھۆرمەتلىك ئۇستازىنى ئۇزىتىۋاتاتتى. دوسكىغا «خەمىت تۆمۈر مۇئەللىمنىڭ مەكتىپىمىزدە ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنىڭ 38 يىللىقىنى قىزغىن خاتىرىلەيمىز» دېگەن كۆركەم خەت يېزىلغان. پېشقەدەم ئۇستاز ئۆزىگە تونۇش دەرس مۇنبىرىدە تۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرقى قارار ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىلىم - مەرىپەت، كىشىلىك ھايات ھەققىدىكى سوئاللىرىغا يىللىق مۇئامىلىدە جاۋاب بەرمەكتە. ھۆرمەت ۋە قايىللىق مۇجەسسەملەنگەن ئالقىش سادالىرى پات - پات ياڭراپ تۇراتتى. ئوقۇغۇچىلار پايتەختتىكى ۋاقتىنىڭ سىمۋولى ھېسابلانغان سوۋغىسىنى — قەدىمىي پاسوندىكى ئۈستەل سائىتىنى ئۇستازىغا ئۇزاتقاندا بارلىقىنى ئانا تىلغا ئاتىغان بۇ ئالىم ئۈن - تىنسىز تۇرۇپ قالدى. ئۈستەل سائىتىگە «مىللىتىمىز سىزنى ئۇنتۇمايدۇ» دېگەن سۆز ئويۇلغانىدى!

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كەچقۇرۇن. مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى، مەركىزىي مىللەتلەر تەرجىمە ئىدارىسى، مىللەتلەر نەشرىياتى، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات يۇرتى، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتقان 20 دىن ئوشۇق ياش جەم بولۇپ ئولتۇرۇپ، خەمىت تۆمۈرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماقتا ئىدى. بۇ سورۇنغا جەم بولغانلارنىڭ مىللەت تەۋەلىكى، ئەسلى يۇرتى ئوخشاش بولمىسىمۇ ھەممىسى بىر تەلەپچان، مېھرىبان ئۇستازنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى. ئۆزلىرىنى تولۇق كەسپتە، ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇتقان، مەكتەپ پۈتتۈرگەن چاغدا ئۇيغۇر تىلى

تەتقىقاتى، ئوقۇتۇشى، تەرجىمىسى ئۈچۈن بۇ يەردە ئىشلەشكە دەۋەت قىلىنغان. ئۇلارنىڭ شاد - خۇراملىقىنىمۇ، قايغۇ - ھەسرىتىنىمۇ، كۈلكە - چاقچىقىنىمۇ، يىغا - ھەسرىتىنىمۇ چۈشىنىدىغان بۇ ئۇستازغا دەيدىغان تۈگىمەس يۈرەك سۆزلىرى بار ئىدى. لېكىن، بۈگۈن ئۇلار پەقەت بىرلا سۆزنى دېدى. «بىز شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇر تىلى ئۈچۈن بارلىقىمىزنى بېغىشلايمىز».

تارىم دەرياسى مەڭگۈ ئۆركەشلەپ ئاقىدۇ. تارىخنىڭ ئاخىرقى چېكىتى بولمايدۇ. يىللار تېز ئۆتتۈپ، قارىغايدەك تۈز زەبەردەست يىگىتلەرنى ئوقىيادەك مۈكچەيتتى. قۇندۇزنىڭ رەڭگىدەك قاپقارا چاچلىق ئۇماق قىزلارنى ئاپئاق چاچلىق مومايلارغا ئايلاندۇردى. سانسىز قەبرىلەر قېزىلدى، تۇپراققا قېتىلىپ كەتتى. نۇرغۇن بۆشۈكلەر ياسالدى، «ئەللەي» ناخشىسى ئۈزۈلمىدى. ئۇلۇغ بوۋىمىز مەھمۇت قەشقەرى سەركەردە بولۇپ باشلاپ ماڭغان، قەدىرلىك بوۋىلىرىمىز ئەلشىر نەۋائى، ئابدۇقادىر داموللا ۋەكىللىكىدىكى ئەجدادلىرىمىز داۋاملاشتۇرغان ئانا تىل ئوقۇتۇش، تەرجىمە، تەتقىقات ساھەسىدىكى پىداكار ئەزىمەتلەرنىڭ شانلىق، مۇشكۈل، مۇشەققەتلىك بۇ ئۇزۇن سەپىرى ھېچ توختىماي داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئانا تىل ئانىدەك ئۇلۇغ، ئانىدەك مۇقەددەس. ئەقىدە - ئېتىقاد، ئەقىل - ئىدراك، ئىرادە - غەيرەت، كۈچ - قۇۋۋەت بىراقلا رىقابەتكە چۈشكەن ھازىرقى دەۋردە، ئانا تىلىمىزنىڭ بۈيۈكلۈكىنى ئەقىل كۆزىمىزدە كۆرۈشىمىزگە، بۇ ساھەدە تەمەسىزلىك بىلەن پىداكارلارچە باش چۆكۈرۈپ ئىشلىشىمىزگە ھەر قانداق بىر مەزگىلدىكىدىن موھتاج.

تۈن كېچە. ئانا يۇرتقا قايتىش ئالدىدا تۇرغان خەمىت تۆمۈرنىڭ ئۆيىدىكى قەدىناس ئۈستەل چىرىغى يەنىلا يورۇپ تۇراتتى. بۇ ھارماس ئالىم ئۇزۇن يىللاردىن بېرى توپلانغان دەستە - دەستە ماتېرىياللارنى بىر - بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈۋاتاتتى. شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن داۋاملىق ئىشلىمەكچى بولغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى سىنتاكسىسى» دېگەن ئەسىرى ھەققىدە ئويلىنىۋاتاتتى. كۆز ئالدىدا دۇنيادىكى ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەڭ يۈيۈك، ئۆزىگە ئەڭ تونۇش تەڭرىتاغنىڭ ئاجايىپ گۈزەل بىر سۈرىتى نامايان بولماقتا ئىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل

مامۇت زايىت

# غەزەللەر

1

ئايلىنىشتىن توختىماس سائەتتىكى مىل،
سېكۇنت - مىنۇت يىغىلىپ، ياسالغاي ئاي - يىل.
بىلمەس چارچاش - ھېرىشنى، دائىم نەۋقىران،
ئۆركەش ياساپ ئاققاچقا تارىم، خۇاڭخې، نىل.
ئەي زامانداش، قەدىرلەپ ۋاقىت - ئۆمۈرنى،
ياشلىق، سۆيگۈ بېغىنى گۈزەل، ئاۋات قىل.
كۈلپەت ئەمەس، خۇشاللىق يار بولسۇن ساڭا،
قىلدۇ ساق كىشىنى قايغۇ - ئەلەم سىل.
تۇرمۇش ئەمەس ھەمىشە شادلىق بۆشۈكى،
قۇتۇلمايسەن ھەسرەتتىن بولساڭ نازۇك - زىل.
ئامەت چېغى تەييار تۇر ئاپەتلەرگىمۇ،
چۈمۈلىدىن ئازار يەر گاھى كۈچلۈك پىل.
مەرد، ئۈمىدۋار ياشىغىن مامۇتقا ئوخشاش،
بىر ئۆلۈمدىن باشقىنى توي - تاماشا بىل.

2

ھاياتىڭدا تەمەدىن ھەم رىيادىن قاچ،
كىشىلەر ئىچىدە روھى سىياھتىن قاچ.
تەمە، نەپ زەنجىرىدە ساڭا باغلانغان،
غەرەزلىك، نەپسى تويماس ئاشنادىن قاچ.
ئۆزۈڭمۇ ئىزدىمە دوست پايدىنى كۆزلەپ،
گۇناھلىق ئەيشۇ - ئىشرەتتىن، بالادىن قاچ.
جاھاندا ئاز ئەمەستۇر ئادەمى شەيتان،
ئۇنىڭغا ئالدىنىپ يۈرمە، خاتادىن قاچ.
رەقىبىڭ دوستلىرىڭغا ئاچما سىرىڭنى،
تۇيۇقسىز كەلگۈچى بوھتان - يالادىن قاچ.
يىگىتسەن، پاك ۋە مەردانە ياشا مامۇت،
خۇشامەتگۇي، تەمەخور، بىۋاپادىن قاچ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىي www.uyghurkitap.com

3

ئەدىب، ئالىم خەلققە ياخشى رەھبەردۇر،
زامان كارۋانلىرىغا باشچى سەرۋەردۇر.
ئىجادى، كەشپىياتى ئەل ئۈچۈن خالىس،
ئەقىللەر خەزىنىسىدە دۇرى - گەۋھەردۇر.
ئويغاتقاي مەست - بىخۇد غەپلەتتە ياتقاننى،
خىتابى بارچە دىلغا شەمسى ئەنۋەردۇر.
ئۇلار قوغدار خەلقنى، ھەق - ئادالەتنى،
جاھالەت كۆكسىگە گوياكى خەنجەردۇر.
ئۇلار بولغاچ زاۋاللىق كۆرمىگەي مىللەت،
نەپەس ھەم بۇيىدىن ئالەم مۇئەتتەردۇر.
جاھاندىن كەتسىمۇ ئۇلمەس ئۇلارنىڭ تۆھپىسى، نامى،
سۆزى، يالدامىسى ھېكمەتتە جەۋھەردۇر.
ئۇلارنى پىر - مۇئەللىم تۇت ھامان مامۇت،
ئىجادىڭغا زەپەر، ئىقبال مۇيەسسەردۇر.

4

خىزىر سۆپەت مويسىپىت ئۇچراپ ناگاھ،
دېدى ماڭا: ھەمىشە بولغىن ئاگاھ.
ئىگىسى سەن ئالەمنىڭ، قۇلى ئەمەس،
ياراتمىساڭ بەختنى بەرمەس ئىلاھ.
تىلىمىگىن غەيرىدىن شەپقەت، نىجاد،
تەقدىرىڭگە سەن ئۆزۈڭ خوجايىن-شاھ.
مەرشتە ئەمەس ئىستىقبال يەر شارىدا،
ئانا تۇپراق ئەرشتىنمۇ ئۇلۇغ دەرگاھ.
ئەجرىڭ بىلەن پاك ياشا، ئويغاق ياشا،
نادان، غاپىل كىشىلەر تىرىك ئەرۋاھ.
ئىجادكارلار ياشايدۇ مەڭگۈ ھايات،
يۇسۇپ، مەھمۇد قىسمىتى شاھىت-گۇۋاھ.
تۆھپە قالدۇر بۇ جاھان ياد ئەتكۇدەك،
سۆزلىرىمنى قىل مامۇت تۇمار - ھەمراھ.

5

سۇرىتىڭگە باقتىم ھەيھات... ئامانىسا،
ئىنسانمۇسەن يا پەرىزات، ئامانىسا.
چىرايىڭ ئاي، شەھلا كۆزۈڭ بىر جۈپ قۇياش،
تۇرىسەن شاد كۈلۈپ ھايات، ئامانىسا.
زەر نەقىشلىق ساز قولۇڭدا، بەردىڭ ئاڭا،
شاھ مۇقامدىن جان ۋە قانات، ئامانىسا.
ساتارىڭدىن ياڭرار ناۋا نۇر تارقىتىپ،
«ئىشرەت ئەنگىز»، «سىگاھ»، «باياتى» ئامانىسا.
كۈيلىرىڭدىن سېھىرلەنگەن ئىنسان - مەلەك،
كۆتۈرىدۇ بۇلبۇل پەرياد، ئامانىسا.
ئەل - مىللەتنىڭ مۇقام - سەنئەت چولپانىسەن،
روھ - جىسمىڭدا يالقۇن، سۇبات، ئامانىسا.
مامۇت دەيدۇ: ياشار روھىڭ مەڭگۈ - مەڭگۈ،
بولسا مەۋجۇت يەر - كائىنات، ئامانىسا.

6

خىسلىتىڭگە ئەي گۈزەل مىلل جان پىدا،
ئەرزىگەي بولسا جىمى ئىنسان پىدا.
ئاق خالاتلىق پەرىۋەش دوختۇر ئۆزۈڭ،
نۇرلۇق ھۆسنۈڭگە قۇياش، چولپان پىدا.
كىيمىدىك ئەسلا كىبىردىن ئۇستىباش،
كەمتەرىنلىككە زېمىن-ئاسمان پىدا.
سەن ئۆمۈر دەرۋازىسىنىڭ ساقچىسى،
بىلىمىڭ-كەسپىڭگە مىڭ لوقمان پىدا.
چوڭ-كىچىك، بايۇ-پەقىر ئالدىڭدا تەڭ،
قىلسەن لۇتفۇ-كەرەم، ئېھسان پىدا.
بېرىسەن بىمارغا ساقلىق، كۈچ، ئىشەنچ،
شاد ئىگاھىڭغا گاداي ھەم خان پىدا.
بىلدى ماھۇت بىر ئۆمۈر ئۇلگە سېنى،
قىلغۇسى شەنىڭگە كۆپ داستان پىدا.

7

پۇل ۋە مەنسەپتىن ئەزىز ئىنسانغا دوست،
مەيلى نامرات، مەيلى زەردار خانغا دوست.
تارتىمىغاي يالغۇزچىلىقنىڭ دەردىنى،
بولسا ئۇ مېھرۇ-ۋاپا، ۋىجدانغا دوست.
دوستىغا كەلسە مۇسىبەت، دەردۇ-غەم،
قەلبىنى قىلغاي ئۈمىد-خەندانغا دوست.
باقىي تەگلىك بەلگىسى دوستلار ئارا،
بولمىغاي شۆھرەت، ئەمەل، ئېھسانغا دوست.
سەن غەنى بول، يا پەقىر، ئوخشاش ھامان،
ئايىماس يارنى باغرى قانغا دوست.
كەمىستىپ ئۇرسا رەقىب يەرگە سېنى،
كۆتۈرەر قەددىڭنى ئەرش-ئاسمانغا دوست.
دوستلىرىڭ كۆپتۇر سېنىڭ ماھۇت بۈگۈن،
ئەرزىگەي قاتساڭ ئېسىل داستانغا دوست.

8

مەرد، ئىشچان كىشىگە جاھان ياخشىدۇر،
مەرىپەت گۈللىگەن زامان ياخشىدۇر.
ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزمە، ۋايساپ،
چالىمىقتىن قىرانلىق ھامان ياخشىدۇر.
ئاي، قۇياش، يۇلتۇزلار كۆرۈنەر گۈزەل،
يەردە سەن، دېمىگىن ئاسمان ياخشىدۇر.
گاھ سېنى كىشىلەر قىلىدۇ بىزار،
ھايۋاندىن بەرىبىر ئىنسان ياخشىدۇر.
ساڭا يات گۈزەلگە تەلمۈرمە بىكار،
ئۆيدىكى چۇۋۇق چاچ جانان ياخشىدۇر.
ئۆزگىنىڭ مىننەتلىك پولۇ-گۆشىدىن
ئەجرىڭگە تەئەللۇق بىر نان ياخشىدۇر.
ئادەمسەن، زارلانما ھاياتتىن ماھۇت،
تەر تۆكمەك ۋايساشتىن چەندان ياخشىدۇر.

9

مەرتىۋەڭ ئۆرلەپ ئەگەر بولساڭمۇ بەگ،
كەمتەرىن بولغىن خەلققە باشنى ئەگ.
مېھرىبان، ئادىل بولۇپ يۇرتنى سورا،
مۇتەھەم زالىمغا شىردەك تازا تەگ.
چاقما ئاش بەرگەن قازاننى ھېچقاچان
ئىگەسىنى چىشلىمەس ھەتتاكى سەگ.①
چاغلىما ئەلنى چۈمۈلە، پور كۆتەك،
سەن ھەرە② بولساڭ، خەلق گويا ئىنكەك.
ئەرزىمەس مەنسەپ ئۈچۈن قىلما كىبىر،
ئەل باراقسان چوڭ دەرەخ،
سەن بىرلا بەرگ.
ئەلنى ئاسرا بۆرىدىن چوپان كەبى،
غولىغاي تېرەك ئاسان، كولانسا تەگ.
كۆيچىسەن ماھۇت، ئەمەلدار-شاھ ئەمەس،
تۆھپە، ھىممەت بەلبېغىنى بەلگە چەگ.

10

ساڭا كەلدى قارىغۇ ئامەت بىر مەھەل،
سەمىرىپ، كۆردۈڭ ھالاۋەت بىر مەھەل.
تىكلىنىپ زورلۇق بىلەن يالغان نوپۇز،
گىيدىيىپ كەتتىڭ ئالامەت بىر مەھەل.

① سەگ — ئىت. ② ھەرە — ياغاچ كېسىدىغان ھەرە.

ئالدى - ئارقاڭغا يىغىلدى تەخسىكەش،
پۈكۈلۈپ قىلدى خۇشامەت بىر مەھەل.
سېنى باي قىلدى پارا، ئارقا ئىشىك،
ئۈسۈدۈڭ خامان - دارامەت بىر مەھەل.
ئىلمىدىڭ «مىزان» نى كۆزگە ياغ تولۇپ،
ئۇخلىماي كۆردۈڭ كارامەت بىر مەھەل.
توسسا دوستلار بۇنى دۈشمەن چاغلىدىڭ،
ياقىمدى تەنبىھ - دالالەت بىر مەھەل.
ئېچىنار ماموت، سېنى سوتتا كۆرۈپ،
ئاقىدۇ ساختا تىجارەت بىر مەھەل.

11

ئايلىنىپ تۇرغاچ پەلەك چاقى ھامان،
ۇرمىغاي بىر ئىزىدا تارىخ، زامان.
ِشكىزەك ئاپەت - بەخت ئىنسان ئۈچۈن،
اي ئەجەب ھادىسىلەرگە بۇ جاھان.
تۈنۈگۈنكى شاھ بۈگۈن پۇقرا - پەقىر،
زەر لىباسىنىڭ ئورنىدا سەگەز چاپان.
يازدىكى بايۋەچچە — ئۆكتەم نوچىنىڭ،
ئەمدى باق، بىر پۇلى يوق، ھالى يامان.
تۈنۈگۈنكى تۆرە - مۇشتۇمزور جاناب،
ھەپىسىدە ئەركىسىز بۈگۈن، رەڭگى سامان.
ئەتىگەن قان يىغلىغان كەچتە خۇشال،
قولىدا مەي، باغرىدا ئايدەك جانان.
ياشىغىن ماموت ئۈمىدۋار، مەرد بولۇپ،
بولما چۈشكۈن، بولما مەغرۇر ھېچقاچان.

12

كىرسە شائىرلىق يولىغا ھەر كىشى،
بىر ئۆمۈر مېھنەت - جاپا بولغاي ئىشى.
بۇ پەلەك بەك ئۆزگىرىشچان، بى تۇراق،
چۆگىلەر ئۇنىڭ گاھى تەتۈر گەردىشى.
يانمىغاي شائىر ئەقىدە، يولىدىن،
ئەل ۋە يۇرت بولغاي يۆلەكداش، سەپدىشى.
دەرد - رىيازەت چەكسىمۇ تاپماس تىنىم،
مەۋج ئۇرار قەلبىدە ئىلھام ئۆركىشى.
گاھى بەتلەردە جۇلا شادلىق، ۋىسال،
گاھى داستان يارىتار كۆاپەت يېشى.
گاھ ھەسەت، تۆھمەت تېشى ياغقاي ئاڭا،
گاھ زەپەر، ئالقىش قۇچۇپ، كۆكتە بېشى.
بەختىيار ماموت، بۇ سەپكە كىرگىلى،
بولدى بىر قەرنە، بۇ يىل ئەللىك يېشى.

مۇھەممەت ئىمىن

# سەپەر خاتىرىلىرى

## غار ئىچىدە بىر دەريا ئاقىدۇ غەمكىن

غار ئىچرە بىر دەريا ئاقىدۇ غەمكىن ①،
بەك ھاردۇق يەتكەندەك ئېغىر ھاسىراپ،
تىك قىيا قاپسايدۇ ئىككى يېقىدىن
ئامبۇردەك چىڭ قىسىش ئۈچۈن ئالدىراپ.
دەريانىڭ كۆكسىنى ئۆتىدۇ تىلىپ،
سىرلىق غار ئۈستىدىن مىڭ تىغ ساڭگىلاپ.
چىدىماي بۇنىڭغا تاش باغرى ئېرىنىپ،
كۆزىدىن ئۈنچە ياش ئاقار تامچىلاپ.
غار ئىچرە بىر دەريا ئاقىدۇ غەمكىن،
قايغۇغا چۆككەندەك دەردلىك شاۋقۇنلاپ.
تۇرىدۇ قىرغاقتا قۇت تىلەپ تەمكىن،
خىزىردەك ئىككى زات كۆزى يالقۇنلاپ.
تولغىنىپ ئەجدىھا ياتار بويىدا ②
ئالماقچى بولغاندەك ئېقىننى توراپ.

---

① بېشى، سۇ غارى لىياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ بېنشى ناھىيىسىگە جايلاشقان داڭلىق مەنزىرىلىك جاي.
② غار ئىچىدىكى دەريا بويىدا دۈتادا تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان بىر جۈپ تاش سۈرىتى. ئۇنىڭ ئېرىسىدىراق دەرياغا چۈشۈۋاتقان، تەمشىلمەۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان تاش ئەجدىھا بار.

لەپچىلەپ دو قمۇشتىن ئەگىيدۇ دەريا
ماڭغاندەك مۇساپىر ئىزىپ يول سوراپ.

غار ئىچرە بىر دەريا ئاقىدۇ غەمكىن،
قازاندەك قاپقارا تۈننى ھاپاشلاپ.
تىنمايدۇ نۇر ئىزدەپ قاراڭغۇلۇقتىن،
چۈشىدە يۇلتۇزلار چاقنار چاراقلاپ.

ئۆلغىيىپ ساناقسىز تامچە قېتىلىپ،
يېقىنلار مەنزىلى ئۈمىد بېغىشلاپ.
ئاھ، چىقتى تار غاردىن ئاخىر ئېتىلىپ،
يورۇقلۇق ۋەسلىگە يەتتى يېنىشلاپ.

## بېشارەت

تۈگۈلۈپ، تۈرۈلۈپ شىددەتلىك ئېقىن
قولۋاقنى ئىرغىتىپ تاشلايدۇ يىراق.
كېلەلمەس ھەيۋىدىن بۇغىلار يېقىن،
تىترەيدۇ زەربىدىن ئۈيۈل تاش قىرغاق.

ئىرغىتىپ تاشلاندۇق بىر رەت، ئىككى رەت،
قايناملار لاقىنغا سالدى بى سوراق.
جان ئېلىپ قاچسا كىم، ھاپ ئەتتى شۇئان،
جىگەرسىز بوشاڭنى قىلغاندەك مازاق.

يېقىلدى دىللارغا بېشارەتتىن شام،
ئۇردۇق بىز كۈچىنىپ رىتىملىق پالاق.
تەمتىرەش قوغلىنىپ، يار بولدى چىدام،
دولقۇنلار ئەۋجىدە ئېلىشتۇق ئۇزاق.

دولقۇنلار ئەۋجىدە ئېلىشتۇق ئۇزاق،
ئۇردۇق تەڭ تېخمۇ رىتىملىق پالاق.
ئىنچىكە، تار بۇ غار قالدى ئارقىدا،
يېيىلىپ دەريامۇ ئاچتى كەڭ قۇچاق.

## شاھزادە دەرياسى

ئېلىپ مەن تارىمنىڭ سالام، مېھرىنى،
شاھزادە دەرياسى ① كەلدىم بويىغا.
خۇش كەپسىز! دېگەندەك ئۇنچە چاچرىتىپ،
خۇش چىراي چىلىلدىڭ گويا تويىغا.

قىرغىقىڭ چىمەندىن تاقاپتۇ جىمەك،
ئەتراپىڭ ياپيېشىل بوككىدە ئورمان.
قىيغىتىپ قوي - كالا يايرايدىكەن شاد،
پادىچى نەي چالار ئاجايىپ لەرزان.

تاشمۇ-تاش ئۇقچۇغان سۈيۈڭ سۈپسۈزۈك،
كۆرۈنەر تەكتىدە مەرۋايىت، ئۈنچە.
بېلىقلار پىلتىڭلاپ ئوينار قوغلىشىپ،
رەڭ تۈرى خىلمۇخىل، ئۆزگىچە شۇنچە.

تۇرۇپتۇ قارىسام خىزىر سۈپەت چال
دەرياغا تىكىپ كۆز، چۆكۈپ خىيالغا.
گىردىدەك چېھرىدىن تۇرار نۇر تېمىپ،
ئوچتەك ئاق ساقىلى ئۇچار شامالدا.

— ئەسسالام!
ئالدى ئۇ سالامنى ئىللىق،
كۆرۈشتۇق، مۇڭداشتۇق،
قويدۇم كۆپ سوئال.
شاھزادە دەرياسى ھەققىدە بوۋاي
باشلىدى ھېكايە قىلىپ دىلنى لال!

بۇنىڭدىن مىڭ يىلدەك ئىلگىرى بۇندا
ياشايتتى كىدانلار ② ئەجەب ئۈم-ئىناق.
قەبىلە، يۇرت ئايرىپ يۇرمەيتتى زىنھار،

---

① شاھزادە دەرياسى — لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ بېنشى شەھەرى ئەتراپىدىكى بىر دەريا.
② كىدانلار — ھازىرقى لياۋخې دەرياسى ئەتراپىدا ياشىغان قەدىمكى مىللەت.

شۇڭا ئەل گۈللىنىپ تاپقانتى روناق.

ئىدى بۇ زېمىننىڭ ئاجايىپ مۆنبەت،
تۇپىنى سىقسا ياغ تامچىلايدىغان.
بۇلۇتتەك يامرايتتى پادا، يىلقىلار،
يوق ئىدى قاشاڭ ئات قامچىلايدىغان.

چۈشسىمۇ بۇ ئەلگە ياتلارنىڭ كۆزى،
باستۇرۇپ كېلىشكە قىلمايتتى جۈرئەت.
خۇددى بەز مارىلاپ تۇرغان مۈشۈكتەك
كۈتەتتى زارىقىپ ئەپلىك بىر پۇرسەت.

كۆپ كۈتۈپ زېرىكىپ ئەۋەتتى ئاخىر،
ئۇ يەرگە ھىيلىگەر ئايغاقچىلارنى.
تىللىرى قەنت-شېكەر، دىللىرى زەھەر
پارچىلاش ئۈستىسى — پايلاقچىلارنى.

ۋىلە ئارىلاپ، يۇرت كېزىپ ئۇلار
ئېچىشتى ئۆچمەنلىك ئۇرۇقلىرىنى.
تۇغقانلار ئۆزئارا يىرتقاندا ياقا
قېچىشتى خادا قىپ قۇيرۇقلىرىنى.

ئەۋجىگە چىققاندا جاڭجال ۋە نىزا،
تاشلاندى ئەلگە ياۋ شىددەتلىك شۇنچە.
ئەتراپنى قاپلىدى ئۇر-چاپ ئاۋازى
تۇياقلار ئاستىدا چەيلەندى غۇنچە.

بۇلاندى مال-ۋاران، ئۆلتۈرۈلدى شاھ،
ھەيۋەتلىك ئوردىمۇ ئايلاندى كۈلگە.
ئېلىشتى ياۋ بىلەن باتۇر شاھزادە
تىكىپ جان غېرىچ يەر، ھەر گىياھ، گۈلگە.

قۇرتتەك يامرىغان ياۋدىن كۆرمىگىنىڭ
بېشىنى تېنىدىن قىلدى ئۇ جۇدا.
بىر-بىرلەپ يىقىلدى نەۋكىرى،
ئاخىر
قېپقالدى قورشاۋدا بىر ئۆزى تەنھا.

ياۋ قاپساپ كېلىشتى تىك يار لېۋىگە،
چېكىنىش يولى چورت تاشلاندى ئۈزۈپ.
ياۋ دېدى:
—باش ئېگىپ ئەل بولغىن بىزگە،
ياشايسەن چارباغدا گۈل دەستە تىزىپ.

شاھزادە دېدىكى:
— ياشايمەن مەغرۇر،
ئەرلىكىم، غۇرۇرۇم تۇرغاي جۇش ئۇرۇپ.
تىز پۈكۈپ مىڭ يىلچە ئۆمۈر كۆرگەندىن
مىڭ ئەلا ياشىسام بىر كۈن تىك تۇرۇپ.

شاھزادە نەيزىنى ئاتتى ياۋ تامان،
يىقىلدى كۆرەڭلەپ تۇرغان سەركەردە.
يۇرتىغا ئاداققى قېتىم تاشلاپ كۆز،
ھاياتلىق يىپىنى ئۈزدى شەمشەردە.

غولىدى تىك ياردىن،
ئېچىپ كەڭ قۇچاق
ئانا يەر باغرىغا ئالدى ئوغلانىنى.
چاچرىغان قېنىدىن يارالدى دەريا،
ئەسلىتىپ شاۋقۇنى نەرە-چۇقانىنى.

ياد ئەتكەچ تىز پۈكمەس شاھزادىنى ئەل،
شۇ ئوغۇل نامىدا ئاتالدى دەريا.
تىنىمسىز ئېقىشى تۈگىمەس داستان،
قىسسەلەر سۆزلەيدۇ ئۆركىشى گويا.

www.uyghurkitap.com



گۈلىستان ئابدۇقادىر

# جىلغىلار ساداسى

(ھېكايە)

بىز بىر باغنى ھۆددىگە ئالغانىدۇق. باغ بەك چوڭ، يەل-يېمىشلىرى خىل بولغاچقىمىكىن، مېۋە پىشىشقىدا ھەركۈنى دېگۈدەك تەرەپ-تەرەپتىن باققاللار كېلىپ دادامنى ئاۋارە قىلىشاتتى.

يازلىق تەتىل كۈنلىرى. كېلەر يىلى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغانلىقىم ئۈچۈن باغ ساقلىغاچ دەرس تەكرار قىلىۋاتاتتىم. بىردىنلا ئىت قاۋاپ كەتتى. قولۇمدىكى كىتابنى قويۇشقا مەجبۇر بولدۇم. يەنە شۇ باققاللار بولسا كېرەك، مەن باغ ئىشىكى تەرەپكە قاراپ ماڭدىم.

باغ ئىشىكى ئالدىدا باققاللار ئەمەس، بەلكى رەڭگارەڭ كىيىملەرنى كىيىپ، يۈزلىرى ياسىنىۋېلىشقان بىر توپ قىز-يىگىت تۇراتتى. ھودۇقۇپ كەتكىنىمدىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دوستۇم ئامىنەنىڭ بارلىقىنىمۇ كۆرمەي قاپتىمەن، پەقەت ئامىنە ماڭا گەپ قىلغاندىلا بىلدىم.

— مۇنداق ئىشتى، ئاداش، — دېدى ئامىنە بويىنىغا ئاپپارات ئېسىۋالغان، ئېگىز بويلۇق، قىزىل كۆڭلەكلىك يىگىتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — بۇ مېنىڭ ئۈرۈمچىدە ئوقۇيدىغان نەۋرە ئاكام ئېھسان بولىدۇ. ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرگە كەپتىكەن، ئېغىزلاردا رەسىمگە چۈشۈۋالايلىمىكىن دەپ كەلگەنىدۇق.

ئامىنە بىلەن ياخشى ئۆتەتتۇق. ئۇ ماڭا ئېھسان ئاكىسىنىڭ گېپىنى تولا قىلىپ بېرەتتى. ئۇنىڭ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان بىرقانچە شېئىرىنى ئامىنە ئىككەيلەن بىرلىكتە ئوقۇغانىدۇق. مەنمۇ يېزىقچىلىققا ھەۋەس قىلىدىغانلىقىم ئۈچۈن، يازغۇچى، شائىرلارغا بەكلا قىزىقاتتىم. شۇ تاپتا كىشىگە يولەكچىلا يېقىملىق تۇيغۇ بېرىدىغان بۇ يىگىتكە نىسبەتەن قەلبىمدە ھۆرمەت تۇيغۇسى ئويغىنىشقا باشلىدى.

www.uyghurkitap.com

— بېغىمنىڭ ئىشىكى سىلەر ئۈچۈن ھەردائىم ئوچۇق، — دېدىم ئۇلارنى باغقا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇپ. دوستۇم ئامىنە يېنىمدا بولغاچقىمۇ، ئىشقىلىپ، ئاۋۋالقى ھودۇقۇشلىرىم يوقاپ كەتكەنىدى.

— ئۇنداقتا بېغىڭىزنى شۇنداقلا ئېلىپ كەتسەكمۇ بولغۇدەكتە، — دېدى ئېھسان كۈلۈپ تۇرۇپ.

— كۆتۈرەلىسىڭىز ئېلىپ كېتىۋېرىڭ، — دېدىم مەنمۇ چاقچاق قىلىپ.

بىز باغنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ماڭدۇق.

— پاھ، نېمىدېگەن چىرايلىق، نېمىدېگەن چوڭ باغ بۇ؟! خۇددى جەننەتنىڭ ئۆزىكەنغۇ!

— ھەي، ئېھسان، باغنىڭ مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ نەسىردىن بىرنى يېزىۋېتە!

ئېھسان بىردىنلا چىرايىغا يۇمۇرلۇق تۈس بېرىپ:

— قاراڭلار، سىلەرنىڭ نىيىتىڭلار نېمىدېگەن يامان! مەن نەسىر يېزىپ بولغىچىلىك ئالمىلارنى ماڭا قويماي يەۋەتمەكچى بولۇۋاتىسىلەرغۇ-ھە؟ — دېدى.

ئېھسان ھەر بىر ئېغىز گېپىدە قىزىقچىلىق قىلىپ بالىلارنى كۈلدۈرەتتى. قىزلار شېخىنى كۆتۈرەلمەي قالغان ئالمىلارغا، قىپقىزىل تۇقاچلارغا، ساپسېرىق بېھىلەرگە تويماي قارىشاتتى.

شۇ تاپتا بىر-بىرىدىن ئېسىل، بىر-بىرىدىن چىرايلىق كىيىنىۋېلىشقان بۇ شوخ، گەپدان ئالىي مەكتەپ قىزلىرىغا ئىختىيارسىز ھەۋىسىم كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممە نەرسىسى ماڭا ئۆزگىچە كۆرۈنەتتى. مەنمۇ ئۈرۈمچىدەك چوڭ شەھەرگە بېرىپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىمەن-ھە؟! ئالىي مەكتەپكە بارسام، ئاتا-ئانامنىڭ يۈكسەك ئۈمىدلىرىنى ئاقلىسام...

باغ ئىچىنى رەسىمگە چۈشۈرۈۋاتقان قىز-يىگىتلەرنىڭ كۈلكە ئاۋازى قاپلاپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئەڭ گۈزەل مەنزىرىلەرنى تاللاپ رەسىمگە چۈشەتتى. مەن ئېسىمنى يىغىپ، ئۇلاردىن ئايرىلىپ ئاۋۋالقى دەرس تەكرار قىلىۋاتقان ئورنىمغا كەلدىم.

— سىڭلىم، ئىسمىڭىز نېمە؟ - يېقىملىق ئاۋازنى ئاڭلاپ كىتابتىن بېشىمنى كۆتۈردۈم. ئالدىمدا ئاق يۈزلۈك چىرايلىققىنا بىر قىز ماڭا قاراپ تۇراتتى.

— ھىلال.

— ھە، ئۆزىڭىزمۇ ھىلال ئايدەكلا چىرايلىق قىز ئىكەنسىز، — دېدى ئۇ ماڭا زوق بىلەن قاراۋېتىپ، — يۈرۈڭ، بىرگە رەسىمگە چۈشەيلى.

— رەھمەت، سىلەر چۈشۈۋېرىڭلار، — دېدىم مەن.

— تەكرار قىلىۋاتقان ئوخشىمامسىز؟

— ھەئە، كېلەر يىلى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرمەكچىدىم.

قىزنىڭ ماڭا سىنچىلاپ قارىشلىرىدىن خىجىل بولۇپ باشقا ياققا قارىۋالدىم.

— ئۇنداق بولسا بەك ياخشىغۇ، ئوبدان تەكرار قىلىڭ، بىزمۇ شۇنداق جاپالىق ئۆگىنىپ ئاران دېگەندە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلىگەن، تىرىشمىسا بولمايدىغان گەپ، — قىز شۇنداق دېگەچ ماڭا يېقىنلاپ كەلدى، — يۈرۈڭ، بىرەر قېتىم بولسىمۇ خاتىرە ئۈچۈن رەسىمگە چۈشۈۋالايلى، كىم بىلىدۇ كېلەر

يىلى بىزنىڭ مەكتەپكە بېرىپ قالامسىز تېخى.

— شۇنداق بولۇپ قالسىغۇ ياخشى بولاتتى، — ئىختىيارسىز قىزغا ئەگەشتىم.

بىز بىردەمدىلا چىقىشىپ كەتتۇق. قىزنىڭ ئىسمى دىلبەر بولۇپ، ئۇنىۋېرستېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئېھسان بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيدىكەن. دىلبەر ۋە باشقا قىزلار بىلەن خېلى كۆپ رەسىمگە چۈشۈۋالدىم، دىلبەرنى بارغانسېرى ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتاتتىم. بولۇپمۇ ئۇ قىزنىڭ كىچىك پېئىل، چىقىشقاقلىقى مەندە ياخشى تەسىرات قالدۇردى.

ئۆزۈمنى شۇ قەدەر يېنىك ھېس قىلىۋاتقىنىمغا قارىماستىن، قەلبىمدە قانداقتۇر بىر خىل خاتىرجەمسىزلىك باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. ئاھ، بۇ ئېھسان ئاجايىپ قىزىق گەپلىرى، يۇمۇرلۇق چاقچاقلىرى بىلەن باشقىلارنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈنلا يارىتىلغانمىكىن، ئۇنىڭ دائىم كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان لەۋلىرىدىن قىزىق-قىزىق سۆزلەر تۆكۈلۈپ تۇراتتى. قەلبىمدە ئەنە شۇنداق چۈشىنىپ بولمايدىغان غەيرىي ھېسسىياتلارنىڭ بولۇشىغا قارىماي، مەن ئۆزۈمنى تۇتالماستىن كۈلۈۋاتىمەن. تولۇقسىزدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ئازراقلا بىر قىزىق ئىشقا دۇچ كەلسەم تولا كۈلۈپ، ھەتتا بەزىدە تېلىقىپ قالىدىغىنىم ئېسىمدە. بۈگۈن يەنە شۇ ھالىتىمگە قايتقاندەك بولدۇم، كۆزلىرىم، لەۋلىرىم، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم قېنىپ-قېنىپ كۈلدى.

مەن ئۇلارنى مېۋە يېيىشكە تەكلىپ قىلدىم. ئېھسان ئۈزۈمگە ئامراق بولسا كېرەك، ھەدېسىلا ئۈزۈم يەيتتى.

— ھەي، ساۋاقداشلار، ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپتۇ، يۈرۈڭلار ئەمدى چىقايلى، — دېدى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىز.

يۈرىكىم ئېغىپ كەتكەندەكلا بولۇپ قالدىم. ئۇلارنىڭ قايتماقچى بولۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ، خۇددى قىممەتلىك بىر نەرسەم يىتىپ كەتكەندەك شۈكلەپلا قالدىم. ئۇلارنىڭ ئۇزاقراق تۇرۇشىنى، ھېچ بولمىغاندا كەچ كىرگىچە بولسىمۇ باغدىن چىقىپ كەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

— نېمىگە ئالدىرايسىلەر؟ تېخى ئانچە كەچ بولۇپ كەتمىدىغۇ؟ — دېدىم مەن.

ئېھسانمۇ باغدىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەندەكلا قىلاتتى. ئۇ خۇددى ھەر بىر ساپاق ئۈزۈمگە خوش دەۋاتقاندەك ھەممىسىگە تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن، بىردىنلا مەن تەرەپكە قاراپ:

— ھە راست، ھىلال، بىز يېگەن يەل-يېمىشلەرنىڭ پۇلىنى ھېسابلاپ كۆرۈڭا، تۆلىۋېتىپلا چىقىپ كېتەيلى، — دېدى.

بۇ چاقچاقتىن ئۆزۈمنى تۇتالماي كۈلۈۋەتتىم.

— ۋاي بولدىلا، ھېسابلىمايلا قوياي، يانچۇقىڭىزدىكى پۇلىڭىز يەتمەي قالمىسۇن يەنە، — دېدىم مەنمۇ چاقچاق قىلىپ.

— خوش ھىلال، بەكمۇ كۆڭۈللۈك ئوينىدۇق، رەھمەت سىزگە، ياخشى ئۆگىنىپ كېلەر يىلى چوقۇم بىزنىڭ مەكتەپكە بېرىڭ، — دىلبەر مەن بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشتى.

— مەنمۇ سىزنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىشىڭىزگە تىلەكداشمەن، — ئېھساننىڭ گېپى تۈگەپ بولغۇچە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي رەھمەت سىلەرگە، دەپ سالدىم.

ساۋاقداشلار زارىقىپ كۈتكەن، قورقۇنچلۇق، ئەمما خاسىيەتلىك كۈنلەر

ئاخىرى يېتىپ كەلدى. بىز شەھەرگە كىرىپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەردۇق. تەقدىر ئاجايىپ، بىر چاغلاردا دىلبەرنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى رېئاللىققا ئايلاندى. مەن بۈگۈن دەل شۇلارنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن چاقىرىق قەغىزى تاپشۇرۇۋالدىم. مەن ئەمدى راستتىنلا ئۇلار بىلەن بىر مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بولدۇم.

ماڭىدىغان ۋاقتىم ئاز قالغانسىرى قەلبىم ئۆزۈمۇ چۈشەنمەيدىغان بىر خىل ھېسسىياتلار ئىلكىدە داۋالغۇشقا باشلىدى. توۋا، مەن ئەمدى يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن رەسمىي ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالىمەنمۇ؟ قانداق بالىلار بىلەن ساۋاقداش بولۇپ قالارمەن؟ تولۇق ئوتتۇرىدىكى چاغلىرىمدا دوستلىرىم دائىم: «سەن چوڭ بولغاندا چوقۇم شائىرە بولىسەن» دېيىشەتتى. راستتىنلا شائىرە بولالامسام-ھە؟! مەكتىپىم قانچىلىك گۈزەلكىن؟!

مەكتەپكە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن دىلبەرنىڭ ياردىمى بىلەن تىزىمغا ئالدۇرۇش رەسمىيەتلىرىنى تېزلا بېجىرىپ بولدۇم. خۇددى سەيلىگاھقا ئوخشاش بىپايان ۋە گۈزەل مەكتەپ مۇھىتىغا قاراپ كۆڭلۈم يايراپ كەتتى. ئەتراپقا تويماي قارايتتىم.

— يولدا چارچاپ قالغانسىز، ھىلال، يۈرۈڭ ياتاققا كىرىپ ئازراق ئارام ئېلىۋېلىڭ، — دىلبەر ئۇنىمىغىنىمغا قويماي ياتاققا باشلاپ كىردى.

يورۇق، ئازادە ياتاق، پاكىز، رەتلىك كارىۋاتلار كىشىگە بىرخىل راھەتلىك ھېسسىيات بېغىشلايتتى. تاتلىق ھېسلار ئىلكىدە شېرىن ئۇيقۇغا كەتتىم...

...سۈپسۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان ئېرىق، مەن ئېرىقتىن قارشى تەرەپكە ئۆتەلمەيۋاتاتتىم.

— قولۇڭنى بەر ھىلال، مەن ئۆتكۈزۈپ قوياي، — قىزىل كۆڭلەك كىيىۋالغان، ئېگىز بەستلىك بولۇپ چىرايلىقلىشىپ كەتكەن ئېھسان ماڭا ھەدەپ قوللىرىنى سوزاتتى.

— ياق، ئۆزۈم ئۆتىمەن.

— قارا، بۇ گۈلگە ئېسىلىپ ئۆت.

مەن ئېھساننىڭ قولىدىكى ھال رەڭ ئېچىلغان قامچا گۈلگە ئېسىلىپ قارشى قىرغاققا ئۆتۈۋالدىم.

يېشىللىققا پۈركەنگەن گۈزەل دالا، گۈللەرگە قونۇۋالغان رەڭدار كېپىنەكلەر... ئېھسان مېنى ھارماي قوغلايتتى، بىردەمدىلا مەن ماڭغان يول تارام-تارام نۇرلاردىن ھاسىل بولغان بىر نۇرلۇق چىغىر يولغا ئايلىنىپ قالدى. شۇ چاغدا ئېھساننى يىتتۈرۈپ قويدۇم...

قاقاقلىغان كۈلكە ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. قىزلار دەرستىن چۈشكەنىدى.

— قارىغىنە ئاداش، بۈگۈن گىرىملىرىم ئانچە ياخشى بولماپتۇ-ھە؟ — دېدى سېرىقراق كەلگەن بىر قىز يېنىدىكىسىگە.

— نېمىدىگىنى، بۈگۈن پەيزى قىپسەن، ھە راست، قۇتلۇق سېنى كەچتە قىزلار ياتاق بىناسىنىڭ كەينىدە ساقلايمەن دېگەنتى.

— ھەي، قاراڭلار ئاۋۇ قىزنىڭ كىيىمى پەقەت ياراشماپتۇ، نېمە ئۇ سەھرالىقتەك، — دېدى ھېلىقى چاغدا بىزنىڭ باغقا كىرگەن دىلئارا دېگەن قىز سىرتقا كېتىۋاتقان بىرىنى ئىما قىلىپ، قىزلارنىڭ

ھەممىسى دېرىزىدىن سىرتقا قاراشقا باشلىدى.

— شۇنى دېمەمسەن، ئۆزىچە تېخى مودا كىيىم كىيىۋالغىنىنى تېخى!

شۇ ئەسنادا دىلبەر بىر ژۇرنالنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل خۇشاللىق چىقىپ تۇراتتى.

— خۇش خەۋەر، — دېدى ئۇ قىزلارغا قاراپ، — ئېھسانىنىڭ شېئىرلىرى ژۇرنالغا بېسىلىپتۇ.

— ۋاي - ۋۇي، — كايىدى دىلئارا، — خۇش خەۋەر دېسەڭ تېخى كەچتە مەكتەپتە تانسا بولامدىكىن، دەپتىمەن.

دىلبەر ئارتۇق گەپ قىلمايلا ژۇرنالنى ماڭا سۇندى:

— زېرىكىپ قالدىڭىز - ھە؟ ژۇرنال كۆرگەچ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن چىقىپ تاماق ئەكىرەي.

ھېلىراقتا كۆرگەن چۈشۈمنى ئەسلەپ ئىختىيارسىز كۈلگۈم كەلدى. پەقەت بىر قېتىملا كۆرۈشكەن، ئۇزاق ئايرىلىشىپمۇ باقمىغان بىر ئادەمنى چۈشەپ قالغىنىم قىزىق ئىش. ياتاقتا قىزلارنىڭ يەنە ھېلىقىدەك كەپلىرى داۋاملىشىۋاتاتتى. مەن ژۇرنالنى ۋاراقلاپ، ئەڭ ئاۋۋال ئېھسانىنىڭ شېئىرلىرىنى كۆرۈشكە ئالدىرىدىم.

شېئىرلار ئاجايىپ ياخشى يېزىلغانىدى. ياخشى بىر شېئىرنى ئوقۇش شېئىرنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلالىغۇچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ياخشى تائام بىلەن ئوزۇقلانغاندەكلا بىر ئىش. شۇ تاپتا ھاياجاندىن ئۆزۈمنى ئاران تۇتۇپ ئولتۇراتتىم. ئېھسانغا بولغان ھۆرمىتىم ھەسسىلەپ ئاشتى. مەن قاچانمۇ شۇنداق شېئىر يازالىغۇدەك بولارمەن؟

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئېھسان بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ مېنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەنلىكىمنى قىزغىن تەبرىكلەپ، قولۇمنى يېنىك سىقىپ قويدى.

بۈگۈن ھەربىي مەشقلىرىمىز ئاخىرلاشتى. ئېھتىمال شۇڭا ئۆزۈمنى بۆلەكچىلا يېنىك ھېس قىلىۋاتىمەن. ياتاقتىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىگە تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. مەن يېڭى ئوقۇغۇچىلارغا ۋەكالىتەن شېئىر ئوقۇماقچى بولدۇم. شېئىرىمنى كۆرۈپ ئولتۇراتتىم، بىر چاغدا ياتاققا دىلبەر كىرىپ كەلدى:

— ۋاي - ۋۇي شائىرە قىز، كېلىڭ، سىزنى بىر ياساپ قوياي، قاراڭ ئولتۇرۇپ كېتىشلىرىڭىزنى. ئازراق ياسىنىە قويۇڭ، — ئۇ شۇنداق دېگەچ ئالىغا كىرگەن گىرىم بۇيۇملىرىنى كارىۋىتىمغا قويدى. بۈگۈن ئۇ سۇس گىرىملەر بىلەن تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كەتكەنىدى.

ئەينەكتىن دىلبەرنىڭ چاققان قوللىرى بىلەن چىرايلىق ياسالغان سۇمبۇل چاچلىرىم، تېخىمۇ ئوماقلىشىپ كەتكەن چىرايىمنى كۆرۈپ ئۆزۈممۇ چۈشەنمەيدىغان بىرخىل ھېسسىياتلار ئىلكىدە ماڭا ئەڭ يارىشىدىغان توق زەڭگەر يۇڭ پوپايكامغا قول ئۇزاتتىم...

چىرايلىق بېزەلگەن فاكۇلتېت زالى. دىلبەرنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ ئولتۇرۇۋاتىمەن، زالغا لىق تولۇپ كەتكەن ئوقۇغۇچىلارغا تەكشى قاراپ چىقتىم. ئېھسان مېنىڭ ئوڭدۇل تەرىپىمدىكى ئورۇندا دوستلىرى بىلەن ئولتۇرغانىكەن،

www.uyghurkitap.com

كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى. ئېمىشقىدۇر دەرھال باشقا ياققا قارىۋالدىم. ئۇ كۆكرەكلىرىنى كېرىپ مەغرۇر ئولتۇراتتى. ھېلىقى قىزىل كۆڭلەكنى - بەكلا ياخشى كۆرسە كېرەك، قارا كاستۇم ئىچىگە يەنە شۇنى كىيىۋاپتۇ.

رىياسەتچى قىز كۆككۆل ئېچىش كېچىلىكىنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلغاندا زال ئىچى گۈلدۈراس ئالقىش ساداسىغا كۆمۈلدى، ئۆزۈمنىڭ بىردەمدىن كېيىن شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىدىغانلىقىمنى ئويلاپ، يۈرەكلىرىم رىتىمسىز سوقۇشقا باشلىدى.

— ھازىر ئېھسان ئۆزىنىڭ شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرىدۇ، — رىياسەتچى قىزنىڭ سۆزلىرى تۈگىشى بىلەن قىزغىن چاۋاك چېلىندى.

مېھرىڭدە مۇجەسسەم قۇياشلىق بىر باغ،
جان ئانا، ياشاپ قال قۇياش بىلەن تەڭ.

ئېھسان ئۆزىنىڭ ئانا ھەققىدە يېزىلغان شېئىرىنى ئوقۇپ بولۇپ ئورنىغا ماڭدى. قەلبىمدە بىرخىل شېئىرىي ھېسسىيات مەۋج ئۇراتتى. مەن ئېھساننىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدىم.

نۆۋەت ماڭا كەلدى. قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە ئاۋۋالقى قورقۇشلىرىم تۈگەپ، جۇشقۇن ھېسسىيات بىلەن شېئىرىمنى ئوقۇپ تۈگەتتىم. لېكىن ئورنىمغا ئولتۇرۇپ بولغىچىلىك ياڭراۋاتقان ئالقىش سادالىرىدىن ئۆزۈمچىلا خىجىل بولۇپ قالدىم. شېئىرىم پەقەت ياخشى يېزىلمىغاندەكلا تۇيۇلاتتى.

تانسا مۇزىكىسى بىلەن تەڭ جۈپ - جۈپ قىز - يىگىتلەر تانسىغا چۈشتى. شۇ ئەسنادا دىلبەرنىمۇ بىرى تارتىپ كەتتى. بېشىمنى كۆتۈردۈم، ئالدىمدا ئېھسان يېنىككىنە قول سۇنۇپ تۇراتتى. بىر ھەپتە ئىلگىرى ياتاقتا قىزلارغا ئەگىشىپ تانسا ئويناشنى ئانچە - مۇنچە ئۆگىنىۋالغانىدىم. بىزمۇ توپقا قېتىلدۇق.

— شېئىرنى ھەقىقەتەن ياخشى يازىدىكەنسىز، — دېدى ئېھسان تانسا ئويناۋېتىپ.

— نەدىكىنى، مىڭ قىلساقمۇ سىلەرگە يېتەلمەيمىز، — دېدىم مەن.

— مېنىڭمۇ چاغلىق، ھەرھالدا تىرىشىپ بېقىۋاتىمەن.

— شۇنداقمۇ تېخى، ئادەم قانچە بىلىملىك بولغانسېرى شۇنچە كەمتەرلىشىپ كېتەمدىكىن؟

— مەندە نەدىمۇ ئۇنچىلىك قابىلىيەت بولسۇن، سىز بىزدەك بولغىچە بىزدىن ئېشىپ چۈشىسىز.

كۆككۆل ئېچىش ئاخىرلاشقىچە ئېھسان بىلەن بىرنەچچە مەيدان تانسا ئوينىدىم. ئۇ بەك چاقچاقچى ۋە چىقىشقاق بولغاچقىمۇ ئۆزۈمنى ئازادە ھېس قىلدىم.

شەنبە. كەچتە سىنىپتا ئۆزۈم يالغۇز خاتىرە يېزىپ ئولتۇراتتىم، ئىشىك چېكىلدى. كارىدورغا چىقسام ئېھسان ئىكەن.

— ۋاقتىڭىز بولسا كىنو كۆرۈپ كېلەيلىمۇ، — دېدى ئۇ.

بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم مېنى كىنوغا تەكلىپ قىلىشى ئىدى. رەت قىلمىدىم. ئاۋۋالقىدەكلا ئىجادىيەت پاراڭلىرى بىلەن كىنوغا يۈرۈپ كەتتۇق.

شۇنىڭدىن كېيىن بىز كۆپ قېتىم بىللە كىنوغا باردۇق. بىر كۈنى كىنوغا كېتىۋېتىپ ئېمىشقىدۇر ئېھساندىن شۇنداق

سوراپ قالدىم:

— سىز ئىلگىرىمۇ بىزنىڭ يۇرتقا بېرىپ تۇرامتىڭىز؟

— ئىلگىرى چوڭ ئانامنى كۆرگىلى باراتتىم.

— مەن شۇ چاغلاردا سىزنى ئەجەب كۆرمەپتىكەنمەن. ئامىنە بىلەنغۇ دائىم بىللە ئويناتتىم.

— تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا چوڭ ئانامنىڭ ئۆيىدە سىزنى ئىككى قېتىم كۆرگەنىدىم.

— ھە، ئېھسان مېنى بۇرۇنمۇ كۆرۈپتىكەن - دە، بىراق ھەرقانچە قىلىپمۇ ئېھساننى كۆرگەنلىكىمنى ئەسلىيەلمىدىم. ئۇ چاغلاردا ئامىنە بىلەن ئىككىمىز كەچكىچە دالىمۇ - دالا ئويناتتۇق، بەلكىم كۆرسەممۇ دىققەت قىلمىغاندىمەن.

دىلبەرلەرنىڭ ياتىقىغا كونىدە دېگۈدەك كىرىپ تۇراتتىم، لېكىن يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان بۇ ياتاققا ئانچە كىرمەس بولدۇم. قاچانلا كىرسەم قىزلارنىڭ ياسىنىش، مۇھەببەت، ئاللىقانداق بىر قىزنىڭ كىيىنىشلىرى ھەققىدىكى گەپلىرى... بۇ گەپلەردىن ھەقىقەتەن بىزار بولغانىدىم.

مەن ھەرھالدا تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتقان، كەسپىمگە ئىشتىياق باغلاۋاتقان بولساممۇ يەنىلا ئۆز - ئۆزۈمگە قايىل بولمايتتىم. ئېيتىشقا مەجبۇرمەنكى، شۇ كۈنلەردە ئېڭىمدا «كەسىپ» دېگەن ئىبارەت بىر ئۆتكۈر تۇيغۇ ھۆكۈم سۈرسىمۇ، كۆڭلۈم بىرىگە باغلىنىپ قېلىۋاتاتتى. ھەر قېتىم كىتابنى قولۇمغا ئالسام خىياللىرىم ئىرادەمگە قارشى ھالدا ئاللىقانداق بىر يەرلەرگە ئۇچۇپ كېتەتتى. قەلبىم ھامان بىر ئىنسانغا، مېنى تۇنجى قېتىم مۇھەببەت بېغىغا كىرىشكە ئۈندەۋاتقان ئېھسانغا ئىنتىلەتتى...

بىر كۈنى كەچ قىرائەتخانىدىن چىقىپ ئېھسان بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇنىڭدىن خىجىل بولۇپ، بۇرۇنقىدەك ئوچۇق - يورۇق گەپمۇ قىلالماس بولۇپ قېلىۋاتاتتىم. تۇيۇقسىز قۇلىقىمغا مۇنۇ گەپلەر ئاڭلاندى:

— قارا، ماۋۇ نەرسىگىمۇ كېلە - كەلمەيلا قانات - قۇيرۇق چىقىقىلى تۇردى. قاچانلا كۆرسەم ئېھسان بىلەن بىللە...

ئاھ، خۇدا، نېمىلەرنى ئاڭلاۋاتىمەن؟! نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىدۇ بۇ خەق! كۆزلىرىمنى يوغان ئېچىپ ئارقامغا قايرىلدىم، كەينىمىزدە ئېھسان بىلەن بىر يۇرتلۇق ئىككى قىز كېلىۋاتاتتى.

مەن بىرپەس ئورنىمدا تۇرۇپ قالدىم، ئاندىن يۈگۈرگىنىمچە ياتاققا قايتىپ كىردىم. شۇ تاپتا يىغلىشىمنىمۇ، ۋارقىرىشىمنىمۇ بىلمەيتتىم، يىغلىسام نېمىشقا يىغلايمەن؟ شۇ ئەرزىمەس ئىككى ئېغىز گەپكىمۇ؟ ياق، ئەزەلدىن ھەسەتخورلار ئالدىدا يىغلاپ قالغان قىز ئەمەسمەن. كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرۇش ئۈچۈن ياستۇقۇم ئۈستىدىكى ئېلېكترونلۇق رويالغا قول ئۇزاتتىم.

ئىككىنچى ئوقۇش يىلىغا قەدەم قويدۇم. بۇ يىل دەرسلەرنىڭ تۈرى كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىسى كەسپىي دەرسلەر بولغاچقا ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق. شۇنداقتىمۇ مەن كىتاب ئوقۇش ۋە يېزىشنى قولدىن بەرمىدىم.

سىنىپتا «ئاق يېغىن» نى ئوقۇپ ئولتۇراتتىم. تۇرمۇش ھەيئىتىمىز پارتام ئۈستىگە «تارىم» نىڭ يېڭى سانىنى

uyghurkitap.com



قويۇپ قويۇپلا كېتىپ قالدى. كىتابىنى قاتلاپ قويۇپ ژۇرنالنى قولۇمغا ئالدىم. ئادىتىم بويىچە مۇندەرىجىگە كۆز يۈگۈرتتۈم. ئېھسان! ژۇرنالغا ئۇنىڭ «يارقىن تۇپراق» ناملىق پوۋېستى بېسىلغانىدى. قەلبىم گويا ئۆزۈمنىڭ ئەسىرى ئېلان قىلىنغاندەك شادلىققا تولدى. ئۆزىنىڭ ئەمگىكىدىن ھوزۇرلىنالمايدىغانلار ئۆزگىنىڭ ئەمگىكىنىمۇ قەدىرلىمەيدۇ. شۇ تاپتا مەن خۇشال، ئاجايىپ خۇشال، ھەتتا بىرەرى سورىغان سوئاللارغىمۇ تۈزۈك جاۋاب بېرەلمەيتتىم. كۈچلۈك قىزىقىش ئىلكىدە ئەسەرنى قانداقلارچە ئوقۇپ بولغىنىمنى ئۆزۈممۇ سەزمەي قالدىم. پوۋېست ناھايىتى ياخشى يېزىلغانىدى. ولۇپمۇ قىز پېرسوناژ يۇلتۇزنىڭ كەچۈرمىشلىرى يۈرىكىمنى تىترىتىۋەتتى. ئاپتور ئېھسان ئەمەس باشقا بىرى بولغان بولسىمۇ، مەن شۇ ئاپتورنى چوقۇم ئىزدەپ بارغان، مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن ئالقىشلىغان بولاتتىم.

ژۇرنالنى باغرىمغا باسقىنىمچە ئېھسانىنىڭ ياتىقىغا قاراپ يۈگۈردۈم. شۇ مىنۇتلاردا يولدىكىلەرگىمۇ سەپسالمايتتىم.

— ھىلال!

تونۇش ئاۋازدىن يانغا بۇرۇلدۇم. ئېھسان بىرقانچە دوستلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغانىكەن. مېنى كۆرۈپ ئالدىمغا كەلدى.

— «يارقىن تۇپراق» لىرىكىنى كېزىپ چىقتىم ئېھسان، سېنى چىن قەلبىمدىن ئالقىشلايمەن، — تۇنجى قېتىم ئۇنى «سەن» لەپ ئاتىدىم. مەن ئەڭ ياخشى كۆرگەن كىشىمنى شۇنداق ئاتايتتىم.

— كېزىپ قاندىڭىزمۇ ھىلال؟ — ئۇمۇ مېنى «سەن» لىدى.

— ياق، ئەسلا قانمىدىم.

— نېمىشقا؟ كۆڭلۈم يېرىم بولۇۋاتىدۇ.

— يېرىم بولمىسۇن، كىشى ئىنتىزار بولغان نەرسىسىگە ئاسانلىقچە قانمايدۇ.

ئىقرارمەنكى، ئۇنىڭ ئوغۇللارغا خاس ئاشۇ قامەتلىك بەستى، مەغرۇر تۇرقىدا، تەمكىن ئاۋازىدا كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان بىرخىل سېھىرىي كۈچ بار ئىدى.

شۇ كۈنى كەچ ئىككىمىز ئاستا قەدەملەر بىلەن مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقتۇق. قەلبىمنى بىرخىل ھاياجان قاپلىۋالغاچقا، ئۇنىڭدىن نەگە كېتىۋاتقانلىقىمىزنىمۇ سورىيالمايتتىم. ماڭا بىر ئەسىردەك تۇيۇلۇپ كەتكەن ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن ئۇ ئاستا ئېغىز ئاچتى:

— سېنى چۈشىنىپ قالسام بولامدۇ ھىلال؟ — دېدى ئۇ ئوتلۇق كۆزلىرىنى مەندىن قاچۇرۇپ.

— يالغان سۆزلىمە، — دېدىم مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئۇدۇل قاراپ، — سەن مېنى چۈشىنىسەن.

— چۈشىنىمەن، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — سېنىڭ مانا مۇشۇنداق ئالىي مەكتەپنىڭ 2 - يىللىقىغا قەدەم قويغان تۇرۇقلۇقمۇ يەنىلا بالىلىقىنى تاشلىيالمىغان قىز ئىكەنلىكىڭنى چۈشىنىمەن. سېنىڭ مۇشۇ مىجەزىڭ ماڭا بەكلا ياقىدۇ. بەك ساددا سەن ھىلال.

ئۆزۈمچىلا كۆڭلۈم بىرقىسما بولۇپ قالدى. باشقىلارنىڭ بولۇپمۇ ئېھسانىنىڭ مېنى «كىچىك» دېمەسلىكىنى ئۈمىد

قىلاتتىم، مانا چوپچوڭلا تۇرىمەنغۇ؟!

— گەپلىرىم خاتا بولۇپ قالدىمۇ - يا؟

— ياقەي.

— سەنچۇ؟ سەن مېنى چۈشىنەمسەن؟ راستىنى ئېيتقاندا مەنمۇ ئېھسانىنى چۈشىنىپ كېلىۋاتاتتىم. ئۇنىڭ ئالدىغا بارغاندا قىزىرىپ كېتىشلىرىم ئۆزۈمنىڭ قەلبىمنى ئاشكارىلاپ قويغان بولسا، ئۇنىڭ مېنى كۆرسە بولەكچىلا نۇرلىنىپ كېتىدىغان كۆزلىرى ئۇنىڭ قەلبىنىمۇ ئاشكارىلاپ قويغانىدى.

— چۈشىنىمەن، — دېدىم مەن.

— سېنى ياخشى كۆرىمەن، ھىلال. خالىساڭ بىز بۇنىڭدىن كېيىن ھاياتلىق سەپىرىمىزنى بىر - بىرىمىزگە سادىق بولۇپ بىرگە باسساق.

مەن ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ماڭا ھەرقانداق ئىشتا يالۋۇرۇپ - يېلىنىشلىرىنى خالىمايتتىم. شۇ كېچە مەن ئۇچۇن تۇنجى ئۇيقۇسىز كېچە بولدى. ھەرقانچە ئۇخلاي دېسەممۇ كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى. شۇ مىنۇتلاردا مەن دۇنيادىكى ئەڭ، ئەڭ بەختلىك، ئەڭ غالىب كىشى ئىدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ئىرادىلىك، تىرىشچان، قىسرغىن بىر قىزغا ئايلاندىم. ئېھسانمۇ ھەم شۇنداق.

بىر كۈنى بىز كەلگۈسى ئۈستىدە پاراڭلىشىپ قالدۇق.

— ئىككىمىز باشقا - باشقا يۇرتلاردىن ئېھسان، كەلگۈسىدە سېنىڭ ئاتا - ئاناڭ ئىككىمىزنىڭ توي ئىشىغا قانداق قارايدىغاندۇ؟ — دېدىم مەن.

— ئاتا - ئانام ھەممىنى توغرا چۈشىنىدۇ. يەنە كېلىپ ئىككىسىمۇ ئالىي مەكتەپتە مۇھەببەتلىشىپ توي قىلىشقانىكەن. ئۇلار ئەلۋەتتە قوشۇلىدۇ - دە.

— ئەگەر قوشۇلماي قالسا...

گېپىمنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدىم. ئۇ قوللىرىمنى چىڭ تۇتۇۋالغانىدى.

— ئۇنداق بولمايدۇ، ماڭا ئىشەن ھىلال ئېيىم!

بۈگۈن ئېھساننى پراكتىكىغا ئۇزىتىپ قويغىنىمغا ئۈچ ئاي بولدى. بىر يىلدىن ئاشقان مۇھەببەت تارىخىمىزدا ھەر ئىككىمىزنىڭ ئۇزاق ئايرىلىشىمىز مۇشۇ ئىدى.

كۈنلەرنى بىرخىل يالغۇزلۇق، غېرىبلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋاتىمەن. ئېھساننىڭ ئۆز يۇرتىدا پراكتىكا قىلغاندىكەن ئايرىلىش ئانچە ئېغىر تۇيۇلمىغانىدۇ. بىراق ماڭا تەس توختاۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ كىتاب ئوقۇش، يېزىش، ئۆگىنىش دېگەنلەرنى ھەرگىز قولدىن بەرمىدىم. ئېھسان ھەر قېتىملىق خېتىنىڭ ئاخىرىغا شۇنداق يېزىپ قوياتتى:

«...قەدىرلىكىم ھىلال، يەنىلا تەكىتلەيمەن. گەرچە گەپلىرىم ئالدىڭدا كونا بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ قوبۇل قىلغىن. مەن سېنىڭ ئىجادىيەت ئاسمىنىدا ھەقىقىي ھىلال ئايدەك پارلاپ تۇرۇشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. كۈنلىرىڭنى ئەرزىمەس ئۇششاق ئىشلارنىڭ قۇربانى قىلىۋېتىشىڭنى خالىمايمەن. تىرىش، يەنىمۇ تىرىشقىن. مېنىڭ قەلب ئاسمىنىمدىكى ھىلال ئېيىم.» بۇ بىرنەچچە جۈملە سۆز ماڭا بېرىلگەن ھەرقانداق ئىلھاملاردىن ئۈستۈن تۇراتتى.

تۇرۇپلا ئېھساندىن خەت كەلمەس بولۇپ قالدى.

مانا، بۈگۈن خەت كەلمىگىنىگە توپتوغرا بىر ئاي بولدى. ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ مېنىڭ كەينى-كەينىدىن يازغان خەتلىرىمنىمۇ جاۋابسىز قېلىۋەردى.

تەقەززالىق، بۇرۇختۇملۇق ئىچىدە تولىمۇ تەستە كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈۋاتىمەن.

مانا، ئىھسانلارنىڭ قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ يېقىنلاپ قالدى. يەنە تۆت كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن يۈز كۆرۈشىمەن. خەت يازالماسلىقىدا بەلكىم باشقا سەۋەبلەرمۇ باردۇ، كىم بىلىدۇ، ئاغرىپ يېتىپ قالدىمۇ تېخى.

زارىقىپ كۈتكەن كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئۇلار بۈگۈن كەچتە قايتىپ كېلەتتى. راستىنى ئېيتقاندا بۈگۈنكى دەرس پەقەت قۇلىقىمغا كىرمىدى. مەن شۇ چاغدىلا مۇھەببەتنىڭ ئاجايىپ ئۇلۇغ نەرسە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ۋاقتىم كارىدورغا چىقىش، سىنىپقا كىرىپ دېرىزىدىن سىرتقا قاراش بىلەنلا ئۆتۈۋاتاتتى.

دەرستىن چۈشۈپلا ھېچ نەرسىگە قارىماي ياتاققا يۈگۈردۈم. خىيالىمدا ئۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاش ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىدا مېنى ساقلاپ تۇرىدىغاندەكلا قىلاتتى. ئەپسۇس، بىنانىڭ ئالدىدا ئىھساننىڭ بىر قانچە ساۋاقداشلىرى تۇراتتى.

ياتاققا كىرسەم دىلبەر مېنى ساقلاپ ئولتۇرغانىكەن. بىز خۇددى ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەن ھەدە-سىڭىللاردەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق. خىزمەت ئېغىر كەلدىمۇ ياكى سەپەر ھاردۇقى يەتتىمۇ، ئۇنىڭ چىرايلىرى ياداپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ قالغاندەك كۆرۈندى. بىز خېلى ئۇزۇن پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق، شۇ تاپتا دىلبەر بىلەن پاراڭلىشىۋاتقىنىم بىلەن پۈتۈن پىكرى-خىيالىم ئىھساندا ئىدى.

دىلبەر چىقىپ كېتىشىگىلا ئىھسانلارنىڭ ياتىقىغا قاراپ ماڭدىم. ئەپسۇس، ياتاقتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى. قارىغاندا يولدا تازا چارچىغان بولسا كېرەك، ئويغىتىشنى خالىماي ئارقامغا ياندىم.

مانا، بۈگۈن ئۇلارنىڭ كەلگىنىگە بىر ھەپتىدىن ئاشتى. قىزىق ئىش. ئۇ مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلمامدىكىنە؟ ئۇنىڭدىن قاتتىق رەنجىدىم. شۇنداقتىمۇ كۆڭلۈم ھامان ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئىنتىلەتتى.

كەچتە سىنىپتا ئولتۇراتتىم، بىرى چاقىرىپ قالدى. ئىشىك ئالدىغا چىقتىم-يۇ، ئۆزۈمنى يىغلىۋېتىشتىن ئارانلا تۇتۇۋالدىم. ئالدىمدا مەن شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان ئىنتىزار بولۇپ كۈتكەن، سىيماسى قەلبىمگە ئورناپ كەتكەن كىشى تۇراتتى.

— قانداق ئەھۋالىڭ؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچە بوش، ئۆزى تولىمۇ روھسىز كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭغا قاراپ ھەيران قالدىم. كۆز ئالدىمدىن بۇرۇنقى ئىھسان لاپ قىلىپ ئۆتتى.

— ياخشى.

— يۈرە، ئايلىنىپ كېلىمىز.

گەپ-سۆزسىز ئۇنىڭغا ئەگەشتىم. ھەر ئىككىلىمىزنىڭ قەدەملىرىمىز شۇنچىلىك ئېغىر، كەيپىياتىمىز بەكمۇ سوغۇق، ئۈن-تىنسىز كېتىۋاتىمىز. مەن ئېغىز ئاچمىسام ئۆكەپ قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— پراكتىكىنى قانداق ئۆتكۈزدۈڭ؟ — دېدىم مەن.

— ياخشى.

بۇ سوئال-جاۋابلاردىن كېيىن يەنە سۈكۈت باشلاندى. ھېچقاچانقىغا ئوخشىمايدىغان بۇ ئۇچرىشىشىمىز بىر خىل يامان ئاقىۋەتتىن دېرەك بېرىۋاتقاندەكلا قىلاتتى. بىز مەكتەپنىڭ ئارقا بېغىدىكى بىر ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇق، مەن بۇنداق ئولتۇرۇۋېرىشنى ھەرگىز خالىمايتتىم.

— ئېيتقىنا ئېھسان، ماڭا نېمىشقا خەت يازمىدىڭ؟ مەن سېنى ئاغرىپ قالدىمىكىن دەپ بەكمۇ ئەنسىرىدىم.

ئېھسان بىر نۇقتىغا تىكىلىپ جىمجىت ئولتۇراتتى.

— كەچۈر قىل ئېھسان، بۇنداق ئولتۇرۇۋەرمەيلى، — دېدىم مەن.

— مېنى كەچۈرمەسەن ھىلال.

قەلبىم بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك ئەندىكىپ كەتتىم.

— نېمىشقا، سەن ئالدىمدا گۇناھ قىلمىدىڭغۇ؟

— گۇناھ قىلدىم، ئېغىر گۇناھ قىلدىم. مەن سېنىڭ پاك قەلبىڭنى يارا قىلماقچى بولۇۋاتىمەن، — ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى. — بىلەمسەن، ئوقۇشۇم بۇ يىل پۈتىدۇ، ئۆيدىكىلەر پاتراق تويۇمنى قىلىۋېتىش ئۈچۈن بىر قىز بىلەن چاي ئىچۈرۈپ قويۇشتى...

— راستمۇ، توۋا...

شۇ تاپتا ئۆزۈمنىڭ نېمە دېگەنلىكىمنىمۇ ئۇقالمىدىم.

— مەن كىچىكىمدە بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان، بىر چاغدا سەن رەسىمىنى كۆرۈپ ئىسمىنى سورىغان قىز بىلەن...

دەرھال ئېسىمگە كەلدى. بىر كۈنى ئېھساننىڭ ئالبومىنى كۆرۈۋېتىپ ئېھساننىڭ ئاپىسى، ئېھسان ۋە بىر قىز ئۈچى بىللە چۈشكەن بىر سۈرەتنى كۆرگەنىدىم. ھېلىقى قىز بەكلا چىرايلىق ئىدى. بولاقتەك كۆزلىرى، كۆلكە يېغىپ تۇرغان ئوماق لەۋلىرى ھەر قانداق كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى.

ئېھسان بىپەرۋا قىياپەتتە ئولتۇراتتى.

— چاي ئىچۈرۈپ قويۇشتى دەۋاتامسەن؟ — مەن تەسلىكتە ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭدىن سورىدىم، — سەن قوشۇلدىڭمۇ ئېھسان؟

— ئاتا-ئانا چىڭ تۇرۇۋالغاندىكىن بالىغا نېمە ئامال؟ ئۇ قىزنى بۇرۇندىلا ماڭا نىشانلاپ يۈرۈشۈپتىكەن...

— ئاتا-ئاناڭنىڭ ئويىنى بۇرۇن بىلمەمتىڭ؟

— بىلگەن بولسام سېنى بىكار ئازابلايتتىممۇ؟

يىگىرىم قالايمىقانلىشىپ، نېرۋىلىرىم قىزىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلىيالمىدىم. توغرىسى، ئاڭلاشنىمۇ خالىمايتتىم. ئاھ، ئېھسان، ئاتا-ئاناڭنىڭ ئويىنى بىلەتتىڭ، سېنىڭ ئاشۇ ئەقىللىق كۆزلىرىڭ ھەر ئىشنى بايقاشقا قادىر ئىدى. بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان، ھەتتا ئاناڭ بىلەن بىرلىكتە تۇرۇپ رەسىمگە چۈشكەن... ئاھ، سەن ھېچنېمىنى بىلمەي قالاتتىڭمۇ؟ نېمىشقا مېنى ئالدىدىڭ؟! سېنى ياخشى كۆرگىنىم، ساددىلىقىم ئۈچۈنمۇ؟ ئەسلىدە سېنى خاتا چۈشىنىپتىكەنمەن...

كۆز ياشلىرىمنى تۇتۇۋالالماي قالدىم. تۇنجى قېتىم بىر ئوغۇلنىڭ ئالدىدا ياش تۆكۈپ ئولتۇرۇشۇم ئىدى. بۇ چۈشۈم ئەمەستۇ؟ ياشقا تولغان كۆزلىرىم بىلەن يانغا باقتىم. كۆز ئالدىمدىكى چۈش ئەمەس، قاباھەتلىك رېئاللىق، يېنىمدىكىسى باشقىسى ئەمەس، ھېلىقى مەن

www.uyghurkitap.com

قارىغۇلارچە يىلتىشى كۆرۈپ قالغان، ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي باشقا نىگارغا مەنسۇپ بولغان ساختا ھېيلىگەر ئىنسان ئىدى.

ھەيرانمەن، شۇمۇ ئالىي مەكتەپنى تۈگىتىش ئالدىدا تۇرغان يۇقىرى مەلۇماتلىق ياشمۇ؟ توغرا، بالا ئاتا-ئانىنىڭ كېيىنى ئاڭلايدۇ، بىراق مېنىڭچە، ئۆز مۇھەببىتىنى قەدىرلىيەلمىگەن، ئۆز بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلالمىغان كىشى ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ ھېچنېمىسىنى، ھەتتا ئاتا-ئانىسىنىمۇ قەدىرلىيەلمىسە كېرەك.

—سېنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن ھىلال.

ئۇنىڭ ئالدىدا بۇنداق ياش تۆكۈپ ئولتۇرۇشنىمۇ، ئارتۇق سۆزلەشنىمۇ خالىمايتتىم.

شۇ تاپتا مەندە قورقۇش دېگەن نەرسە يوق. تېز - تېز قەدەملەر بىلەن چىراغ نۇرىدا تېخىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنىۋاتقان ياتاق بىناسى تەرەپكە كېتىۋاتىمەن.

تۇنجى مۇھەببىتىمدىن ئەنە شۇنداق خاتىرە قالدى. تالاي كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز، ۋىسالسىز مۇھەببەت قالدۇرۇپ كەتكەن ئەلەملىك خىياللار بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتتىم. شۇ ۋاپاسىز ئىنساننى ئويلىماي دېسەممۇ ئۇ ھەدېسىلا خىيالىمغا كىرىۋالاتتى. ياتاقتا ئازراقلا كۆڭۈلسىزلىككە يولۇقسام يىغلاپ قالاتتىم. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى جىمغۇرلىشىپ، باشقىلارنىڭ گەپلىرىنىمۇ ئاڭلاشقۇم كەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم.

بىر كۈنى كەچتە ئۆزۈم يالغۇز تاماقخانىغا كېتىپ باراتتىم. ئالدىمدىن ئىككى قىز چىقىپ كەلدى. يېنىمغا كەلگەندە بىرى قەستەنگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ:

—ئاردىمىسەن ئاداش، مۇھەببىتىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ئۆزۈمنى بەكلا تاشلىۋەتتىم،—دېدى.

—ئۆلۈۋالساڭ بولمامدۇ ۋاي بىچارە،—دېدى يەنە بىرى.

—ھا... ھا... ھا...

بۇ ئىنسانىنىڭ ھېلىقى يۇرتداشلىرى ئىدى. ئۇلار مېنى گەپتە سوقۇۋالغاندىن كېيىن كۈلگەن پېتى كېتىپ قېلىشتى.

پەرۋاسىز ئۆتۈپ كەتتىم. نېمە دېگۈلۈك؟ شۇلارمۇ ستۇدېنتلار، 90 - يىللاردىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى - ھە ...

بۈگۈن كەچ ياتاقتىن چىقىپ ئىنسان بىلەن دائىم پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدىغان، دەسلەپ مۇھەببەتلەشكەن جايغا كەلدىم.

يېڭى چىققان ھىلال ئاي، جىمىرلىشىپ تۇرغان يۇلتۇزلار ماڭا قاراپ تەبەسسۇم قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. مەن ئاي يورۇقىدا كونا ئىزلارنى ئىزدىدىم، لەۋلىرىم ئاستا پىچىرلاۋاتاتتى:

—ئەمدى سىلەرمۇ ئۆچۈپ كېتىڭلار، ئىزلىرىم. شىكەستە بولغان قەلبىم سىلەرنىڭ تۇنجى مۇھەببىتىمگە شاھىت بولۇپ تۇرۇۋېرىشىڭلارنى خالىمايدۇ...

گەپلىرىمنى جاراڭلىق بىر ئاۋاز بۆلىۋەتتى. ئەتراپىقا قارىدىم، ھېچكىم يوق، ئاسمانغا قارىدىم، چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان يۇلتۇزلار ماڭا نىمدا قىلىۋاتقانىدەكەن:

—ئەي قىز، بولدى ياش تۆكمە، بارلىق ئازابلارنى ئۇنتۇپ كەت. سەن ئالىي مەكتەپكە مۇھەببەت ئۈچۈنلا كەلگەنمىدىڭ؟ ساڭا ۋاپا قىلمىغان كىشى ئۈچۈن ياش تۆكۈپ ئاۋارە بولۇش بىھاجەت، ئالدىڭغا قارا، بەخت، ئىستىقبال سېنى ئالدىڭدا!

مەسئۇل مۇھەررىر: سارەم ئىبراھىم

قارزۇگۈل بىلال

# ئارماننىڭ ئارمىنى

(ھېكايە)

1

كىچىكىمدە باشقىلار مەندىن ئاپاڭ ياخشىمۇ، داداڭمۇ، دەپ سورىسا، ھەمىشە دادام بار سورۇندا «دادام ياخشى»، ئاپامنىڭ ئالدىدا «ئاپام ياخشى» دەيتتىم. بىراق كېيىنكى كۈنلەردە نېمە ئۈچۈندۇر بۇ سوئالغا ھەر قانداق چاغدا «ئاپام ياخشى» دەپلا جاۋاب بېرىدىغان بولدۇم. ئاپام ھەقىقەتەنمۇ ياخشى ئىدى. ماڭا بەكمۇ كۆيۈنەتتى. دادام ماڭا يات ئادەمدەك تۇيۇلاتتى. گەرچە دادام يات-پاتلا سىرتقا چىقىپ تۇرسىمۇ، مەن ئۇنى ئانچە سېغىنىپ كەتمەيتتىم. چۈنكى ئۇ بولسىلا ئائىلىمىزدە بىر خىل كۆڭۈلسىزلىك پەيدا بولاتتى. دادامنىڭ قاپىقى ئېچىلمايتتى. ئاپامنىڭمۇ كۆلىدەك ئېچىلىپ تۇرىدىغان چىرايىنى بۇلۇت قاپلايتتى. ئۇلار قانداقتۇر بىر ئىشلار توغرىسىدا جېدەللىشەتتى.

بىر كۈنى ئاپامنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ: «مەن ئاجراشمايمەن، ئوغلۇمنى يېتىم قىلمايمەن» دېگىنىنى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. مەن ئاپامدىن:

— ئاپا، ئاجرىشىش دېگەن نېمە؟ — دەپ سورىدىم. ئاپام يۈزلىرىمگە قارىدى. ئاندىن بىردىنلا مېنى باغرىغا باستى-دە، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

ئاپامنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ، ئاجرىشىشنىڭ ئاپام خالىمايدىغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. شۇنىڭدىن كېيىن دادامدىن ئېھتىيات قىلىشقا، ئامال بار ئۇنىڭ چىشىغا تەگمەسلىككە تىرىشتىم. لېكىن تاسادىپىي بىر ئىش كىچىككىنە قەلبىمگە دادامغا بولغان ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنى سالدى.

ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بوۋامنىڭ ئۆيىدىن قايتىۋېتىپ، دادامنىڭ باشقا بىر ئايال بىلەن كۈلۈشۈپ، چاقچاقلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇلار ئۇدۇلۇمغا كېلىپ قالغاندا، دادام مېنى ئۇ ئايالغا ... بالام، بۇ دائىم ساڭا كېيىم قىلىپ بېرىدىغان ئازمىنەم، دەپ تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ چىرايىدا مەن ئۇزۇندىن بېرى كۆرمىگەن خۇشال خۇيلۇق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. دادامنىڭ ئۇ ئايال بىلەن بولغان مۇئامىلىسىدىن كۆڭلۈم ئاللىقانداق بىر غەيرىيلىكنى سەزدى.

ئۇ ئايال چىرايى جەھەتتە ئاپامنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قولغا سۇمۇ قۇيۇپ بېرەلمەيتتى. لېكىن ئۇ روھلۇق، سالاپەتلىك كۆرۈنەتتى. كۆزلىرى ئاپامنىڭ كۆزلىرىدەك خۇنۇك ئەمەس، بەلكى ئۆتكۈر، روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. مېنىڭ دادامغا شۇنداق ئاچچىقىم كەلدىكى، ئۇنىڭغا غەزەپلىك كۆزلىرىم بىلەن ھومىيىپ بىر قارىۋېتىپ، كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا يۈگۈرگىنىمچە كېتىپ قالدىم.

شۇندىن باشلاپ ئاپامغا بۆلەكچىلا ئىچىم ئاغرىيدىغان بولدى. بەزىدە ئۇنىڭغا ئۇزۇندىن ئۇزۇن قاراپ ئولتۇرۇپ كېتەتتىم. ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىدىن قانداقتۇر بىر خىل غەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. دادام بىلەن بىرگە ئۇچرىغان ھېلىقى ئايال كۆز ئالدىمغا كەلسىلا، دادامغا بولغان ئۆچمەنلىكىم ھەسسىلەپ ئېشىپ، مۇشتۇملىرىم تۈرۈلۈپ كېتەتتى. لېكىن دادام بولمىسا باشقىلارنىڭ مېنى «يېتىم» دەيدىغىنىنى ئويلىسام، يۈرىكىم سىقىلاتتى. مەن يېتىم بولۇشنى خالىمايمەن، دادامنىڭ مېنى تاشلاپ كېتىشىگە يول قويمايمەن، دەيتتىم ئۆز - ئۆزۈمگە.

بىر كۈنى ئاپام بىلەن بازارغا چىقتۇق. ئاپام مېنىڭ قولۇمدىن يېتىلىۋالغان، ئىككىمىز كەپلىشىپ كېلىۋاتاتتۇق. تۇيۇقسىز ئاپام كەپتىن توختاپ، مېنىڭ قولۇمنى قاتتىق قىستى. مەن ئاپامغا قارىدىم. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. قانسىز لەۋلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى. مەن بۇ ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي ئەتراپقا قارىدىم. نەزەرىم بىردىن نەچچە قەدەم نېرىدا بىزگە تىكىلىپ تۇرغان ئېگىز بويلۇق بىر كىشىگە چۈشتى.

— ئاپا، ئاۋۇ كىشى بىزگە قاراۋاتىدۇ، — دېدىم مەن ئاپامنىڭ قولىنى تارتىپ.

ئاپام ئوڭايسىزلانغاندەك قىياپەتتە ئەتراپىغا سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن ماڭا:

— بالام، سەن مۇشۇ يەردە كىچىككىنە تۇرۇپ تۇر، مەن ھازىرلا كېلىمەن، — دېدى - دە، ھېلىقى ئادەمنىڭ قېشىغا كەتتى.

ئاپام ھېلىقى ئادەمنىڭ ئالدىدا جىممىدە تۇراتتى. ئۇ ئادەم بولسا قوللىرىنى شىلتىپ بىر نېمىلەرنى دەيتتى. قارىماققا ئۇ ئاپامنى ئەيىبلەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئاپام خۇددى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئالدىدا خاتالىق ئۆتكۈزگەن كىچىك بالىدەك يەردىن ئۈستۈن قارىمايتتى. بىر چاغدا ئاپام بېشىنى چايقىغىنىچە، ئارقىغا ئۆرۈلۈپلا يېنىپ كەلدى. ئۇ يەنە ئىلگىرىكىدەك مېنىڭ قولۇمدىن يېتىلىۋالدى. بىز خېلى ماڭغاندىن كېيىن كەينىمگە ئۆرۈلۈپ قارىسام ھېلىقى ئادەم ئورنىدا مىدىرلىماي تۇرۇپتۇ. كېتىۋېتىپ پات - پات ئاپامغا قاراپ قوياتتىم. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولغانىدى. توۋا، نېمە ئىشتۇ بۇ، نېمە ئۈچۈن بۇ ناتونۇش ئادەم ئاپامنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىدىغاندۇ؟ مېڭەم ئاللىقانداق چىگىش سوئاللار بىلەن تولدى.

2

كۈنلەر ماڭا تولىمۇ ئاستا ئۆتكەندەك بىلىنەتتى. يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، مەنمۇ چوڭلا يىگىت بولۇپ



قالدىم. ئائىلىمىزدىكى كۆڭۈلسىزلىك ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا داۋاملاشماقتا، ئاپام ئوغلىنى يېتىم قىلماسلىق ئىرادىسىدىن يانمىغان بولسا، دادامۇ ئاجرىشىش نىيىتىدىن ۋاز كەچمىگەنىدى. مەن مۇشۇنداق كۆڭۈلسىز ئائىلىدە تۇغۇلۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، ئۆزۈمنى تولىمۇ غېرىب، بىچارە ھېس قىلىشقا باشلىدىم. بارغانسېرى جىمغۇرلىشىپ كەتتىم. ئادەم كۆپ جايلارغا بارغۇم كەلمەيتتى. تەڭتۇشلىرىمدىنمۇ ئۆزۈمنى تارتاتتىم. ماڭا بىردىنبىر كۆڭۈللۈك ئىش كىتاب ئوقۇش، دەرس تەكرارلاش ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئالىي مەكتەپكە چىقتىم.

خۇددى كېسەلنىڭ ساقايغۇسى كەلسە، تېۋىپ ئۆزى كەپتۇ، دېگەندەك ئىش بولدى. بىزگە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچىنىڭ دەل ھېلىقى چاغدا كوچىدا ئاپامنىڭ كۆزلىرىنى ياشلىغان ئادەم بولۇپ چىقىشىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدىم.

ئۇنىڭ ئېتى سادىق بولۇپ، دەرسنى ناھايىتى قىزىقارلىق سۆزلەيتتى. ئاڭلىشىمچە ئايالى بىلەن خېلى بۇرۇنلا ئاجرىشىپ كەتكەنىكەن. ئۇ ئۆز كەسپى-گە ھەددىدىن زىيادە قىزىققاندىن باشقا، ئۆزىنى ھاراققا بەكرەك ئۇراتتى. مەن دەرستە ياخشى بولغانلىقىم ئۈچۈنمۇ، مېنى خۇددى ئۆز ئىنىسىدەك ياخشى كۆرەتتى.

بىر كۈنى ئۇ مېنى يەنە ياتىقىغا چاقىرتتى. مەن ياتاققا كىرگەندە ئۇ ئازراق تەڭشىلىپ قالغانىكەن. مېنىڭ كىرگىنىمنى كۆرۈپ، سەل ئوڭايسىزلاندى-يۇ، لېكىن دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، ماڭىمۇ بىر رومكا ھاراق قويۇپ:

— ئۇكام، بىز سىنىپتا ئۇستاز بىلەن ئوقۇغۇچى، ماۋۇ سورۇندا ئاكا-ئۇكا، شۇنداقمۇ؟ — دېدى.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدىم مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ.

ئۇ بىر پەس جىمىدە ئولتۇرۇپ كەتتى. قارىغاندا بىرەر كۆڭۈلسىز ئىشى ئېسىگە چۈشتى بولغاي، ماڭا قاراپ سىرغۇقىنە كۈلۈپ قويۇپ، يەنە بوتۇلكىنى قولىغا ئالدى.

— بولدى قىلىڭا، مۇئەللىم. ئادەمنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، مەست بولۇۋالغىنىڭىز نېمىسى، يەنە ئىچسىڭىز قايتىپ

www.uyghurkitap.com

كېتىمەن جۇمۇ، — دېدىم.
ئۇ بىر پەس گەپ - سۆزسىز ئولتۇر-
غاندىن كېيىن قوللىرىنى مۇرەمگە قويۇپ:
— مەن سېنى ئۆز كۆرۈۋاتىمەن.
ئوكام، بۈگۈن ئۇ ئېسىمگە كېلىپ قېلىپ
ئازراق ئىچىپ قويدۇم، — دېدى باش-
ئاخىرى يوقلا.
— كىمنى دەۋاتىسىز؟ — دېدىم مەن
ھېچنېمە چۈشىنەلمەي.
— ھەي... ئۇ بىر پەرىشتە ئىدى دې-
گىنە، — دېدى سادىق مۇئەللىم ۋە ئىختى-
يارسىزلا سۆزلەپ كەتتى:
— ئۇ گۈلباغ ئوتتۇرا مەكتىپىدە
مەندىن ئىككى سىنىپ تۆۋەن ئوقۇيتتى.
ئۇنىڭ زېرەكلىكى، چىرايلىقلىقى ۋە مې-
جەزىنىڭ خۇش خۇيلۇقى ئادەمنىڭ مەستلى-
كىنى كەلتۈرەتتى. بىز بىر - بىرىمىزنى
ياخشى كۆرەتتۇق. نەزەرىمدە ئۇ ھايا-
تىمدىنمۇ ئەزىز ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ
ماڭا بولغان سەممىي، قىزغىن مۇئامى-
لىسى، ئوتتۇرىمىزدىكى مۇناسىۋەتنى قە-
دىرلىشى مېنىڭ ھايات سەپىرىمنى ئۇنىڭ
بىلەن بىرگە بېسىش ئىشەنچەمنى ئاشۇ-
راتتى. مەن ئالىي مەكتەپكە كەلگەندە
ئۇ ئەمدى تولۇق ئوتتۇرىغا چىققانىدى.
بىز ئىككى يىلغىچە ھەر ھەپتىدە دېگۈ-
دەك خەت يېزىشىپ تۇردۇق. تۇرۇپلا
ئۇنىڭدىن خەت كەلمەس بولۇپ قالدى.
مېنىڭ يازغان خەتلىرىم جاۋابسىز قېلى-
ۋەردى. ئەسلىدە ئۇ توي قىلىپ كەتكەنى-
كەن. كېيىن مەكتەپ پۈتتۈرۈپ مۇشۇ
يەردە قالدىم. ئاندىن مېنى ياقتۇرىدى-
غان بىر ساۋاقدىشىم بىلەن توي قىلدىم.
لېكىن كۆڭۈل رىشتى چىگىلمىسە، خۇددى
تاشنى تاياققا تاڭغىلى بولمىغاندەك،

زادى ئەپلەشمەيدىكەن. بۇ خىل تۇرمۇش-
تىن ھەر ئىككىلىمىزنىڭ كۆڭلى سۇئىستې-
دى. شۇنداق قىلىپ ئاجرىشىپ كەت-
تۇق. ئادەم دەسلەپ كۆڭۈل بەرگەن
كىشىسىنى ھېچقاچان ئۇنتۇيالمايدىكەن.
شۇ دەرد ئۇكا، — ئۇ ئاستا ئورنىدىن
تۇرۇپ چامادانىنى ئاچتى ۋە ئىچىدىن
بىر سۈرەتنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بىر پەس
قاراۋالغاندىن كېيىن ماڭا سۇندى:
— قاراپ باقە، چىرايلىقمىكەن.
بۇرۇنقى قىزلار مانا مۇشۇنداق تەبىئىي
گۈزەل دېگىنە! — دېدى.
مەن سۈرەتكە قارىدىم. سۈرەتتى-
كى قىز ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىدى.
ئۇنىڭ چىرايىدىن جىلۋىلىنىپ تۇرغان
شادلىق كۈلكىسى، شەھلا كۆزلىرىدىن تۆكۈ-
لۈپ تۇرغان بەخت ئۇچقۇنلىرى كىشى-
گە خۇددى جاھاندىكى ئىسسىق - سوغۇقتىن
قىلچە بىخەۋەر بىر مەسۇمەنى ئەسلىتەتتى.
ئۇنىڭ ئېڭىكىنىڭ سول تەرىپىدە خۇددى
مېنىڭ ئاپامنىڭكىگە ئوخشاش مېڭى بار
ئىدى. ئىختىيارسىز سۈرەتنىڭ كەينىدىكى
«گۈلجان» دېگەن خەتكە كۆزۈم چۈشۈپ
قېلىپ چۆچۈپ كەتتىم. بايا سادىق
مۇئەللىم «گۈلباغ ئوتتۇرا مەكتىپى»
دېگەندەك قىلدۇيدى، ئاھ خۇدا، بۇ مې-
نىڭ ئاپاممۇ؟ بۇ راستتىنلا مېنىڭ
ئاپاممۇ؟ مەن سۈرەتكە قايتىدىن سەپ-
سالدىم. يۈرىكىم لەرزىگە كەلدى.
شۇنىڭ بىلەن بىرگە يۈرىكىمدە بىر خىل
قانائەت تۇيغۇسىمۇ پەيدا بولدى.
گەرچە ئاپامنىڭ كۆزلىرىدىن چاقنىغان
بەخت ئۇچقۇنلىرى ۋاقىتسىز ئۆچكەن
بولسىمۇ، لېكىن ئاپام قانداقلا بولمىسۇن
ھاياتىدا ھەقىقىي ۋە ساپ مۇھەببەتكە
ئېرىشكەن، بۇنىڭ ئۆزى بەخت ئەمەسمۇ؟

مەن سادىق مۇئەللىمگە قارىدىم. ئۇنىڭ 20 يىلدىن بۇيان ئۆچمىگەن مۇھەببىتى ۋۇجۇدۇمنى ھاياجانغا سالاتتى. بىراق ئاپام نېمىشقا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەندۇ؟ يەنە نېمە ئۈچۈن ئۇ دادامنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئۇنىڭ دادامنىڭ ۋاپاسىزلىقىغا تۇتقان پەرۋاسىزلىقى ئۇنىڭ ئەزەلدىن دادامنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرمەمدۇ؟ بۇ رېئاللىقنى كاللام زادى قوبۇل قىلالمايتتى. شۇنداقلا بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەي تۇرۇپ، شۇ بىچارە ئاپامنى ئەيىبلەشكىمۇ كۆڭلۈم ئۇنىمايتتى. مەن گەپ-سۆز قىلماي سۈرەتكە قارىغىنىمچە ئولتۇرۇپ قالدىم.

— ئۇ نېمىشقا سىزدىن يۈز ئۆرۈپ، باشقا بىرى بىلەن توي قىلغاندۇ؟ — دېدىم مەن روھىي - ھالىتىمدىكى ئۆزگىرىشلەرنى مۇئەللىمنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، — سۈرۈشتۈرۈپ كۆرمىدىڭىزمۇ؟

— سۈرۈشتۈرمەيدىغان ئىش بولامدۇ؟ ھەي... — ئۇ ھەسرەتلىك بىر تىنىۋېتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇنىڭ رۇقىيە دەيدىغان بىر دوستى بار ئىدى، كېيىنكى ئىشلارنى مەن شۇ رۇقىيە ئارقىلىق ئۇقتۇم. راستىنى ئېيتسام مەن ئۇنى 10 يىلغىچە ئىزدىمىگىنىمگە تاھازىرغىچە پۇشايمان قىلىمەن، ھەي... ئىست... — سادىق مۇئەللىم يەنە جىمىپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ غەمكىن، ھەسرەتلىك تۈس ئالدى.

ئاپامنىڭ راستىنلا رۇقىيە ئىسىملىك دوستى بار. ئاپامغا ئۇنىڭدىن پات - پات خەت كېلىپ تۇرىدۇ. مېنىڭ ئەمدى بۇ يەردە ئارتۇق ئولتۇرۇشقا، مۇئەللىمنىڭ كەپلىرىنى ئاڭلاشقا تاقىتىم قالمىدى. مەن مۇئەللىمنىڭ تۇتقىنىغىمۇ قارىماي ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، ياتاققا قايتىپ كەلدىم.

مەن ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى ئاتا - ئانامنىڭ ئىناقسىزلىقىدىن ئائىلىمىزنىڭ داۋاملىق كۆڭۈلسىز ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقى، بۇ سەۋەبنى بىلىش ئارزۇيۇمنىڭ مېنى نەقەدەر قىيناپ كەلگەنلىكى ھەققىدە رۇقىيە ھەدەمگە خەت يېزىش قارارىغا كەلدىم.

3

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن رۇقىيە ھەدەمدىن خەت تاپشۇرۇۋالدىم. كونۋېرت خېلىلا قېلىن ئىدى. مەن كونۋېرتنى ئاۋايلاپ ئاچتىم. كونۋېرت ئىچىدە رۇقىيە ھەدەمنىڭ ماڭا يازغان قىسقىغىنە خېتىدىن باشقا يەنە بىرنەچچە پارچە خەت بار ئىدى.

مەندىكى تەقەززالىقنىڭ ئورنىنى تەسۋىرلەش تەس بولغان بىر خىل ئەندىشە قاپلىدى. مەن رېئاللىقنىڭ ئاشۇ بىچارە ئاپامنىڭ كۆڭلۈمدىكى ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتىم. ئاشۇنداق مۇرەككەپ ھېسسىيات ئىچىدە رۇقىيە ھەدەمنىڭ خېتىنى ئوقۇدۇم:

«ئارمان، ياخشىمۇ سەن:

خېتىڭنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئەقلىڭگە ئاپىرىن ئوقۇدۇم. مۇشۇ خەتنى مەن كۆزگەن ھېلىقى بەڭباش ئارماننىڭ يازغىنىغا ئىشەنمەي قالدىم. راستىنى ئېيتسام، سېنىڭ ئۆزۈڭگە ھايات بېغىشلىغان ئاتا - ئاناڭنىڭ مۇقەددەس ھېسسىيات دۇنياسىنى

www.uyghurkitap.com

چۈشىنىشكە ئۇرۇنغانلىقىڭنىڭ قەلبىمنى سۆيۈندۈردى. مانا مۇشۇ ھېسسىيات مېنى ساڭا ياردەم بېرىشكە ئۈندىدى. لېكىن مەن ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان ئادەملىرىمگە باھا بېرىشنى خالىمايمەن. سېنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشىنىۋېلىشىڭ، دىلىڭغا ئارام بەرمىگەن شۇ ھەسرەت كىشىندىن قۇتۇلۇشىڭغا ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن، ئاتا-ئاناڭنىڭ بىزگە يازغان بىرنەچچە پارچە خېتىنى ساڭا ئەۋەتتىم. بۇنىڭدىن ئۆزۈڭ ئادىل ھۆكۈم چىقىرارسەن. ئەتىلىدە كېلىپ ئويناپ كەت. ساڭا ئامانلىق تىلەپ: رۇقىيە ھەدەڭدىن»

خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن بىر مېھرىبان ئايالنىڭ ئوبرازى كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى. رەھمەت سىزگە، دېدىم مەن ئىچىمدە پىچىرلاپ. ئاندىن خەتلەر ئارىسىدىكى ھەممىدىن كونا بىر پارچە خەتنى ئالدىم. بۇ ئاپامنىڭ بۇندىن 20 يىل ئىلگىرى يازغان خېتى ئىدى.

«سالام رۇقىيە، ياخشىمۇ سەن! خېتىڭنى تاپشۇرۇۋالغىلى يېرىم يىلدىن ئاشتى. ۋاقتىدا جاۋاب يازالمىدىم. توغرىسىنى ئېيتسام، يازغىم كەلمىدى. چۈنكى نېمە دەپ يېزىشنى بىلمىدىم. ئەسلىدە مېنىڭمۇ سەن بىلەن بىرگە ئوقۇشۇم كېرەك ئىدى. لېكىن بۇ گۈزەل ئارمان ئارمان پېتى قالدى. نېمە ئامال دەيسەن. مەن بەك ئاجىز ئىكەنمەن. مانا شۇ ئاجىزلىقتىن ياشلىق گۈلشىنىم ۋاقىتسىز قاقاسلىققا ئايلاندى. دىلىمدىكى ئارزۇ-ئارمانلىرىم بىراقلا يوققا چىقتى. ئاھ تەقدىر، ئادالەتسىز تەقدىر، خۇدا نېمە ئۈچۈن مېنىمۇ سىلەردەك ئىرادىلىك ياراتمىدىڭكىن؟!

بۇلارنى ئويلىسام يىغلىغۇم كېلىدۇ، بىلمەيسەن دوستۇم. مەن ھازىر تولىمۇ يىغلاڭغۇ بولۇپ كەتتىم. خۇددى مەن ئۈچۈن دۇنيادا يىغلاشتىن باشقا ئىش يوقتەك، ماڭا ئوخشاش بويىنىنى تەقدىرنىڭ سىرتمىقىغا تۇتۇپ بەرگەن ئاجىز ئىنسانغا يىغلىماقتىن باشقا يەنە نېمە ئامال بار؟!

مېنىڭ نېمىشقا ئالدىراپ توي قىلغىنىمنى، ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلغان-قىلمىغانلىقىمنى سورايسەن. بۇنىڭغا سېنى رازى قىلغۇدەك جاۋاب بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. نېمىشقا ئالدىراپ توي قىلدىمكىن؟ بۇنى ئۆزۈممۇ تولۇق چۈشەنمەيمەن. بەلكىم سەكراتتا ياتقان دادامنىڭ تەلىپىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈندۇر ياكى بولمىسا ئاپامنىڭ تاللىغان كۈيئوغلىنى قوبۇل قىلماسلىققا ئاجىزلىق قىلغانلىقىمدىندۇر.

سەن كامىلنى تونۇيسەن، ئۇ يامان ئەمەس يىگىت، ئەگەر ئۇ مېنىڭ ئورنىمدا باشقا بىر قىز بىلەن توي قىلغان بولسا، جەزمەن بەختلىك ياشىغان بولاتتى، بىراق ئۇنىڭ ماڭا باغلىنىپ قالغانلىقى نېمە دېگەن چوڭ خاتالىق-ھە! ئۇنى تازىمۇ نەس باستى. ئۇغۇ ئۆزىنىڭ تۇيۇق يولغا دەسسەپ قالغىنىنى بىلمەيدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق مەن ئاشۇ خاتالىقنىڭ يۈز بېرىشىگە بىلىپ تۇرۇپ يول قويدۇم. مېنى جىنىدىنمۇ ئەزىز كۆرگەن سادىقنىڭ پاك مۇھەببىتىدىن كېچىشكە چىدىدىمكى، ھېلىلا باقىي ئالەمگە سەپەر قىلىش ئالدىدا تۇرغان دادامنىڭ دىلىنى ئاغرىتىشقا چىدىمىدىم. ئىنسانلار يورۇق دۇنيادىن ئايرىلىش ئالدىدىكى كىشىلەرگە بەكرەك ئىتائەت قىلىشقا كۆنۈك ئوخشايدۇ، دادام مەندىن مىڭ مەرتەم رازى بولدى. ئاپامنىڭ

كۆڭلىمۇ قىزىنىڭ بەختلىك بولىدىغان بولدى، دېگەن قىياسلار بىلەن ئورنىغا چۈشتى. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شۇ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن ئاشۇ ئەتىۋارلىق قىزنىڭ ھايات غۇنچىلىرىنىڭ ۋاقىتسىز توزۇپ كېتىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن بولغىيتتى. ئەمەلىيەتتە ھاياتىمدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەر ئەنە شۇنىڭدىن باشلاندى. گەرچە مەن كامىل بىلەن بىر ئۆيدە ياشاۋاتساممۇ، سادىق كۆز ئالدىمدىن بىردەممۇ نېرى بولمايتتى. ئۇ مېنى ئەيىبلەۋاتقاندەك، ماڭا نەپرەتلىنىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئويلاپ باققىنا دوستۇم. مانا مۇشۇنداق ئېغىر روھىي يۈك ئاستىدا ئۆزۈمنى قانداقمۇ بەختلىك ھېس قىلاي؟! كامىلغا قانداقمۇ كۆڭۈل بېرەي؟

ئۆزۈڭ ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟ سادىقنى كۆرۈپ تۇرامسەن؟ بەلكىم ئۇ سېنى ئىزدەپ بارغاندۇ. ئەگەر ئۇ مېنى تىلغا ئېلىپ قالسا، ئۆتۈنۈپ قالاي، مۇمكىن قەدەر يامان كېپىمنى قىلىپ يولغا سالارسەن. ئۇ چىن دىلىدىن ماڭا نەپرەت ئوقۇسۇنكى، قەلبىمنىڭ مەڭگۇ ئۇنىڭغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالمىسۇن.

خەير خوش. دوستۇڭ گۈلجاندىن»

مەن ئىككىنچى پارچە خەتنى قولۇمغا ئالدىم. بۇ ئاپامنىڭ مەن ئالىي مەكتەپكە كەتكەندىن كېيىن يازغان خېتى ئىدى.

«سالام رۇقىيە، ياخشىمۇ سەن!

خېتىمنى نەدىن باشلاي، دىلىمدىكى ھېسسىياتىمنى قانداق ئىپادىلەي! ئاھ دوستۇم، تەسەۋۋۇر قىلارسەنمۇ، شۇ تاپتا ئۈستەل ئالدىدا سەن بىلىدىغان، چۈشىنىدىغان، تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ئىگە گۈلجان ئەمەس، بەلكى ئاللىبۇرۇن روھى جىسمىدىن ئايرىلغان جانسىز ئادەم سىياقىدىكى مەخلۇق ئولتۇرۇپتۇ. مانا بۇ مېنىڭ ھازىرقى ھالىتىم.

10 يىلنىڭ ئالدىدا يۇرتقا كېلىپ، تۇرمۇشۇمنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، دوستۇڭنىڭ بەختسىز ھاياتى ئۈچۈن دىلىڭ ئېچىشقانىدى. سەن بىلىسەن دوستۇم، مەن كامىلنى زادىلا ياخشى كۆرگەن ئەمەس. ھەتتا ياخشى كۆرۈشكە ئۇرۇنۇپمۇ قەلبىمدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن زەررىچە مايىللىق پەيدا قىلالمىدىم. چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە بولۇپ قېلىشىم سادىقنىڭ پاك مۇھەببىتىگە خىيانەت قىلىش ۋە كۆڭلۈمدىكى گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىمدىن ۋاز كېچىش بەدىلىگە ئوقۇلغان مەجبۇرىي نىكاھنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

مەن ئاتا - ئانامنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنغان بىلەن ئۇلاردىن قاتتىق نارازى ئىدىم. شۇڭا گەرچە كامىلنىڭ ھاياتىمغا بىگۇناھ چېتىلىپ قالغانلىقىغا ھېسداشلىق قىلساممۇ، بىراق ئۇنىڭدىن بىزار بولىمەن، نەزەرىمدە ئۇ مېنى سادىقنىڭ ئالدىدا گۇناھكار قىلىپ، ئۆمۈرۋايەت ۋىجدان ئازابى چېكىشكە مەجبۇر قىلغان. شۇنداقلا كىچىككىمدىن قەلبىمگە ئورناپ كەتكەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇيۇمغا پۇتلىكاشاڭ بولغانىدى. شۇ سەۋەبتىن كامىلغا ئۆچ ئىدىم. ئۇنىڭ ماڭا كۆرسىتىۋاتقان مېھرى - شەپقەتلىرى، كۆيۈنۈپ يول قويۇشلىرى ماڭا قىلچىمۇ تەسىر قىلمايتتى. دەل شۇ چاغدا ئارمان ئوغلۇم تۇغۇلۇپ، قاراڭغۇلىشىپ كېتىۋاتقان دىلىمغا يورۇقلۇق بەخش ئەتتى. گەرچە ئۇ مەن ياخشى كۆرمىگەن ئەردىن

تۇغۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ماڭا ئانىلىق غۇرۇرىنى ئاتا قىلىپ، تۇرمۇشقا لەززەت بېغىشلىغانىدى. ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان دىلىمنى ئۆرتەپ كېلىۋاتقان ھەسرەت - پىغانلىرىمنى ئۇنتۇلدۇرۇپلا قالماستىن، كۆڭلۈمگە ئىشەنچ ۋە ئۈمىد ئۇرۇقلىرىنىمۇ چاچاتتى. ئۇنى باغرىمغا باسقانلىرىمدا، ئۇنىڭ شۇ ھال رەڭ لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ، ھايات مەنبەسىنى ئاچكۆزلەرچە ئېمىشلىرىگە نەزەر سالغىنىمدا، كۆز ئالدىمدىن غايىب بولغان گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىم قايتىدىن تىرىلىشكە باشلىغاندەك، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ گۈزەل بىر ئېتىقاد قايتىدىن تىكلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بۇ نېمە دېگەن شېرىن ۋە گۈزەل تۇيغۇلار - ھە! مۇشۇنداق كۆڭۈلسىز ئائىلىلەردىمۇ ئاشۇنداق شېرىن ۋە گۈزەل تۇيغۇلارنىڭ بولۇشىنى كىممۇ ئويلاپ كۆرگەن دەيسەن؟!

ئارمان تۇغۇلۇشى بىلەن مەن بارلىقىمنى ئۇنىڭغا بېغىشلىدىم. پەقەت بىرلا ئارزۇ — ئۆزۈم ئوقۇيالمىغان ئالىي مەكتەپتە ئارماننى جەزمەن ئوقۇتۇش ئارزۇسى ئوت بولۇپ ياناتتى.

ئارماننىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، كامىلنىڭ مۇئامىلىسىدە ئۆزگىرىش پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئەتىدىن كەچكىچە چىرايى ئېچىلمايدىغان، ھەدېسىلا چىچىلىپ، ماڭا دوق قىلىدىغان بولدى. بىراق بۇلار مەن ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. لېكىن كامىل تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ بۇخىل بۇرۇختۇم تۇرمۇشتىن جاق تويغانلىقىنى، بۇنداق تۇرمۇشتىن قۇتۇلۇپ، ئادەمدەك ياشاش ئۈچۈن مەن بىلەن ئاجرىشىشنى لايىق كۆرگەنلىكىنى ئېيتقاندا، مەن قۇلىقىمغا ئىشەنمەي قالدىم. گەرچە مەن كامىلغا مۇھەببەت قەسىرىمدىن ئازراقمۇ ئورۇن بېرەلمىگەن بولسامىمۇ، لېكىن ئارماننىڭ رىشتى بىزنى ئاللىبۇرۇن بىرىمىزگە چەمبەرچەس باغلىغان دەپ قارايتتىم. كامىلنىڭ تەلىپىنى ھېسسىيات جەھەتتىن قوبۇل قىلغىلى بولسىمۇ، لېكىن ئەقىل جەھەتتىن لايىق كۆرمەك تولىمۇ تەس ئىدى. ئويلاپ باقە دوستۇم، ئارماننى قانداقمۇ دادىسىز قالدۇرغىلى بولىدۇ؟ ماڭا ئۇنى رەت قىلماقتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. كامىل ئۆز ئىرادىسىدىن بىر مىنۇتمۇ يانمىدى. ئەكسىچە تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. باشقا بىر ئايال بىلەن ئاشكارا ئاپاق - چاپاق بولۇپ يۈرگەندىن سىرت، ئارماننىڭ ئالدىدىمۇ ئاجرىشىش توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەرنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق سۆزلەيدىغان بولىۋالدى. لېكىن ئارماننىڭ دادا مېھرىدىن مەھرۇم قېلىپ، تەڭتۇشلىرى ئالدىدا بويىنى قىسىلغان ھالەتتە قېلىشىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە، ھەرقانداق قاتتىق ئازابلارغىمۇ چىداشقا بەل باغلىدىم.

خەۋىرىڭ بار دوستۇم، سادىق ئالىي مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن يۇرتقا بىر قېتىممۇ كەلمىدى. بۇنىڭغا بىرىنچىدىن، تۇغقانلىرىنىڭ بولمىغانلىقى، ئىككىنچىدىن، مېنىڭ ۋاپاسىزلىقىم سەۋەب بولدى. لېكىن ئۇ يىلىنىڭ ئالدىدا تەقدىر مېنى يەنە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشتۇردى. بىز كوچىدا ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇنىڭ بىر قاراش بىلەنلا قەلبىمنىڭ تېگىگىنى يىلىگىملى بولىدىغان سۆزۈك ۋە ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن يۈرىكىمدىكى سىرلار

ئاپئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن
بۇ كۆزلەرگە قانچە تەشنا بولغان - ھە!
ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا سوقۇشى جىددىي -
لەشكەن يۈرىكىم ئۆزۈمنىڭمۇ شۇ كەمگچە
سادىقنىڭ ئىشقى - پىراقىدا زارلىنىۋاتى -
قانلىقىمنى ئېنىق بىلدۈرۈپ تۇراتتى.
مەن ئۇنىڭ مېنى قاتتىق ئەيىبلىشىنى
كۈتتۈم. نەزەرىمدە پەقەت شۇنداق قىلى -
غاندىلا ئون يىلدىن بۇيان دىلىمنى سىقىپ
ئارام بەرمىگەن ۋىجدان يۈكى سەل - پەل
يېنىكلەپ قالاتتى. بىراق ئۇ مېنى ئەيىب -
لىمىدى. ئەكسىچە يەنىلا ئاشۇ مۇھەب -
بەتلىك كۆزلىرى بىلەن ماڭا ئۆز قەلبىنى
ئىزھار قىلدى. بىراق كۆزۈمنىڭ گۆھىرى
بولغان ئارمان ئۆزۈمنىڭ ئۇنى ئۆز قانىتىم
ئاستىغا ئېلىپ پەرۋىش قىلىشقا تېگىشلىك
بىر ئانا ئىكەنلىكىمنى ئەسلەتتى. شۇڭا
مەن سادىقنىڭ يىغان ئوتىدا كاۋاپ
بولغان دىلىغا ئەلاجىسىزلىقتىن يەنە بىر
قېتىم پىچاق سالدىم. ئاھ، سادىقنىڭ
ئالدىدىكى بۇ گۇناھىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى
مەڭگۈ كەچۈرمەسمەن!

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئون يىل
ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن ھاياتىمدا قىلچە
ئۆزگىرىش بولمىدى. كامىل ئاجرىشىشنى
توختىماي تەلەپ قىلىۋەردى. مەن ئۇنى رەت
قىلىپلا كەلدىم. مانا ئەمدى ئارمان ئالىي
مەكتەپ قوينىغا كىردى. ئۆزۈم 20 يىلنىڭ
ئالدىدا ئارمان قىلغان ئارزۇلىرىم ئاخىرى
ئارماننىڭ قولىدا ئىشقا ئاشتى. ئاھ،
دوستۇم، ئەسلىدە مېنىڭمۇ سىلەردەك
بەختلىك ياشاشقا ھەققىم بار ئىدىغۇ،
سادىق بىلەن كامىلنىڭمۇ ھاياتىنى ئۆز
ئەقىدىلىرى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش
ھەققى بار ئىدىغۇ؟ بىراق ئارمان نېمە

دەپ ئويلايدۇ. ئۇنى تەگتۇشلىرىنىڭ
ئالدىدا قانداقمۇ يەرگە قاراتقىلى بولسۇن؟
بۇنى ئويلىغىنىمدا مەن ئارمان ئۈچۈن
ھەممىگە بەرداشلىق بېرىش قارارىغا كەلدىم.

خېتىم ئۈزىراپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ
ئىچ - باغرىمنى ساڭا تۆكۈۋالغانلىقىمغا
ئۆزۈمنى تولىمۇ يېنىك ھېس قىلىۋاتىمەن.

باللارغا، ئەيساغا سالام دەپ:
دوستۇڭ گۈلجاندىن.»

خەتنى ئوقۇپ يۈرىكىم قاتتىق سى -
قىلدى. ئاپامنىڭ 20 يىللىق ھاياتىنىڭ،
شۇ ئالتۇندەك قىممەتلىك ياشلىق باھا -
رىنىڭ خۇددى كەچكۈزنىڭ رەھىمسىز
شاملىدا ۋاقىتسىز سارغايغان يوپۇرماقتەك
غازاڭ بولۇشى، ئۇنىڭ مەن ئۈچۈن 20
يىلدىن بۇيان چەككەن ھېسابسىز
ھەسرەت - يىغانى يەلكەمنى خۇددى تاغدەك
بېسىپ، كۆڭلۈمنى غەش قىلدى. ئاھ،
20 يىل! 20 يىل كىشىلىك ھاياتتا
ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئەمەس. لېكىن 20
يىللىق ھايات مۇساپىسىنى كۆز ياش،
ئۆكۈنۈش ۋە نادامەت بىلەن ئۆتكۈزۈش
بىر ئايال ئۈچۈن نېمە دېگەن ئازاب!

مەن يەنە بىر پارچە خەتنى ئاچتىم.
بۇ دادامنىڭ يېقىندا يازغان خېتى ئىدى.

«سالام ئەيسا! ياخشىمۇ سەن:

خېتىڭنى تاپشۇرۇۋېلىپ، مەزمۇنىدىن
خەۋەر تاپتىم. مەن بىلەن شۇنچە ئۇزۇن
يىللىق دوست بولغىنىڭغا قارىماي، يات
ئادەملەردەك مېنى ئەيىبلىشىڭ غۇرۇ -
رۇمغا تەگدى.

مەن بۇ يىل 45 ياشقا كىردىم،
گۈلجان بىلەن توي قىلىپ بىر ئۆيدە
ياشاۋاتقىنىمغا 20 يىل بولدى. ئاشۇ
20 يىللىق ھاياتىمنى ئەسلىگىنىمدە،

www.uyghurkitap.com

ئۆزۈمنى 20 يىل ئەمەس، 20 مىڭ يىل ياشىغاندەك ھېس قىلىمەن. ھايات ئەسلى گۈزەل بولۇشى، ئىنسان ئۆزىگە چۈشلۇق ئىززەت-ھۆرمەت ۋە ۋىجدان بىلەن ياشىشى كېرەك ئىدىغۇ؟ قايسى كىشى ئۆز ۋىجدانى، ئەقىدىسى بىلەن ياشاشنى، تۇرمۇشنىڭ گۈزەل ۋە مەنىلىك بولۇشىنى خالىمايدۇ؟

ۋەھالەنكى، تۇرمۇش ماڭا ئاشۇنداق ياشاش پۇرسىتىنى بەرمىدى. ئەكسىچە يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، مېنى سېزىمى، ھېسسىياتى، ئىنتىلىشى بولمىغان بىر تىرىك مۇردىغا ئايلاندۇرۇپ قويغىلى ئاز قالدى. ئېسىڭىزدىدۇر دوستۇم، 20 يىلنىڭ ئالدىدا كىم ماڭا زوقلانمىغان، كىم مېنىڭ يۇرتىمىزدىكى ئەڭ گۈزەل قىزغا ئۆيلەنگەنلىكىمگە ھەسەت قىلمىغان؟ كىم مېنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ۋاپاسىز، ۋىجدانسىز دەپ لەنەت ئوقۇلىدىغان كىشىلەر قاتارىغا ئۆتۈپ قېلىشىمنى ئويلاپ باققان-ھە!

خەۋىرىڭ بار، مېنىڭ گۈلجان بىلەن توي قىلىشىم تولىمۇ تاسادىپىي بولغانىدى. ئاتا-ئانىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى قويۇق مۇناسىۋىتى سەۋەبىدىن ئىككىمىزنىڭ تەقدىرىمىز چېتىلىپ قالغان. دەسلەپتە مەن بۇ تويغا قوشۇلمىغانىدىم: نەزىرىمدە ئاتا-ئانامنىڭ بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشى مېنى ئۆز تۇرمۇش يولۇمنى تاللاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلغانىدى. لېكىن گۈلجاننىڭ ئىلگىرى مەندە قالدۇرغان ياخشى تەسىراتلىرىنىڭ كۈچى بىلەن ئاتا-ئانامنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، تويغا رازىلىق بەردىم. راستىنى ئېيتسام، مەن ئۆزۈمگە تولىمۇ تەمەننا قويغانىدىم. توي ئالدىدا مۇھەببەتلىشىشكە ئۈلگۈرمىگەن بولساممۇ، تويدىن كېيىن سەممىي ھېسسىياتىم ۋە ئوتلۇق دىلىم بىلەن ئۇنى مەڭگۈلۈك ئەسىر قىلالايدىغىنىمغا چەكسىز ئىشەنچ باغلىغانىدىم. بىراق گۈلجاننىڭ ماڭا قىلچىمۇ مەيلى يوقلۇقىنى، شۇنداقلا بۇ رېئاللىقنى ئۆزۈمنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىمنى نەدىنمۇ بىلەي.

كىشىلەر يېڭى توي قىلغان ئەر-خوتۇننىڭ تۇرمۇشى خۇددى ھەسەلدەك شېرىن ئۆتىدۇ، لەززەتلىك بولىدۇ، دېيىشىدىكەن. بىراق مەن بۇنداق لەززەتتىن بەھرىمەن بولۇشقا ئۈلگۈرمەي تۇرۇپلا، ئۆزۈمنىڭ نەقەدەر خاتالاشقانلىقىمنى سەزدىم. گۈلجاننىڭ چىرايىنىڭ كۈن بويى ئېچىلماسلىقى، كۆزلىرىدىن ئاشكارا بىلىنىپ تۇرغان غەمكىنلىك ۋە مېنىڭدىن گويا يىرتقۇچلارنى كۆرگەن كېيىكتەك ئۈركۈپ ئۆزىنى قاچۇرۇشلىرى كۆڭلۈمنى غەش قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ مەن يەنىلا سەممىي مۇھەببىتىم بىلەن گۈلجاننىڭ يۈرىكىنى ئېرىتىپ، بىر ئىناق، بەختلىك ئائىلە بەرپا قىلىشقا تىرىشاتتىم ھەمدە پۈتۈن زېھنىمنى ئىشقا سېلىپ، گۈلجانغا مېنىڭمۇ ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان، ھاياتنى قەدىرلەپ، تۇرمۇشنى سۆيىدىغان كۆيۈمچان ئەر ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تىرىشاتتىم.

مانا مۇشۇ تەرىقىدە كېتىۋاتقىنىمىزدا ئائىلىمىزگە يېڭى مېھمان — ئارمان قوشۇلدى. ئۇنىڭ جاھانغا كۆز ئېچىشى گويا زىمىستان قىشنى قوغلاپ كەلگەن باھار شامىلىدەك دىلىمنى يىلىتىپلا قالماي، تۇرمۇشىمدا قانداقتۇر بىرەر مۆجىزىنىڭ

بەرپا بولۇشىدىن شەپە بېرەتتى. ھالبۇكى قەلبىمدە ئۇرغۇغان ئۈمىد غۇنچىلىرى زادىلا چېچەكلىمىدى. ئارماننىڭ ئارىمىزغا كىرىشى ئەر-خوتۇنلۇق رىشتىمىزنى بىر-بىرىمىزگە باغلاش ئەمەس، ئەكسىچە مېنى پۈتۈنلەي ئارتۇقچە ئادەمنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويدى. مېنىڭ ئوبرازىم گۈلجاننىڭ كۆڭلىدىن شەپىسىز يوقالدى. ئائىلىدە ئارماندىن باشقا ئۇنىڭ مېھرى-مۇھەببىتىگە، كۆيۈنۈشىگە، ئاددىيسى بىرەر ئېغىز يېقىملىق گەپ-سۆزىگە تەشنا يەنە بىر ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇنىڭ ئېسىدىن پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىممۇ ئۈزۈلدى. مەن ئۆزۈمنى خۇددى بوران ئۇچۇرۇپ ئازگالغا تاشلىغان قامغاقتەك قەدىرسىز ۋە مىسكىن ھېس قىلىشقا باشلىدىم. تەقدىرنىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن بېشىمغا كەلگەن دەرد-ئەلەملەر گويا بىر يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ قورقۇنچلۇق قوللىرىدەك گېلىمدىن سىقاتتى. ئاھ خۇدا، نېمە بولغان ئادەممەن، نېمە ئۈچۈن پېشانەمگە مۇشۇنداق ئەلەملىك تەقدىر پۈتۈلگەن بولغىيتتى، دەيمەن ئۆز-ئۆزۈمگە.

تۇرمۇشنى قايتا باشلاش ئارزۇيۇم شۇنداق ئەھۋالدا بىخلاندى. بىراق گۈلجان ئاجرىشىشقا قوشۇلمايدىكەن. توغرا، مەنمۇ ئارماننىڭ گۈلجان دېگەندەك تەڭتۇشلىرى ئالدىدا بويىنى قىسىلىپ، دىلى سۇنۇق بولۇشىنى ھەرگىز خالىمايمەن. چۈنكى مەنمۇ بىر دادا. بىراق يۇقىرىقىدەك بۇرۇختۇملۇق ئىچىدە بىر ئائىلىدە ياشاش ھەممىمىز ئۈچۈنلا پايدىسىز. مەن ھەسرەتلىك قەلبىمگە ھاراق بىلەن تەسەللىي بېرىپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە ئويلىمىغان يەردىن تەقدىر ماڭا خالىدەنى ئۇچراشتۇردى.

ئۇ يېقىندىلا باشقا جايدىن يۆتكىلىپ كەلگەن، بىر بالىسى بار ئايال. يولدىشى خىزمەت ئۈستىدە ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن.

بىلەمسەن دوستۇم، ئائىلىسى، پەرزەنتى بار بىر ئەرنىڭ ئۆز ئايالىدىن باشقا بىرىگە كۆڭۈل بېرىشى نېمە دېگەن چۈشىنىكسىز ئىش-ھە! خالىدە بىلەن سۆزلەشكىنىمدە ئۆزۈمنى ئەركىن ھېس قىلاتتىم. چۈنكى ئىككىمىزنىڭ پىكرى كۆپ ھاللاردا بىر يەردىن چىقاتتى. ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن مەن ئۆزۈمنى ھەقىقىي بىر ئىنسان، ئۆز ھاياتىغا ئىشەنچ قىلالايدىغان ئەردەك، ھەسرەت قاينىمىدا بۇرۇختۇم بولغان كامىل قايتا تىرىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم. بۇ تۇيغۇلار مېنى ئۇنىڭغا بارغانسېرى يېقىنلاشتۇردى. بىراق كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ. ئارمان مەندىن يىرگىنىدۇ. تۇرمۇشىمىزدىن ئۆزىنى بەختسىز ھېس قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ مەنىسىز تۇرمۇشنىڭ ئىنسان ئۈچۈن نەقەدەر ئازاب ئىكەنلىكىنى ھازىرچە چۈشەنمەيدۇ، لېكىن ئىشىنىمەنكى، ھامان بىر كۈنى ئۇ مېنى كەچۈرىدۇ، دادىسىنىڭمۇ خۇددى ئاپىسىدەك ئۇنى جاندىن ئەزىز كۆرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ قالىدۇ.

ئۆزۈڭ قانداقراق؟ ياخشى كېتىپ بارامسەن؟ باشقا گەپ-سۆزلەر بولسا خەت يازارسەن.

بالىلارغا، رەفىقەڭگە مەندىن سالام ئېيت.

دوستۇڭ كامىلدىن»

ئاھ خۇدا! دېدىم مەن قولۇمدىكى خەتلەرنى مەھكەم سىقىمدىغان پېتىم.

www.uyghurkitap.com

شۇتاپ پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى تەسۋىرلەش تولىمۇ تەس بولغان بىر خىل ھېسسىيات ئىلكىگە ئالدى. ئارمان ئۇچۇن پۈتۈن مېھىر شېرىنىسىنى تامچىتقان ئاپامنىڭ سولغۇن چىرايى بىلەن دادامنىڭ تۇتۇق چىرايى كۆز ئالدىمدا تەكلا گەۋدىلىننىشكە باشلىدى. ئاپامنىڭ شۇنچە يىللاردىن بېرى پەقەت بىر مېنىڭ بەختىم ئۇچۇنلا ئۆزىنى شۇ قەدەر قىيناپ كەلگەنلىكىگە ئىچىم ئېچىشتى.

ئاپامغا سېلىشتۇرغاندا دادامنىڭ تۇرمۇشنى سۆيۈشى، ھەقىقىي مۇھەببەتكە بولغان دادىل ئىنتىلىشى ئۇنىڭغا نىسبەتەن قەلبىمدە قايىللىق ھېسسىياتىنى قوزغىدى.

ئاھ قەدىرلىك، بىچارە ئاپا، ئاھ بەيرەتلىك بىچارە دادا، مەن ئائىلەمىزدىكى پۈتۈن كۆڭۈلسىزلىكنىڭ مەركىزى بولۇپ، سىلەرنىڭ 20 يىللىق ھاياتىڭلارنى ئىدارە قىلىپ كەپتىمەن. ئۆزى ياقتۇرمايدىغان كىشى بىلەن 20 يىل ئەمەس، 20 كۈن بىللە ياشاشنىڭمۇ قانچىلىك ئازابلىق ئىكەنلىكىنى مەنمۇ ھېس قىلالايمەن. ھەممىمىزنىڭ يۈرىكىنى ئېزىددىغان بۇ تراگېدىيىنى ئاياغلاشتۇرماي بولمايدۇ. مەن ھەممىنى چۈشەندىم. ئەمدى ئاپامنىڭ يەنە داۋاملىق ئازاب چېكىشىگە، ماڭا بەخت بېغىشلاش يولىدا يەنە ئۆمىر بەدەل تۆلىشىگە يول قويالمايمەن. دادامنىڭمۇ ھەقىقىي ئائىلە مېھرىدىن بەھرىمەن بولۇشىنى چەكلەپ قويالمايمەن.

بالا دۇنياغا ئاتا - ئانىغا ئەگىشىپ كېلىدۇ. بىراق ئاتا - ئانا ئۇچۇن كەلمەيدۇ. گەرچە ئاتا - ئانا پەرزەنت ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاپ، ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلالىسىمۇ، لېكىن پەرزەنتنىڭ كەلگۈسى ۋە روھىي دۇنياسىنى ئىدارە قىلالمايدۇ. بالا جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى. ئۇ نوقۇل ئاتا-ئانىغىلا مەنسۇپ ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتنىڭ پۈتكۈل مەنىسىنى، قىممىتىنى ۋە ياشاشتىكى مەقسەتنى تامامەن ئىنكار قىلىپ، بەختلىك ۋە مەنىلىك ياشاش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىش ئىنسان ئۈچۈن نەقەدەر چوڭ قۇربان بېرىش - ھە ! ؟

كىشىلەر ھەقىقىي ھايات 40 ياشتىن باشلىنىدۇ، 40 ياشلىق كىشىلەرنىڭ ھاياتى تېخى ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياشقا ئوخشايدۇ، دېيىشىدىكەن. ئەنە شۇ قۇياشتەك يارقىن ۋە گۈزەل ھاياتنى خورلاشقا، ئۇنى قەدىرلىمەسلىككە كىمنىڭ ھەققى؟!

دادا، ئاپا، سىلەرنىڭمۇ ھاياتىڭلارنى قەدىرلەپ، كۆڭۈلدىكىدەك تۇرمۇش كەچۈرۈش ھەققىڭلار بار. شۇنداق قىلساڭلار ئۆزۈڭلارنى ھەم مېنىمۇ بەختلىك قىلغان بولىسىلەر. شۇندىلا مەن ھەرقانداق كىشىنىڭ ئالدىدا مەغرۇرانە ئېيتالايمەنكى: مەن تەڭداشسىز بەختلىك. چۈنكى ماڭا ھايات بەرگەن ئاتا - ئاناممۇ بەختلىك. پەرزەنتنىڭ بەختى ئاتا - ئانىنىڭ بەختى بولغىنىدەك، ئاتا - ئانىسىنىڭ بەختىمۇ پەرزەنت ئۈچۈن ئەڭ زور بەخت. پەرزەنتنىڭ بەختلىك بولۇشىدا ياخشى كۆرۈشمىگەن ئاتا - ئانىنىڭ بىرگە ياشىشى، مېھرىي - مۇھەببەتسىز ئائىلىنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇشىمۇ مۇتلەق شەرت ئەمەس. ئاھ، دادا، ئاپا، ھاياتىڭلارنى قەدىرلەڭلار!

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ئايگۇل مۇيدىن

# كۆڭـــۈل

(ھېكـايە)

كۈز ئايلىـرىـنىڭ بىرىـدە مەن بىر
دوستۇمنىڭ تويىدا قىز قولداش بولـدۇم.
زال ئىچى كۆركـەم، ئازادە بولۇپ، تامنى
بويـلاپ قويۇلـغان ئۇزۇن ئۈسـتەلـلەرگـە
مول نازۇ - نېمەتـلەر تىزىـلغانىـدى. قىز-
يىگىتلەر ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل قارىشىپ ئولتۇ-
رۇشتـۇق. مەن ئاق بۇلۇتـتەك توي كۆڭـ
لىكى كىيىپ، نېپىـىز چۈمپەردە ئىچىـدە
نازلىنىپ ئولتـۇرغان دوستـۇمـنىڭ يېـنىدا
قولداشلىق بۇرچۇمـنى ئادا قىلـىپ، ئۇنىڭ
قۇلىقىغا ئالقىشلارنى پىچىرلاپ ئولـتۇ-
راتتىم. زالـغا جۈپ - جۈپ قىـز - يىگىـتـ
لەر ئۈزۈلمەي كىرمەكتە ئىدى. بىردەمنىڭ
ئىچىدە شۇنچە چـوڭ زالـدا بىرمـۇ بوش
ئورۇن قالمىدى. قىز - يىگىتـلەرنىڭ ئۈسـ
تىدىـكى بىر - بىرىـدىن ئۆزگـىچە ئېـسىـل
كىيىملەر كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى. يىگىتـ
لەر مەردانە، قىـزلار لاتاپـەتلـىك كـۆرۈ-
نەتتى. مەن مەقسەتسىـزلا ئالدىـمـغا قارىـ
دىم. مېنىڭ كـۆزۈم دەل ئۇدۇلۇمـدا ئولـ

تۇرغان بىر يىگىتكە چۈشتى.
ئاھ، بۇ ئادەم ئەمەس پـەرىشتـىمـۇ
ياكى يىگىـت سۈپـەت خىزىـرمـۇ؟! مەن
ھەيرانلىقىمنى يوشۇرالـماي ۋارقىرىـۋەتـ
كىلى تاسلا قالدىم. يۈرەكلىـرىم ئىختىـيار-
سىز ئويناپ كەتـتـى. ئۇ ھەقىـقەتـەن
تولىمۇ چىرايلىق، كېلىشكەن يىگىت ئىدى.
ئۇ بەستلىك، قاۋۇل بولۇپ، بۇغداي ئۆڭ،
قارىـقاش، قاراكـۆز ئىـدى. ئـۇنىڭ چوڭـ
چوڭ ئوتلۇق كۆزلىرى كىشىنىڭ جېـنىـنى
ئېلىپ جاڭگالدا قوياتتى. قاپقارا قۇندۇز-
دەك تەبىئىي بۈدۈر چاچلىرى، كېلىشكەن
ئىنچىكە بۇرۇتى كۆڭۈل قويۇپ ياسالغانىـ
دى. ئۇچىسىدا سۇر كاستـۇم - شىـم، ئاق
كـۆڭـلەك، بارىـۋاي گالـستـۇك... پاھ،
نېمـىدېـگـەن ياراشـقان... مېـنىڭ كـۆرۈ-
ۋاتقىنىم ئوڭۇمـمـۇ يا چـۈشـۈمـمۇ؟ ئاللا-
تائالا ماڭـا بۇ يىگـىتـنى ئاتايـىتـەن...—
مەن ئۆز خىـيالـلىرىـمـدىن ئۆزۈمچـىلا
سۆيۈنۈپ كەتتىم. تومۇرلىرىمدىكى قانلىرىم

دورا يېگەن بېلىقتەك شوكلەپ، ئورنۇمدا مىخلاپ قويغاندەك ئولتۇرۇپلا قالدىم. مەن كۆيۈپ كۈل بولاي دەپ قالغان بۇ يىگىتنىڭ ئوتى شۇنچە تېز ئۆتىشىپ، يەنە شۇنچە تېز ئۆچتى.

ئاھ خۇدا، بۇ سېنىڭ چاقچىقىڭمۇ ياكى بەندىلىرىڭنى بىر كۆيدۈرۈپ، بىر ئۆلتۈرۈپ، ئىچ پۇشۇقىڭنى چىقارغىنىڭمۇ؟ شۇ يىگىتكە ئاشۇنچىلا چىراي ھەم گۈزەللىكنى ئاتا قىلغان يەردە يەنە بىر غېرىچ بويىنى ئاياپ قالماي بېرىۋەتسەڭ ئارتۇقلۇق قىلاتتىمۇ؟ دەپ ئىچىمدە نىدا قىلدىم، كۈلۈپ تۇرغىنىم بىلەن يۈرىكىم ئەلەم بىلەن ئاچچىق يىغلايتتى.

يىگىت مەن بىلەن تانسا ئويناشنى كۈتۈپ ئالدىمدا ئۆرە تۇراتتى. مەن ئىلاج ئورنۇمدىن تۇردۇم. ۋۇجۇدۇم مۇزلاپ، خۇددى بەزگەك كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشىدەك تىترەۋاتاتتىم. ئۇنىڭ بويى ئارانلا مېنىڭ مۈرەمگە تەڭ كېلەتتى. ئۇنىڭ چىرايىغا قاراش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، قوشۇمام تۈرۈلگەن، باياتىنقى قۇشقاچتەك تىنماي سايراپ، ۋىلىقلاپ كۈلۈپ تۇرغان ئاغزىم چىڭ يۇمۇلغانىدى. مەن مۇزىكىنىڭ تېزرەك ئاياغلىشىشىنى كۈتەتتىم. مۇزىكا ماڭا شۇنچە ئۇزۇن، شۇنچە يېقىمسىز تۇيۇلاتتى. پۈتۈن زال ئىچى كۆڭۈلسىزلىككە تولغاندەك، كۆڭلۈمنى غەشلىك قاپلىۋالدى.

— ئىسمىڭىزنى سوراشقا مۇمكىنمىكىن، — دېدى يىگىت تولىمۇ سىپايىلىق بىلەن.

ئۇنىڭ گەپلىرى خۇددى قۇلىقىمغا مۇشت ئاتقاندەك ئاڭلىنىپ، ئىسمىمنى سوراپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ دېگىلى تاس قال-



دىم. بىراق بۇنداق قىلىش تولىمۇ ئەدەبسىزلىك، كىشىگە ناھەق ئازار بەرگەنلىك بولاتتى. شۇڭا چاندۇرماستىن:

— ئىسمىم ئايىنىگار، — دېدىم مەن خۇش ياقمىغان قىياپەتتە باشقا ياقلارغا قاراپ.

— ئايىنىگار، ئايىنىگار... — يىگىت

ئىسمىنى ئاچايىپ بىر خىل سۆيۈنۈش بىلەن بىر قانچە رەت تەكرارلىدى. ئاندىن،— ئايىنىگار، مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە، ئالدىقانلىرىڭىز ئەجەب مۇزلاپ كېتىپتۇ،— دېدى كۆزلىرىمگە تەئەججۈپ بىلەن تىكىلىپ.

— شۇنداق، مىجەزىم يوق،— دېدىم مەن پەرۋاسىز قىياپەتتە.

ئۇ مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، ئارتۇق گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى شۇنچە ئوتلۇق، تانسا ئوينىشلىرى شۇنچە سىلىق ۋە ئەدەبلىك ئىدى.

تېۋۋا دېگۈم كېلىدۇ، كۆڭۈل دېگەن شۇنداقمۇ ئۆزگىرىشچان، شۇنداقمۇ غەلىتە بولىدىكەن.

ئاھ خۇدا، مەن سارالىڭ بولدۇممۇ نېمە، پاكار يارىلىش ئۇ يىگىتنىڭ سەۋەنلىكمىتى، ئۇ يا مېنى ئەخمەق قىلىپ تاشلىۋەتكەن بولمىسا، ياكى ماڭا زىيانكەشلىك قىلغان رەقىبىم بولمىسا، ئۇنىڭغا نېمانچە ئۆچلۈك قىلىمەن. مەن ئەمدى ئۆزۈمنى ئەيىبلەشكە باشلىدىم — دۇنيادا نۇقسانسىز ئىنسان بولاتتىمۇ، ناۋادا مېنىڭ ئىككى كۆزۈم ئەما، ياكى پۇت - قولۇم مەجرۇھ، سەت تۇغۇلۇپ قالغان بولسام قانداق قىلاتتىم، ئۇ چاغدا باشقىلار مېنى كەمسىتسە، مەن قانچە ئازابلىناتتىم، دې-گەنلەرنى ئويلىدىم.

مېنىڭ بۇ يىگىتكە ئىچىم ئاغرىپ قالدىمۇ ياكى بايىقى ئوتنىڭ ئۆچۈشكە ئۈلگۈرمەي قالغان كىچىككىنە ئۇچقۇنلىرى يالقۇنجاۋاتامدۇ، بىلمىدىم، ۋۇجۇدۇم قايتىدىن ئاستا - ئاستا يىلىلىشقا باشلىدى.

مەن خۇددى چۈش كۆرۈپ ئويغانغان نازىنىندەك يىگىتكە قاراپ كۈلۈمسىردىم، ئاندىن ئىسمىنى سورىدى.

— ئىسمىم زۇلال،— دېدى يىگىت خۇش تەبەسسۇم بىلەن.

— مەن سىزنى ئۇرۇمچىدە زادىلا ئۇچراتماپتىكەنمەن، سىز مۇشۇ يەرلىكمۇ،— دېدىم مەن گەپنى يىراقتىن ئەگىتىپ.

— مەن ئۇرۇمچىلىك، ئىچكىرىدە ئوقۇپ، كېيىن ياپونىيىگە ئوقۇشقا چىقىپ كەتكەن، ئوقۇشنى تاماملاپ يېقىندىلا قايتىپ كەلدىم،— دېدى ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ. ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرى ماڭا تەلمۈرەتتى. گەپ - سۆزلىرىدىن سەمىمىيلىكى، ئاق كۆڭۈللۈكى چىقىپ تۇراتتى.

ئۇھ، دېدىم - دە، چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدىم. مەن گويا ئۆلۈپ قايتىدىن تىرىلگەندەك بولدۇم. بىز خۇشال ھالدا ئىككىنچى مەيدان تانسىغا چۈشۈپ كەتتۇق. دوستۇم مۇبارەك ماڭا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ تاتلىققىنا كۈلۈپ قويدى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

# ئۈمىد چېچەك گۈللىرى

(4)

ئادىل تۇنىياز

## ئاڭلايمەن بەختىنىڭ پىچىرلىشىنى

### قىش

توپا باسقان خىياللىرىمدا،
قانچە پەسىل كۈتتۈمكىن كىمنى.
قايتىپ كەلسەم رىئاللىققا مەن،
قار قاپلاپتۇ رۇجەكلىرىمنى.

قىشنىڭ ئاپئاق، سوغۇق قوللىرى
قوللىرىمنى سىقتى مۇلايىم.
بىر توپ دەرەخ تۇرىدۇ پارلاپ،
دېرىزەمنىڭ ئالدىدا قاراپ.
كىرگۈزسەڭچۇ ئۆيگە، دېگەندەك
يولۇچىمەن كەتتىم بەك مۇزلاپ.
قىش پەسلىدۇر ئۆيۈمۇ مېنىڭ
تەقدىرداش بىز دەيمەن پىچىرلاپ.

قارلىق دالا،
گويا ئاپئاق بىر ۋاراق قەغەز،
دېرىزەمنى بويلاپ يېقىلغان.
قۇياش،
كىرپىكىنى چىلاپ سەھەرگە،
ھۆلدەپ ئاپئاق نېپىز قەغەزنى،
شېئىر جىجىپ يورىدۇ يالغۇز،
ماڭا ئوخشاش تەمكىن، سوغۇققان.

تەبىئەتنى كۆمگەندەك ئاق قار،
كۆمۈپ قويدۇم شېئىرغا سېنى،
كۆمۈپ قويدۇم كۈلكىلىرىمنى.
بىلمەيمەن ئەمما،
كىم شېئىردەك ۋاپادار ماڭا،
كىم شېئىردەك سۆيەركىن مېنى؟

قىشنىڭ ئاپئاق سوغۇق قوللىرى
ئۇزاققىچە سىقتى قولۇمنى.
ئۇھ، نامەلۇم ئىسسىقلا بىر قول
سىقىپ قويدى گويا روھىمنى.

### ئۆمۈچۈكنىڭ قەبرىسى

كىمنىڭ ئۆيى بۇ،
پول ۋە تورۇس تۇتىشىپ كەتكەن؟
كىم ئۇ نۇردەك قىمىرلاۋاتقان؟
كىم ئۇ مەنمۇ ياكى ئۆمۈچۈك،
كىم قەلبىگە ئاچماقچى تۈڭلۈك؟

ئۆمۈچۈك،
كېتىمىز بەك ئۇزاق پەچىرلىشىپ بىز،
سەن مېنىڭ ئەڭ يېقىن دىلداش ھەمراھىم
سۈبھى ئۆزىنىڭ،
تال - تال رەڭدار يىپلىرى بىلەن،
توقۇپ چىققاندەك تالڭ پەردىسىنى،
تىنماستىن، ئازماستىن توقۇيسەن دائىم.
سەن ياتلىق بولمىغان توقۇمچى قىزسەن،
مەن سېنىڭ ئامرىقىڭ - سۆيگەن يىگىتىڭ.

چىرمىلىپ ھېسابسىز خىيال تورىغا،
شائىر ئۇ ئۇن - تىنسىز قوشاق توقۇغان.
توقۇيدۇ... توقۇيدۇ... ئالماستىن ئارام.
سىم - سىم كۆز ياشلىرى چۈشسە تۆكۈلۈپ،
ئۆمۈچۈك يىغلىدى دەمدىم ئۆكۈنۈپ؟

تورۇسقا قارىسام بۇزۇلار كۆڭلۈم،
نېمانچە كۆڭۈلسىز بۇنچىلىك خانەم؟
سورىساڭ نەدە دەپ مەندىن قەبرىستان،
ئېيتىمەن بىر كۈنى ئۆمۈچۈك ھامان،
بېرىدۇ جىمىمدە ئۆز تورىدا جان.

## پەچىرلاش

ئاڭلايمەن بەختىنىڭ پىچىرلىشىنى،
ئۆمۈچۈك تور تۇتقان دېرىزىلەردىن.
ئاچىز بىر ئېسەدەش چىكەر ئىشىكنى،
بەختىمۇ سەن دەيمەن كەلدىڭ قەيەردىن.

كۆزۈمدىلەر ھەجرىسى يالغۇز شائىرنىڭ،
كىرپىكىم ياندان شام ئامېلاپ ئاستا.
تولغانغان خىيالنىڭ كېمىسى - جىسمىم،
يەتمىگەچ ھەممىنى يۆگەشكە تولۇق،
يالىڭاچ بەزىدە يېرىم يالىڭاچ،
كۆرىمەن ئۆزۈمنى دائىم ھەر ئەسنا
شۇڭا ھەر قاچان،
تەييارمەن ھاقارەت، مەغلۇبىيەتكە،
ئورۇنسىز مەدھىيە ۋە مۇھەببەتكە.
بەزىدە ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى،
باشقىلار ئارقىلىق ئىپادىلەشكە.
بەزىدە
ئۆزگىدىن ئېھتىيات قىلغاندىن كۆرە،
ئۆزۈمنىڭ قولىدا جان بېرىشكە ۋە.

سەن ماڭا مەن ساڭا ئەمەس مەخپىيەت،
ھەيرانمەن ئۆزۈمنىڭ سىرلىقلىقىغا.
شۇ سەۋەبتىن بەزىدە،
خازانلار يۈز ئۆرۈپ كەتكەن دەرەختەك
باشلايمەن جىمىمدە غېرىبسىنىشقا،
بەختىمنى تەرگەندەك تېرىۋالىمەن،
ئىشىكىم ئالدىغا ياكى لەمپىگە،
لەيلەپ چۈشكەن خازاننى ئاستا.
بەزىدە،
ئۈمىد نۇرى چۈشۈپ قەلبىمگە،
چاقناپ كېتەر مۇز پارچىسىدەك.
پەقەت شۇندىلا،
كۆرىمەن روھىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇرىدا،
خىيالدىن قاتمۇ - قات تور تارتىپ يۈرگەن،
يىگانە ئۆمۈچۈكتەك بىر ئۆزۈمنىلا.

ئاڭلايمەن بەختىنىڭ پىچىرلىشىنى،
ئۆمۈچۈك تور تۇتقان دېرىزىلەردىن.
ئاجىز بىر ئېسەدەش چىكەر ئىشىكنى،
بەختىمۇ سەن دەيمەن كەلدىڭ قەيەردىن.

ئەركىن مۇھەممەت كامالى

# مايبۇلاق كۆيلىرى

## سىلىم بوۋا

سەن سۆيگەن بۇ داللار مېنىڭ دالام،
ھەر بىر تال گىياھىغا كۆيۈپ ئۆتتۇم.
بۇندا كۆپ ئىزلىرىڭ بار سىلىم بوۋا،
شىپا دەپ ئۇنى كۆزگە سۈرۈپ ئۆتتۇم.

سەن سۆيگەن بۇ داللار مېنىڭ دالام،
مايبۇلاق كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىڭدۇر.
شۇ كۆزگە كاچالكىلار بېرەر سالام،
يۇلغۇنلار تەبەسسۇملۇق يۈزلىرىڭدۇر.

بۇرغىلار كۆي تۆكۈدۇ مۇھەببەتتە،
بۇ كۈيدە ئۇنتۇلغۇسىز كەچمىشىڭ بار.
بۇ كۈيدە يۈرەكلەرنى چېكىپ ئۆتكەن،
كۈلكە ھەم تۆككەن ئاچچىق كۆزيېشىڭ بار.

ھىدىڭنى پۇراپ ياتار قۇم بارخىنى،
سۆزلەيدۇ تەرىپىڭنى شامالللار ھەم.
ئېگىلىپ ئېھتىرامدا چىڭغىز تېغى،
ئۇلۇغلار ئەقىدەڭنى سېنىڭ ھەردەم.

سەن سۆيگەن بۇ داللار مېنىڭ دالام،
تۇرمايدۇ بۇرۇنقىدەك يېتىمسىرەپ.
ھەممە ياق گۈلگە تولدى ئەجرىمىزدىن،
خۇش بويى كەتتى ئەلگە تەكشى تاراپ.

كۈندە توي- كۈندە مەشرەپ مايبۇلاقتا،
كۆمەلمەس قۇم بورانلار ئۇنى زىنھار.

نامىڭنى يادلاپ تۇرغان ھەر يۈرەكتە
بىر تاتلىق جىلۋە قىلار يىللىق باھار.

قۇشلارنىڭ ناۋالىرى سېنىڭ ئۈچۈن،
قەبرەڭنى باغاشلايدۇ كۈندە قۇياش.
سەن تارىخ سىلىم بوۋا چاقناپ تۇرغان،
بۇ ئالتۇن تۇپراق ساڭا مەڭگۈ سىرداش.

## ئەسلەش بىلەن ئاقلايدىكەنمىز

ئەللىيىڭنى ئاڭلىغۇم كېلۇر
كۆزلىرىڭگە تەلمۈرۈپ ئانا.
چاچلىرىڭنى ھىدلىغۇم كېلۇر
باغرىم يېقىپ كۆكسۈڭگە يانا.

كىرىپ تۇرساڭ كۈندە چۈشۈمگە،
كۈتۈپ ئالسام قايماق چاي بىلەن.
سەبىي بولۇپ سەبىي بالامدەك،
ئوينىۋالسام راسا سەن بىلەن.

شۇ تۇيغۇدا كۆزلىرىمدە ياش،
ئانا - ئانا سېنى ئەسلەيمەن.
باراي دەيمەن يېنىڭغا ئەمما،
باللارنىڭ غېمىنى يەيمەن.

شۇنداق جاھان ئىكەن بۇ ئانا،
بالا دەپلا ياشايدىكەنمىز:
ئانىلارنىڭ ئەجرىنى پەقەت
ئەسلەش بىلەن ئاقلايدىكەنمىز.

## سۆيۈۋالدىم شامالغىمۇ تۇيدۇرماي

سۆيۈۋالدىم مەن سېنى شامالغىمۇ تۇيدۇرماي،
كۆرۈپ قالدى ۋە لېكىن كۆك پەرىسى تولۇن ئاي.

كۆرۈپ قالدىڭ سەنمۇ ھەم، ئوماق لېۋىڭ ئۆمچەيدى،
ئاچقىن جېنىم كۆزۈڭنى خىجالەتتىن ئاھ ئۇرماي.

ئاچقىن نۇرلۇق يۈزۈڭنى ئاي ئاشۇنداق پارلايدۇ،
ئاخشاملىرى ھەۋەستە ئاشىقلارنى چارلايدۇ.
بىلسەڭ ئەسلى ئاي دېگەن چىن سۆيگۈنىڭ ئەلچىسى
بەزىلەردەك تېرىقنى تاغ كۆرسىتىپ ساتمايدۇ.

## قەسىدەمدە چاقنايسەن

ئاتەش سۆيگۈ، ئاتەش كۈي، ئاتەش مېھىر تاراتتىڭ،
ئەشئارلىرىڭ نۇر تۆكتى تۈمەن دىلنى قاراتتىڭ.
سەن ئادەممۇ خىزىرمۇ قۇدرىتىڭگە ئاپىرىن،
تاڭ قالدۇرۇپ جاھاننى سانسىز چولپان ياراتتىڭ.

چولپان دېگەن چىرايلىق، چولپان تاڭنىڭ ئەلچىسى،
چولپان دېگەن دىلبەرنىڭ ئويناق كۆزى، كۈلكىسى.
سۆيۈنمىسۇن قايسى زات سۆيۈنمىسۇن قاي ئىنسان،
چولپان بىلەن بېزەلسە ئانا يۇرتى - ئۆلكىسى.

تاڭدەك تىلەك تاڭ پەيتى چولپانلارغا قارايمىز،
قارايمىزۇ زوقلىنىپ بەس - بەس بىلەن سانايمىز.
تۈگىمەيدۇ بۇ ساناق تۈگىمىسۇن ئەبەدىي،
سانىغانچە شائىرىم سېنى يەنە ماختايمىز.

سەن بالقىغان چوققىدىن ئۆتەلمىدى ئۇچار قۇش،
يوللار خەتەر سېنىڭدە يۈز بەرمىدى ھېچ قورقۇش.
ئايىغىڭدا بۇلۇتلار ھالسىرايدۇ بىماجال،
ئالقىش ياغدى ئاسماندىن باشلىرىڭغا تۇشمۇ - تۇش.

شېئىرىڭ بىلەن ئەي جانان يولىمىزنى يورۇتتۇڭ،
ئويغۇرىڭنى جاھانغا جاكارلىدىڭ، تونۇتتۇڭ.
دۈشمەنلىرىڭ ھەر دەقىق توساق قۇردى يولۇڭغا،
نىگاھىڭدىن ئوق ياغدى بىرىنى قويماي قۇرۇتتۇڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆلدى دەيدۇ كىم سېنى، مەڭگۇ - مەڭگۇ ياشايسەن،
مەڭگۇ ئۆلمەس شەرەپنى بېشىمىزغا تاشلايسەن.
ئۆلگىنىڭنى كىم كۆرگەن پەرىشتىنىڭ، خىزىرنىڭ،
قەلبىمىزدە مەڭگۈلۈك قۇياش بولۇپ پارلايسەن.

ئۆلدى دەيدۇ كىم سېنى ئىشەنمەيمەن بۇ ئۆسەك،
ئاي دالىدا بىز بىلەن سەتىرلەرنى يادلايسەن.
راست سۆزلىدىم يالغانغا ئۆگەنمىگەچ بۇ يۈرەك،
ھەرسىيىدە ئىپتىك يوق، قەسىدەمدە چاقنايسەن.

ئەزىزى

# سۇ ئۇستىدە ئۇيۇغان ئىزلار

## مومامنى سېغىنىپ

رىۋايەتتىن تۇغۇلغانىدىڭ،
كېتىپ قالدىڭ رىۋايەت بولۇپ.

كەچمىشلەرگە ئورايدۇ مېنى،
كۆزنەكلەردە تۈنىنىڭ ئۇيقۇسى.
خىيالىرىم سېنى سورايدۇ،
كۆزلىرىمدە ھەسرەت ھالقىسى.
تەقىپ قىلار مېنى نادامەت،
نادامەتنى باشتا بىلمىدىم.
كۆيۈپ، پىشساق پىراقلىرىمدا،
شامال بولۇپ يەلپۈيەلمىدىم.
ئۇچۇپ بارسام ئەگەر قېشىڭغا،
ئۇچار گىلەم ئارىيەت ئېلىپ.
تۇرارسەنمۇ ئورنىڭدىن بىر رەت،
ئاشۇ سوغۇق پەردىنى قايرىپ.
رىۋايەتتىن تۇغۇلغانىدىڭ،
كېتىپ قالدىڭ رىۋايەت بولۇپ.

## كېپىنەككە ئايلانغان كېچە

كېپىنەككە ئايلانغان كېچە،
شىۋىرلايدۇ يۇلتۇزغا بېقىپ.
شامال بولۇپ كىرىپ كېلىدۇ،
سەن سالغان پىراق
دېرىزە
چېقىپ.
ساداسىنى چۈشەيدۇ ھايات،
سۇكۇناتقا لىۋىنى يېقىپ.
شامال بولۇپ كىرىپ كېلىدۇ،
سەن سالغان پىراق
دېرىزە
چېقىپ.
شامدەك كۆيۈپ تۇرغان بۇ يۈرەك.
تاڭ ئاتقۇچە تۈگەيدۇ ئېقىپ.
شامال بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ،
سەن سالغان پىراق
دېرىزە
چېقىپ.

## مونىنالىزا

ئېيتقىنا
تەبەسسۇمدىن تۇغۇلغانمۇ سەن
سەن تۇغقانمۇ تەبەسسۇمنى يا؟

قارايسەن
پەردىسىنى قايرىپ ھەسەتنىڭ،
نىگاھىڭ ئوق ئوتقا ئورالغان.
سېھىرلىك رىۋايەت رەڭلەر قىسمىتى
تېخى ھېچكىم ئاڭلىيالمىغان.
خىيالمۇ سەن
يا خىلۋەتتە ئېچىلغان چوغلۇق،
شامالللارمۇ پۈرىيالمىغان؟
قىيامەتنىڭ چېقىنىمۇ سەن،
ياكى پەرىشتە
ئادەم بولۇپ تۇغۇلالمىغان؟

سەن مەڭگۈلۈك تېپىشماق گويا،
يېشىمىگىنى يوشۇردۇڭ قايان؟

## كېتىپ بارار تۇرنىلار قاتار

ئىزلىرىدىن ئالۋۇن يۈزىگە،
ئاسمان سىزىپ، گىرىمسەن ئاسمان
كېتىپ بارار تۇرنىلار قاتار.
ئاۋازىدا جۇدالىق سازى،
كۆزلىرىدە باھارنىڭ نازى،
قانىتىدا لەرزان چۈش كۆرۈپ
مىسكىنلىكنىڭ سايىسى ياتار.

قايغا بارار يېتىم تۇرنىلار،
ئاخشاملىرى قەيەردە قونار؟
سەرسانلىقى ئاچچىق رىۋايەت،
ئاڭلاپ قالساڭ چىدىيالمايسەن
خەنجەر كەبى باغرىڭغا پاتار،
كۈتۈۋالار ئۇلارنى كىممۇ،
قورسىقى ئاچسا
يۇلتۇز چېچىپ بېرىپ ئالدىغا؟
چاڭقاپ كەتسە كىممۇ كۆل بولۇپ
چۆمۈلدۈرەر—
ئالار باغرىغا؟

ئىزلىرىدىن ئالۋۇن يۈزىگە،
ئاسمان سىزىپ، گىرىمسەن ئاسمان
كېتىپ بارار تۇرنىلار قاتار.
قۇياش ئاقار تومۇرلىرىدا
دەۋرەپ - دەۋرەپ لەختە چوغ ئاقار.

## قەدەھتۇر قەبرەم

غىدىقلىدى
يوپۇرماقتەك بارماقلىرىدا،
ھېسلىرىمنى ئاقارغان سايەم.
خورازنىڭ ئاداققى چىللاشلىرىدا
ئېزىقىپ ئېسىنى يوقاتقان ساقى،
ئۆمۈچۈك قىز بىلەن قىلماقتا ئايەم.
مېنى رام قىلدى شارابىنىڭ ھىدى
يىقىلدىم
مەست بولۇپ ساپال قەدەھكە،
ئېچىرقىغان نەپسىم بىلەن.
كۆزۈمنى ئاچسام
غايىب بولدى چىرىدىگەن تىللار،
توزۇپ كەتتى پاسىل - سېپىللار،
كۆرگىنىم كېپىنەك ئاۋام
ئىلاھى ۋەتەن.
ئۆلپەتلىرىم - قېرىنداشلىرىم
كېلىپ قالساڭلار
مەندىن كېيىن مېنى ياد ئېتىپ،
قەبرەم قەدەھ،

www.uyghurkitap.com

قەدەھتۇر قەبرەم.
ۋەسىيىتىم شۇ—
قاۋاقخانا پەشتاقلىرىغا،
نەقىش قىلىپ ئويۇلسۇن نەزمەم!

## ماۋزۇسىز

ئەي غەپلەت بەندىسى
ئويغىتارمۇ ئويقۇڭدىن سېنى،
كىيمەي چىقسا
يېتىلگەن ئاي ئىچ كۆڭلىكىنى.

## مەنزىل

ناخشا توۋلاپ كېلەر تاڭ سەھەر
باللىقنىڭ ياڭراق ئېقىنى
ئۆركىشىگە قۇياشنى ئوراپ.
كۆكۈم قوينىدا ھارغىن چىغىر يول
تەشۇىشنى يۇدۇپ ئىزلارنىڭ،
ئۇپۇق تامان بارماقتا ئۇزاپ.

## كىمدۇر...

ئويچان كېچە
يۇلاقلاردا تۈنەيدۇ ئاھۇ،
ياپراقلاردىن تۆكۈلەر ياغدۇ.
تىمتاسلىق كۈيىنى كۈيلەپ تولۇن ئاي،
تۆكمۈكلەردىن ئۇۋۇلايدۇ گۇناھ.
كىمدۇر ئۆكسۈيدۇ
كىمدۇر چۈش كۆرىدۇ
چۈشلىرىدىن ئىزدەيدۇ پاناھ.

## ۋاقىت

1

ئولتۇرىدۇ
ئۆكۈپ كەتكەن دەرەخ ئاستىدا،
بۆشۈكىنى تەۋرىتىپ قورچاق.
دەرەخ ئەسنەيدۇ
شۇرلايدۇ بۆشۈك ئۇيقۇدا،
ۋاپاسىزلىق قىلىپ ئەللىيى
ئۇنى تاشلاپ كەتكىلى نەۋاق.

2

سوغۇق دېرىزە
خىسلىتىنى يوقاتقان ئەينەك،
ھەر تەرەپكە دوقۇرۇپ يۈرەر
چىۋىن كەبى ئەما تەبەسسۇم
ھەسرەتلىك تۇرخۇن
باشلاپ كەلمەك بولۇپ ئاي قىزنى،
توقۇپ يۈرەر تۈتۈنگە تۇقۇم.

3

ئاپئاق بوسۇغىدا
سالام قىلدىم ئېگىلىپ يەرگە.
يەر قىزاردى

كۆيدى يۈزلىرىم
ئالەم چۆمدى ئاقارغان تەرگە.

## ھايات

1

ماڭا تەۋە بۇ دەقىقىلەر
تۇتساڭ بىر چىمدىم كەلمەس،
ئەمما سوزساڭ ئۇزۇندىن ئۇزۇن
ياشلىقتىكى تەلۋە خىيالدەك.
كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە پەقەت
گاھى مېنى ساماغا باشلار،
گاھى دۇنيا تۈگىگەن يەرگە
ئۇپقۇن ئۇزرە سېھىرلىك سالدەك.

2

مەن شۇ سالدا تۇغۇلدۇم،
شۇ سالدا يىغلىدىم تۈنجى يىغىنى.

يۈككەن تاغنى شۇ سالدا كۆردۈم،
قۇياشنىڭ ئۈچۈشىنى شۇ سالدا كۆردۈم
شۇ سالدا ئاڭلىدىم قۇتلۇق ۋەھيىنى
شۇ سالدا ئاڭلىدىم مىڭبىر كېچىنى.

3

تۇتساڭ بىر چىمدىم كەلمەس،
ئەمما سوزساڭ مىڭ يىلچە كېلەر،
ماڭا تەۋە بۇ دەقىقىلەر
ئۆلسەم كېيەن بۇ دەقىقىلەر.

**قىيامەت**

1

قوغلاپ يەتتىم
ساناداتنىڭ ساراڭ قىزىنى
ئىككى ئالەم كېسىشكەن يەردە.
سالام بېرىپ يېرىلدى تاشىم،
تەشۋىشلەردىن قۇتۇلدى باشىم
بۇلبۇل ئۇخلاپ قالغان سەھەردە.

2

سەدىقە قىلدىم،
يالماۋۇزغا ساۋابلىرىمنى.
ئاستىم بوينۇمغا،
تۇمار قىلىپ گۇناھلىرىمنى.

3

ئازاب ئاتلىق پەردە ئاستىدىن،
ئۇچۇپ چىقتى يالقۇن پەرلىك قۇش.

مۇھەممەتجان ئەمەت

## شۇ جايدىن باشلىنار مېنىڭ چۈشۈمۇ

شۇ جايدىن باشلىنار مېنىڭ چۈشۈمۇ،
سىمايىڭ چۈشلەرگە ئۈندىگەن ھامان.
ئەلمىساق ۋالىداپ تاشلىنار كۆزگە،
كېلىچەك نەھرىگە شۇڭغۇسا زامان.

خۇشاللىق يارىتار سېنىڭ شوخ كۈلكەڭ
يارىتار دوزاخنى جەننەتتىن ھەيۋەت.
ئۆلۈم ۋە پىلسىرات ئېرىيدۇ قاردەك
چاقنىسا سەن چاچقان بۈيۈك مۇھەببەت.

قۇياشتىن تۆكۈلۈپ پارلايدۇ نۇرلار
قىيىندۇر ئالايماق يولۇم تورىسا.
قۇياش، ئاي، يۇلتۇز ۋە سامانيولى دە
دېڭىزلار، بۇلاقلار ئىسمىم سورىسا.

شۇ جايدىن يامىشار قۇياشمۇ كۆككە،
شۇ جايدىن چايقىلىپ باشلىنار دېڭىز.
سەن ئۈچۈن ئىنلۇپەر راسلىسا تۆشەك
ئۇلتۇرغىن تاڭ پەيتى قورۇنماي ھەرگىز.

ئۇ، ئالەم ئۈچماققا قاناتلانغان جاي،
ھاۋانىڭ چۈشىدەك تاتلىقتۇر بىلسەڭ.
سەن سۇبھى، خۇشاللىق پۈركىسەڭ گۈلگە،
بۇلبۇلغا زوق - ئىلھام بوپقالغاي كۈلكەڭ.

بىتاقەت بولمىسام كۈلدۈرمامدەك،
چېچەكلەر لەۋلەردىن كۈلكىلەر تامام.
مۇبادا سەمىمىي كۈلسەڭ سۇبھىدەك،
ئاسان گەپ كۆڭلۈمنىڭ تاپمىقى ئارام.

پەرىزات! سۈرمىدىڭ چۈشۈمدە دەۋران،
تەنلىرىم نوتا ۋە ياپراقتەك يۇمران.
قۇياشنىڭ، شۇ يىللىق نۇرلار تالىسى—
بىر ئۇتلۇق يۈرەكنى قىلارمۇ گۇمران.

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

سەن يېڭى بىر زېمىن ياراتتىڭ ئەركەم،
ياراتتىڭ ئاسمانىنى چەكسىز بىپايان.
ئۇياتلىق سۆزلەردەك تىلىم ئۇچىدا،
تامشىدىم، نامىڭنى سېنىڭ ھەر قاچان.

مۆجىزە باشلىدى شۇ يېڭى زېمىن،
يانماقتا ياللداپ شۇ يېڭى ئاسمان.
شۇ جايدىن باشلىدى مېنىڭ چۈشۈمۇ،
مۇھەببەت ھەققىدە سۆزلىگەن داستان.

مۇسا ئەھەد

# شېئىرلار

## تاغلاردىكى سۆزلۈك تۆيغۇلار

1

چىلىلما تۈن، تاغلار كۆلۈپ تۇرسۇن ئۆز پېتى،
قانغىنى يوق، تاغلار بىلەن دىللار سۆھبىتى.

2

يازالمايدۇ دېمەڭلار قەسىدىدىن ئۆزگىنى،
كۆيلىرىدە شائىرنىڭ غەم - غۇسسە بار، كۈلكە بار.
كۆلكىسىدىن ئۇيقۇلۇق ئېدىرلارغا تۈن بەرسە،
تەسكەيلەرگە نىگاھى قۇياش بەرگەن، ئاي بەرگەن.
تاشسا قىساس توغىنى ساداسىدىن ياۋلارنىڭ،
تىترەپ تۇرغان يۈرەكلەر ماماتلارغا جاي بەرگەن.
زېرەك، چېچەن ئۇۋچى ئۇ، قولدا بار چالمىسى،
چۈنكى ھەر يول دوقمۇشتا بىر شاياتۇن تۈلكە بار.
بىلسەڭ شائىر ۋۇجۇدى ھەقىقەتكە چىن مىزان،
ھەربىر شەيئى، ھەر ئىشقا كۆيلىرىدە ئۆلگە بار.

3

تۈنۈگۈن دەمسەن تۈنلەرنى تۈنلەر كەتتى يىراق دەپ،
كەتكىنى يوق دىللاردىن تۈنلەر سالغان جاراھەت.
غاپىل بولما، مۇغەمبەر تۈنلەر گاھى ئەركىلەپ،
چىللاپ كېلەر بېغىڭغا تاغلاردىمۇ جاھالەت.
تۈنۈگۈندىن ئەجدادلار ئېيتقان سۆزنى - ھېكمەتنى،
شۇ ھېكمەتتە ھەر ئىشقا باردۇر مىڭلاپ بېشارەت.

4

زىرەك، چېچەن بىر نىگاھ، تاڭلار تامان تىكلەنسۇن!
تۈننى قارغا، تۈننى سۆك، تۈنلەر ئەبەد يەكلەنسۇن!
تاڭدەك سۈزۈك ئاڭلاردا، تاڭلار كۈلسۇن! تاڭ كۈلسۇن!
باسقان قەدەم-ئىزلاردا تاڭلار سۈيەت گۈل ئۈنسۇن.
چىقارمىغىن شۇندىمۇ تۈنلەرنى ھېچ ئېسىڭدىن،
تۈنلەر ماكان تۇتماقنى ئىزدەر دائىم قېشىڭدىن.

5

باققىن تاڭغا، تاڭلارغا، تاڭلار قانچە دىلرەبا،
ئادەملەرگە ھەر سۈبھى سۆيگۈ بەرگەن، قۇت بەرگەن.
ئادەم تۈگۈل قۇشلارمۇ، ھەتتا ئەزىم كائىنات،
تاڭلار تۆككەن ئالتۇن رەڭ زىيالارغا بۆلەنگەن.
شۇڭا تاڭلار كۈلگەندە ئادەم تۈگۈل بارچىسى،
ئۆز تىلىدا، كۈيىدە توقۇپ سانسىز قەسىدە،
ئاشۇ تاڭغا تاڭ كەبى سۆيگۈسىنى بىلدۈرگەن.

## تاتلىق قىزىم سەرۋىناز

يوللار ئۇزۇن، يول يىراق، ئارىمىزدا نەچچە تاغ،
نەچچە دەريا، ئۆتكەللەر تۇرار ئايرىپ شۇ تاپتا.
بۇ جۇدالىق بۇ ھەسرەت سېلىپ دىلغا تۈمەن داغ،
مىڭ بىر ئۆلۈپ تىرىلىپ روھىم يۈرەر ئازابتا.
تاتلىق قىزىم، دىل پارەم سەن قەيەردە سەرۋىناز،
يوللىرىڭغا ئاتىلىق مېھرىم بولسۇن پايانداز.
جىمجىت يوللار، جىمجىت تۈن، جىمجىت ھويلا، دىل خانەم،
جانغا پاتقان تىت-تىتلىق ساھىلىغا بۆلەنگەن.
يۈزلىرىمدە قۇياشلىق تاڭلار بالقىپ تۇرسىمۇ،
گۈلزارىدىن يۈرەكنىڭ باھار كەتكەن، يەكلەنگەن.
ئامراق قىزىم، دىل پارەم سەن قەيەردە سەرۋىناز،
كۈلكەڭ ئۈچۈن ئاتىلىق سۆيگۈم بولسۇن باھار-ياز.

تىڭشىسەن قۇياشقا، ئاي-يۇلتۇزغا ھەسرەتلىك،
جۇشقۇن تۇيغۇ، شاد ھېسلار يىراقلارغا بولۇپ يەم.

تۇنلەر ئۆتەر ئېكەندا ياساپ سانسىز قەبرىلەر،
سېغىنىشنىڭ يامغۇرى ياستۇقلارنى قىلدى نەم.
قەنتتەك قىزىم، دىل پارەم سەن قەيەردە سەرۋىناز،
كەل يېنىمغا ئۆمۈرنى ئۆتكۈزەيلى خۇشال - ساز.

## يارقىنلىق يار بولغان بۇ هايات سېپى

(دەم ئېلىشقا چىققان باغۋەنلەرگە بېغىشلايمەن)

1

ئۆركەشلىك بىر قىيان تومۇرلىرىمدا،
قەلبىمدە ئەڭ نەپىس بىر كۈي بىر ئاهاڭ.
سەن باسقان يولدا مەن، ماڭا كۈچ،ئىلهام
سەن ئېيتىپ هارمىغان شۇ جەسۇر ناخشاڭ.

قىيالماس كۆزۈمدە تىترەر قەترىلەر،
ۋۇجۇدۇم سىمابقا ئايلانغان شۇ تاپ.
بۇ شادلىق ئىلاهى سالغان ئىپتىخار،
ئاه نىگار هىجرانى سالغان مۇڭ، ئازاب.

گاه شادلىق هېسلىرى گاهى ئاچچىق دەرد،
خىيالىم ئاه ئەجەب چېگىش گادىرماچ.
ئاسانمۇ جۇدالىق ئەڭ ئاداقىي دەم
باقىمەن سىلەرگە كۆزلىرىمدە ياش.

2

قۇياشسىز دۇنيانى باسىدۇ زۇلمەت،
قۇياشسىز هاياتلىق ماماتقا بەدەل.
قۇياشسىز مۇتلەقتۇر زېمىندا ئاياز،
قۇياشسىز كۈلمەس ياز گۈلباهار توگەل.

سەن قۇياش ئىنسانلار ئالىمى ئۈچۈن،
چۆل گويا مېهرىڭسىز ئىنسانلار روهى.

ۋە شورتاڭ يەر كەبى قەلبلەر چاڭقاق،
تەقدىرنىڭ قۇلى بوپ ئىنسانلار بارى،
بوپ قالار شامالار ئۇچۇرغان قامغاق.
سەن ئاددىي ئىنسانسەن قەدىمدىن هازىر
غۇرۇرۇڭ خالىماس زىنهار شۆهرەت، تاج.
ۋە لېكىن ئىنسانىي بۇرچۇڭ بىلەن ئەل
كۆز ئېچىپ تاپتى قۇت، تاپتى هەم راۋاج.

سەن بولغاچ باهاردەك كۈلۈپ بۇ ئالەم،
يارقىنلىق تارالدى كۆككە، زېمىنغا.
تىلسىملار ئېگىپ باش، بەردى داۋان يول
يارقىنلىق يار بولغان ئىدراك - زېمىنغا.

باق، ئەنە كۆكسىگە بۆلەر تاڭلارنى،
يارقىنلىق يار بولغان بىزنىڭ سەزگۈ - ئاڭ.
هېكمەتلەر ئالدىدا تۇرار نۇرلىنىپ،
يارقىنلىق يار بولغان سانسىز تىرەن هاڭ.

يارقىنلىق يار بولغان، بۇ جۇشقۇن سەپتە،
بار تۆهپەڭ بىر ئۈلۈش، ۋەزنى تاغسۈپەت.
هە مەنمۇ شۇ سەپكە كەلدىم قايتىدىن،
ئەۋلادلار بەختىچۈن كېرىپ مەغرۇرقەد.

## مۇهەببەت

شۇ قەدەر قەدىمىي ۋە شۇنچە يېڭى،
شۇ قەدەر قېرى هەم شۇنچىلىك سەبىي.
بۇلبۇلدەك خۇش ئاۋاز گۆر كەبى دەهشەت
گۈللەردەك لىۋەن ئۇ، شىردەك ئەسەبىي.

شۇلداق بىر ناخشا بار، شۇلداق بىر ناۋا،
باشلىنىپ جەلىنەتتىن، تارالغان يەرگە،
باشلىنىپ يەردىن ھەم تارالغان كۆككە.
شۇلداق بىر ناخشا بار، شۇلداق بىر ناۋا،
دەۋرلەر ئۆزگەردى، ئۆزگەرمەكتە ھەم
ۋە لېكىن ئۆزگەرمەس شۇ كۈي ئەۋجىسى
ئۆزگەرمەس رىتىمى، ھەتتا ھەرىپى.

ئۇ شۇنداق بىر ناخشا، شۇنداق بىر ئاھاڭ،
ئۇ بولغاچ ھاياتلىق مەۋجۇت زېمىندا،
ئۇ كەلگەن ئۇدۇمدىن ئەجداد تىن ماڭا
ۋە مەندىن بالامغا ھەتتا نەۋرەمگە.
ئەرۋاھتەك شەپىسىز قەدىمى بىلەن،
يىلتىز تارتىپ تۇيغۇلىرىڭدا،
بەرق ئۇرار قەلبىڭ قەسرىدە.

نۇرگۇل يۇنۇس

## بەلكىم

ئـانام...
پەسىل قىزى باشلاپ كەلگەن ئالتۇن كۈز
ئۇزاتقاندۇر ساڭا شېرىن چۈشلەرنى بەلكىم.
ھاسا قىلىپ دەرەخلەرنى بىرمۇ بىر
چېكەر تېخى ئىشىكىڭنى شۇ ئاھاڭلىرىم.

ھىدلاپ مېنى ھۇشسىزلاندى ئىزغىرىن،
سېغىنىشىم يامغۇر بولۇپ تۆكۈلەر.
مادارىدىن قالدى سۆزۈك ھاۋامۇ،
خىيالىممۇ خىرەلەشكەن شۇ قەدەر.

غېرىب كۆزنىڭ تۆكۈپ كەتكەن كۆز يېشى،
يۈرىكىمگە بولالمىدى تەسەللى.
مەنلا يالغۇز پەقەت مەنلا يالغۇزمەن،
بوپ قاپتىمەن تەبىئەتنىڭ يالغۇزى.

ئانا! قازناق ئۆيدە بەلكىم يىغلارسەن،
«ئاتلىق بالام قەيەرلەردە يۈرگەنسەن،
بەخت بەرسۇن خۇدا ساڭا مەڭگۈ» دەپ
ئانا ماڭا قۇتلۇق دۇئا بەرگەنسەن!

زېمىندىكى بار دەرەخلەر ئېغاڭلاپ،
قىلىۋاپتۇ يۈرىكىڭنى يوپۇرماق.
يوپۇرماقلار يامغۇر بىلەن ھۆللەندى،
يامغۇرلارمۇ نېمىدېگەن خۇش پۇراق.

سايىنى بويلاپ ئۇخلاپ قالغان ئېرىقتا
ئانا دېگەن ئاۋازىملا بىر ئېقىن.
ئانا سۆيۈپ ياتقىنىدەك بالىنى،
سۆيۈپ قويار جىلغىلارنى ئاق يېغىن.

بەلكىم ساڭا
غېرىب خانەم ئايۋانلىرى ئانىجان،
كۆزلىرىمدەك قارىغاندۇ مېنى دەپ؟
مەن يىراقتا ئانا سەنسىز
كۆلەڭدىم تېلىقىپ.
زۇۋان كىرىپ بوشلۇققا،
بەلكىم،
تاغلار جاراڭلىدى ئانا! دەپ.



# قاباھەتلىك چۈش

جالالىددىن بەھرام

(پوۋېست)*

ھاۋانىسانى ئۆز كېيىنگە كىرگۈزەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن قاسىم ئەسلىدە گۈلسۈمنى قورقۇتوش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن خەتنى قوينىدىن چىقاردى، ئۇ ھاۋانىسانى نامۇ-نومۇس تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئېلىپ ئۆي خېتىنى قولغا چۈشۈرمەكچى بولدى.

— دادام؟ — قاسىم دىمىغىنى قاقتى، — قاچاندىن بېرى سەن مېنىڭ بالام بولۇپ قالدىڭ. ئەگەر ئۆي خېتىنى بەرسەڭ بېرىسەن، بەرمىسەڭ مەن بۇنى پۈتۈن مەھەللىگە، دوستلىرىڭغا ئاشكارىلاپ سېنى كوچىدا يۈرگۈسىز قىلىۋېتىمەن!...

قاسىم خەتنى ھاۋانىسانىڭ يۈزىگە ئاتتى.

ھاۋانىسا خەتنى ئىشىككە يۆلەنگىنىچە ئوقۇدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ نەپەس ئېلىشى تېزلەشتى. پېشانىلىرىدىن بۇژۇلداپ تەر تامچىلىرى... ئاخىرىدا ئۇ شۇنداق قاتتىق چىرقىرىدىكى چاچلىرىنى قامالالىغىنىچە ئىشىكتىن سىيرىلىپ بوسۇغىغا يىقىلدى. تاتىرىپ كەتكەن قاسىم ئارقىغا داجىغىنىچە غال-غال تىترەپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

— بۇ خەتكە ئىشەنمەڭ، بۇ قاسىمنىڭ ھىيلىسى، — دېدى سابىت ئەپەندى ھاۋانىساغا چاي قويۇۋېتىپ، — ئۇ ئۆي خېتىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلغان.

— ئەمىسە ئاپام سوتقا نېمە ئۈچۈن ئۆز قولى بىلەن ئىقرارنامە يازىدۇ... سىز مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئاۋۇتماڭ... ئاھ خۇدا، ئاپام ئاشۇنداق بۇزۇق ئايالمىدۇ!؟ راستىنلا مېنىڭ دادام يوقمىدۇ!؟ ئۇلار مېنىڭ تۇپەيلىمدىن ئاجراشقانىكەن-دە!

ھاۋانىسا ئۇزۇنغىچە ئۆزىگە-ئۆزى گەپ قىلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ سۆزلىرى

* بېشى ئۆتكەن سانىدا.

باغلاشمايتتى. تۇرۇپلا «ئۇھ» دەپ ئىڭرىگە، ئېغىر تىنسا، تۇرۇپلا ئاچچىققىنا كۈلۈپ قوياتتى. سابىت دېرىزىلەرنى ئېچىۋەتتى، ئۆيگە نەمخۇش ھاۋا كۈركىرەپ كىردى.

— ھاۋانىسا سىزنى ئاتىسىز تۇغۇلغان دېيىشكە بولمايدۇ. مەن بۇنى ئاللىبۇرۇنلا بىلىمەن.

— سىز بىلەمسىز؟

— شۇنداق، قاسىم مۇشۇنداق دېمىسە قانۇن ئۇلارنى بەلكىم ئاجراشتۇرمايتتى. لېكىن سادىدا ئاپىكىز ئەرزنامىسىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئىقرارنامە يازغان.

— ئاھ، سابىتجان ئاكا...ھارامدىن بولغان...«ئاتىسىز تۇغۇلغان» دېگەن بۇ بەدنامىنى قانداق يۇيۇپ تۈگەتكىلى بولار!؟

— ئاتىسىز تۇغۇلغان بالىلارمۇ بارغۇ؟ ئۇلارنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈشكە، تاغارغا سولاپ سۇغا تاشلاشقا توغرا كېلەمدۇ؟ بالىلاردا نېمە گۇناھ، ئۇلار قانداق تۇغۇلۇشىنى ئۆزلىرى بەلگىلەپ ئالالمايدۇ - دە.

— سىز بۇنداق دېگەنىبىلەن خەقنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالغىلى بولامدۇ؟

— شۇنداق، لېكىن مەن «كوممۇنىستلار خىتابنامىسى» دا مۇنداق بىر جۈملە سۆزنى ئوقۇغانىدىم: «ئاتىسىز تۇغۇلغان بالىلارنى ئەيىبلىمەيدىغان دەۋر كوممۇنىزمدۇر».

— ئۇ دېگەن شۇ دەۋر...شۇ دەۋردە بەلكىم ئاڭ شۇنچىلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى مۇمكىن.

پەرىدەنىڭ «دادا، دادا» دېگەن ئاۋازى، پەلەمپەيىنىڭ تاراقلىغىنى ئاڭلىنىشى بىلەن ھاۋانىسا كۆزلىرىنى سۈرتۈپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئۆزىنى چىڭ قۇچاقلىۋالغان پەرىدەنىڭ يۈزلىرىنى سىيپاپ قويۇپ، ئۇنىڭ يالۋۇرۇشلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك چىقىپ كەتتى.

سابىت دېرىزە ئالدىدا ئۇزاققىچە تۇردى. ئالا كۆلەڭگىلەر تىترەپ تۇرغان كەچكىكىنە بېغىغا، بىر - بىرىدىن بوي تالاشقان ھەيۋەتلىك بىنالارغا قارىغانسېرى ئۇنىڭ خىيالى پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئىچىدە ئاستا شىۋىرلىدى:

— ئاھ بىتەلەي ئايال! بەختسىز قىز!

* * *

ھاۋانىسانىڭ يوقاپ كەتكەن ئۇكىسى تاشپولاتنى ئىزدەپ يۈرگىنىگە ئىككى كۈن بولدى. بۈگۈنمۇ كەچ كىردى، ئۇنى يەنىلا تاپالمىدى.

ھاۋانىسا كۈندىن - كۈنگە ياداپ، چىرايلىرى سارغىيىپ، گەپ - سۆزلىرىمۇ تاقا - تۇقا چىقىدىغان بولۇپ قالدى. بەزىلەرنىڭ «موھتاجلىق زېرەكلىكنىڭ مەنبەسىدۇر، توققۇزى تەل كىشى ئەقلىگە باي كېلىدۇ» دېگىنى راست ئوخشايدۇ. ئۇ بىر چېكىتكە تىكىلگىنىچە ئولتۇرغان يېرىدە ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كېتىدىغان، ئارتۇقچە گەپ قىلمايدىغان، يۈيۈنۈپ - تارىنىپ ئۆزىنى تۈزەپ يۈرمەيدىغان، ئاپىسىنىڭ چىرايىغا قارىمايدىغان

بولۇۋالدى. گۈلسۇم قىزىدىكى بۇ ئۆزگىرىشتىن كۆڭلىدە ھەر خىل گۇمانلارنى
قىلاتتى. ھاۋانىسا ئۇزۇندىن بېرى ئىش ئورنى تاپالماي يۈرىدۇ. چوپچوڭلا بولۇپ
قالغان قىزنىڭ ئەلۋەتتە ئۆي - خىياللىرى، ئارزۇ - ئارمانلىرى، كۆڭۈل ئىستەكلىرى
بولماي قالامتى؟! ئېھتىمال ئاپىسىنىڭ ئەسكى - تۇسكىلەرنى سېتىپ يۈرگىنىدىن دوست-
لىرى ئالدىدا خىجىل بولىدىغاندۇ. شۇڭا مەكتەپتىن چېكىنىپ چىققاندۇ... ئەلۋەتتە
ئۇنىڭمۇ چىرايلىق كىيىنىپ يۈرگۈسى، دوستلىرى بىلەن توي - تۆكۈن، بەزمە سورۇنلى-
رىغا بارغۇسى، خۇشال - خۇرام يۈرگۈسى كېلىدىغاندۇ!

ھاۋانىسا بۈگۈن ئىنىسى تاشپولاتنىڭ مەكتىپىگە باردى. تاشپولات مەكتەپتە يوق
ئىدى. ھاۋانىسا ئىنىسى بىللە يۈرۈيدىغان دوستلىرىدىن سۈرۈشتە قىلدى.
ھەممىلا يەردە ھەممە كىشى ئۇنىڭغا سىرلىق كۆزلىرىنى تىكىۋاتقاندەك، بېگىنىز قول-
لىرىنى جۇنۇپ ئۇنى كۆرسىتىۋاتقاندەك بىلىندى. قاپقارا كۆسەيدەك بىر ئوقۇغۇچى:
«ھەي ئاغىنىلەر، تاشنى كۆردۈڭلارمۇ؟ ئۇنىڭ ھەدىسى ھارامخان كەپتىكەن» دېيىشىگە
بىر توپ باللار قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى. نام - نىشانى، ئىززەت - نەپسى
يەرگە ئۇرۇلغان ھاۋانىسا تاشپولاتنىڭ مۇئەللىمى بىلەن كۆرۈشتى. مۇئەللىمنىڭ ئېيت-
تىشىچە تاشپولات دەرسكە كەلمىگىلى يېرىم ئاي بوپتۇ.

قاراڭغۇ چۈشتى. بوغدا تېغى باغرىدىكى بۇ گۈزەل شەھەرنى سانسىز چىراغلار
ھەيۋەتلىك تۇسكە كىرگۈزدى. ئايىغى ئۈزۈلمەي ئۆتۈشۈپ تۇرغان ھەر خىل ئاپتومو-
بىللارنىڭ ئۆتكۈر چىراغ نۇرلىرى ئەينەكلىك بىنا تاملىرىدا يالت - يۇلت قىلاتتى.
ھەر خىل كىيىنگەن كىشىلەر ھەر تەرەپكە ئالدىراپ مېڭىشاتتى. جۈپ - جۈپ ئەر-
خوتۇنلار باللىرىنى يېتىلەشىپ كىنو - تىياتىرلارغا ئالدىرىشاتتى. «يامالىق» تېغىدىن
ئۇرغان شامال ئېغىر يامغۇر بۇلۇتلىرىنى سۈرۈپ شەھەر ئاسمىنىغا توپلىماقتا ئىدى.

ھاۋانىسا «كەچلىك قاينام بازار» ئالدىغا كېلىپ قالدى. ئۇ ئىنىسىنى شۇ يەردىن
ئىزدەپ كۆرمەكچى بولدى. لېكىن كۈتۈلمىگەندە «تاشكۆل» مېھمانخانىسى ئالدىدا مۇشت-
لاش چىقىپ كەتتى. ھاۋانىسانىڭ كۆڭلى بىر نەرسىدىن ئەيمەنگەندەك بولدى - دە،
توپقا يېقىنلاشتى. ئۇ بىردىن ئىنىسى تاشپولاتنىڭ ئاۋازىنى تونۇپ قالدى، توپ ئىچى-
گە سىغدىلىپ كىردى: تەبىئىي ھاسىل بولغان ئورۇن ئوتتۇرىسىدا ئاغزى - بۇرنىدىن
ئاققان قان بىلەن كۆڭلىكى قىپقىزىل بويىلىپ كەتكەن تاشپولات مەست ھالىدا
پىچاق كۆتۈرۈپ ۋارقىراۋاتاتتى:

— دېگىنە، دەپ باقمامسەن! قېنى ھەددەڭنى يەنە «ھارامدىن بولغان»، «ھارام-
خان سەتەڭ» دەپ باقمامسەن؟ بوغۇزلىۋېتىمەن، قارنىڭنى بوسۇۋېتىمەن! پىچاق
ھەيدەڭدىن كىرىپ دۈمبەڭدىن چىقىدۇ.

— تاشپولات!

ھاۋانىسا ئۇقتەك ئېتىلىپ كېلىپ تاشپولاتنى قۇچاقلىۋالدى. لېكىن تاشپولات
ھەدىسىنى بىر ئىتتىرىش بىلەن ئىككى غۇلاچ يەرگە ئېتىۋەتتى:

— يوقال، ھارامدىن بولغان!

— ئۇكام تاش!

هاۋانىسا كىشىلەرنىڭ پاراققىدە كۈلۈشلىرىگىمۇ پىسەنت قىلماي تاشپولاتنى تۈپتىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. كىشىلەرمۇ يېغىۋاتقان يامغۇردىن ئۈركۈپ پاتلا تارقىلىپ كېتىشتى... تاشپولات قەدەمدە بىر كاچلىق قىلىپ ماڭغىلى ئۇنىمايتتى، ۋارقىرايتتى، بۆلجۈناتتى، يىقىلاتتى.

— سەن مېنىڭ ھەدەم ئەمەس! — تاركوچا تېمىغا يۆلىنىۋالغان تاشپولات تۈكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ ۋارقىرىدى، — سەن... سەن مېنى رەسۋا قىلدىڭ، ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئالدىدا يۈزۈم تۆكۈلدى، مەكتەپكە بارالماس بولدۇم، سەن ئەسلى ھارامدىن بولغان پاسكىنا! يوقال، كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما!...

تاشپولات قاياققىدۇر سەنتۈرۈلۈپ مېڭىۋىدى، ھەدىسى ئۇنى تۇتۇۋالدى. تاشپولات پات - پاتلا قەي قىلاتتى. جاۋغايلىرى گەز باغلاپ كەتكەن ئاغزىنى ئېچىپ توختىماي تۈكۈرەتتى. ئۇ دەلدەڭلەپ تۇرۇپ يانچۇقىدىن يېرىم بوتۇلكا ھاراقنى ئالدى - دە، يەنە كۆتۈردى. لېكىن ھاۋانىسا شارتلا قىلىپ ئۇنىڭ قولىدىن بوتۇلكىنى تارتىۋالدى.

— سەن... سەن نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟

— بۇ... بۇ دېگەن قايغۇ - ئەلەمنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان... ئاچچىقنى ئالىدىغان دورا... بىلەمسەن دورا!... سەن ئاڭلىغانمۇ زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرۇش دېگەننى...

— ئۇكام، ئۆيگە كېتەيلى... ئاپام سېنىڭدىن ئەنسىرەپ ئۆلەيلا دېدى.

— ئۆيگە ئەمەس گۆرگە دېگىن... ئۇ دېگەن گۆر... ئىشىكى بار گۆر... ئاڭلاۋاتامسەن؟... ئۇ ئاپام ئەمەس، ھارامدىن بالا تۇغقان رەسۋا خوتۇن!...

ھاۋانىسا تاشپولاتنىڭ ئاغزىغا قارسلا قىلىپ بىر كاچات سالدى... لېكىن تاشپولات ھەدىسىنىڭ كۆزىگە تىكىلگىنىچە پۇتلىرىنى كېرىپ، يامغۇر سۇلىرىغىمۇ پىسەنت قىلماي جىمجىت تۇراتتى.

— ئۇر، ئۇرمامسەن، ئۇرساڭ يېنىكلەپ قالىدىكەنمەن، — تاشپولات بىردىنلا دەھشەتلىك ۋارقىرىدى - دە، ستولبىنى قۇچاقلاپ ھۆركىرەپ يىغلىدى، — ئۇر، مېنى ئۇر!... قاتتىق ئۇر!... تاياق زەربىدىن بولسىمۇ ئىچىمدىكى ئازابلىرىمنى بىردەملىككە ئۇنتاي...

تاشپولات ساراڭلاردەك بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ، قوللىرىنى قاراڭغۇ بوشلۇقتا پۇلاڭلىتىپ قاپقارا تۈن ھۆكۈم سۈرگەن تار كوچىغا كىرىپ غايىب بولدى. لېكىن ئۇنىڭ غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازى خېلىغىچە ئاڭلىنىپ تۇردى.

يامغۇر تاراسلاپ تۆكۈلمەكتە. ھاۋانىسا ئىنىسى كىرىپ كەتكەن قاراڭغۇ كوچىغا قارىغىنىچە ئۇنىڭ «قايغۇ - ئەلەمنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان... ئاچچىقنى ئالىدىغان دورا، زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرۇش...» دېگەن سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىدە قايتا تەكرارلىنىشقا باشلىدى. ئۇ قولىدىكى بوتۇلكىنى ئېگىز كۆتۈردى - دە، ھاراقنى غورتىلدىتىپ ئىچىۋەتتى. ئاچ قورساققا ئىچىلگەن ھاراق ئۇنىڭ ئىچ - باغرىنى ئۆرتىۋەتتى. ئۇ قۇرۇقدالغان بوتۇلكىنى قەھرى بىلەن سېمونت ستولبىغا ئاتتى. كېيىن تار، قاراڭغۇ كوچىنى چاڭ

كەلتۈرۈپ قاقاقلاپ كۈلدى ۋە ئىنىسى كىرىپ كەتكەن كوچىغا قاراپ ۋارقىرىدى:
— تاشپولات!... سېنىڭ كوچاڭدىن مېنىڭ كوچام قاراڭغۇ!... مېنى ھېچكىم بىلەلمەيدۇ!...

ھاۋانىسا شالاپىلىتىپ لاي كېچىپ ئەل ياتقۇ پەيتىدە ئۆيگە كەلدى. ئۇ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىققان ئاپىسىنى ئىتتىرىۋەتتى. گۈلسۈم قىزىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. ھاۋانىسانىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان، چىرايلىرى گۆردىن چىققاندەك تاتىرىپ كەتكەن، ئىچىگە ئولتۇرۇشقان كۆزلىرى خىرەلىشىپ كەتكەنىدى. گۈلسۈم مەيدىسىنى تۇتقىنىچە سۇپىدا ئولتۇرۇپ قالدى.

— قىزىم، ساڭا نېمە بولدى؟ — گۈلسۈم ھاۋانىسانىڭ ھۆل باشلىرىنى سىلىغۇدى، ھاۋانىسا ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋەتتى.

— ماڭا تەگمە، سەن...سەن مېنى ھارامدىن تۇغقانما؟ مېنىڭ دادام يوقما، جاۋاب بەر؟!

— قىزىم سەن... — گۈلسۈمنىڭ تېنى بىردىنلا مۇزلاپ تىترەپ كەتتى.

— جاۋاب بەر دەۋاتىمەن!؟

— نەدىن ئاڭلىدىڭ بۇنداق ئۆسەك گەپلەرنى؟

— بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ — ھاۋانىسا يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتكەن خەتنى گۈلسۈمنىڭ ئالدىغا ئاتتى، — بۇنى ھېلىقى قاسىمىڭ ئەكىلىپ بەردى!

— قىزىم بۇ... بۇ دېگەن تۆھمەت... — دېدى گۈلسۈم قولىدىكى خەتنى يىرتىق كىگىز ئۈستىگە تاشلاپ، — بۇنىڭغا ئىشەنمە!

— ئەمىسە نېمە ئۈچۈن ئۆز قولۇڭ بىلەن ئىقرارنامە يازدىڭ؟

— بۇ مېنىڭ گاللۋاڭلىقىم...ئەخمەقلىقىم...ساددىلىقىمدىن بولغان.

— ئۇنداقتا ئاجرىشىش ئەرزىدە «چوڭ قىزىم ھاۋانىسانى كۆرگەن ھامان كونا (ئىش) ئېسىمگە كېلىپ چىۋىن يۇتۇۋالغاندەك بولىمەن. كۆڭلۈمدىكى بۇ قارا داغنى ئەبەدىي ئۇنتالماي كەلدىم» دېيىلىپتۇ، بۇ قايسى كونا ئىش؟

— بۇ...بۇ... — ئانا دۇدۇقلاپ قالدى.

ئىنسان ئۆز ھاياتىدا ھەر خىل خاتالارنى سادىر قىلىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئورنى، سەۋەبى بولىدۇ. ئەمما كىشى ئۆزىنى ئاقلاپمۇ ئاقلىيالمايدىغان، ئۆزىنى چۈشەندۈرۈپمۇ چۈشەندۈرەلمەيدىغان خاتالارغا دۇچ كېلىدۇ. گۈلسۈم بۇندىن 25 يىل ئىلگىرى ئەنە شۇنداق خاتاغا دۇچ كەلگەنىدى.

قاسىم بىلەن گۈلسۈم توي قىلىپ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي قاسىمنىڭ ئاغىنىلىرى مېھمان بولۇپ كېلىشتى. ئۇلا يېرىم كېچىگىچە ھاراق ئىچىشتى. كېيىن مېھمانخانىدىكى گىلەم ئۈستىدە ئۆزلىرىنى ئۇدۇل-تەتۈر تاشلىشىپ ئۇخلاپ قېلىشتى. گۈلسۈم قاراڭغۇ ھۇجرىدا ياتقانىدى. بىر چاغدا ئۇ قويىنىغا بىر كىمنىڭ كىرگەنلىكىنى سەزدى.

— ھاراقنى نېمانچە جىق ئىچىسىز، — دېدى گۈلسۈم ئاستا شىۋىرلاپ. جاۋاب

ئورنىغا كۆچلۈك قوللار گۈلسۇمنىڭ ئالىمىدەك كۆكسىنى ئاستا سىلىدى. كېيىن ئۇ گۈلسۇمنى قاتتىق بىرنى سۆيدى.

— قېلىن، ئۆيدە مېھمان تۇرسا ... — دېدى گۈلسۇم قاتتىق سۆيۈشتىن سەپەس ئالالماي.

گۈلسۇم كۆكسىگە سانجىلغان يىرىك تۈكلەرنى سەزگەندىلا قاتتىق بىر سەسكەندى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولدى. لېكىن كۈچلۈك بىلەكلەر ئۇنى چىڭ قامالل ۋالدى.

— گۈلسۇم، — دەپ پىچىرلاپ يالۋۇراتتى ناتونۇش ئەر، — ئىشقىڭىزدا كۆيۈپ ئۆرتىنىپ ئۆلەي دېدىم. بىر قېتىم ماقۇل دەڭ. بۇگۈنكى پۇرسەتنى ئاران قولغا كەلتۈردۈم. رازى بولسىڭىز مىڭ يوەن بېرەي ...

— كۆتتۇر سېسىق پۇلۇڭنى! — دېدى گۈلسۇم، يىرگەنگەنلىكتىن لاغىلداپ تىترەپ، — يوقال كۆزۈمدىن، بولمىسا قاسىمنى چاقىرىمەن.

— شۇنچە ئاۋارە بولۇپ چىقىپ كېتەمدىمەن!

— ساڭا قەرزىم بارمىدى!؟ — دېدى گۈلسۇم ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، — زورلۇق قىلمەن دەپ خىيال ئەيلىمە، ياخشىلىقچە مېنى قويۇۋەت.

— بېشىمغا كەلگەننى كۆرىمەن، ماڭا نېمىتى، ناھايىتى ئۈچ - تۆت يىللىق قولغا ئالىدۇ. ئەمما سىز ئۆلگۈچە دۇمبا يېيىشتىن باشقا، ئەل ئالدىدا رەسۋا بولسىز!

ناتونۇش ئەر شۇنداق دېدى - دە، گۈلسۇمنى بېسىۋېلىپ ئۆز مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. ئەمما گۈلسۇممۇ بوش كەلمىدى، قاتتىق قارشىلىق قىلدى، ئۇردى، چىشلىدى. لېكىن جىسمانىي ئاجىزلىق ئەرنىڭ باغرىدىن قۇتۇلۇشقا ئىمكان بەرمىدى.

— ۋايجان! قاسىم!

گۈلسۇمنىڭ قاتتىق ۋارقىرىشىدىن چۆچۈپ ئويغانغان قاسىم يۈگۈرۈپ چىقىپ چىراغنى ياندۇردى، ئۇنىڭ ئاغىنىسى ھەسەن كىرپە يېرىم يالىڭاچ گۈلسۇمنى كارىۋاتقا بېسىۋالغان بولۇپ، گۈلسۇم جېنىنىڭ بارىچە قارشىلىق قىلىۋاتقان ئىدى. قاسىم مۇشتىنى چىڭ تۈگۈپ ھەسەن كىرپىنىڭ گەدىنىگە بىرنى قويدى. ئۇلار بىر مەيدان ئېلىشقاندىن كېيىن ھەسەن كىرپە قېچىپ كەتتى.

— بولدى ... چۈشەندىم ... ھەممىنى چۈشەنگەندەك قىلدىم ... — ھاۋانىسا ئاپىسىنىڭ كېيىنكى ئانچە ئىشىنىپ كەتمىدى، — قاسىمنىڭ «كۆڭلۈمدىكى بۇ قارا داغنى ئەبەدىي ئۆچتالماي كەلدىم» دېگىنىدە ئاساس بارادەك قىلىدۇ ... ئەمدى سەن مېنى ئىزدىمە ... سېنى كۆزۈم كۆرمىسۇن ... قايتا كۆرسەم ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن ...

گۈلسۇم بوسۇغىدا قىزىنىڭ پۇتلىرىغا ئېسىلدى ... لېكىن ھاۋانىسا تاشتەك قېتىپ تۇراتتى. ئاپىسىنىڭ دەريا - دەريا ياش تۆكۈشلىرى، نالە - پىغانلىرى ئۇنىڭغا تەسىر قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ھاۋانىسا سەنتۇرۇلگىنىچە ھويلىدىن چىقىپ كەتتى. چېلەكلەپ قويۇلۇۋاتقان يامغۇرغا يۈزلىرىنى تۇتۇپ دەرەخنى قۇچاقلاپ تۇرغان ھاۋانىسا سابىت ئەپەندىنىڭ ئىككىنچى قەۋەت بۆلمىسىنىڭ يوپيورۇق دېرىزىلىرىگە خۇددى قۇتۇپ يۇلتۇزىغا قارىغاندەك قادىلىپ قارايتتى.

www.uyghurkitap.com

* * *

تۈن كېچە، پەردە يېرىم ئۆيقۇسىنى ئۇخلاپ بولدى. يامغۇر ياغماقتا، دېرىزىلەر تاراسلايدۇ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەيدۇ. يالت - يۇلت چېقىلغان چاقماق ئۆتكۈر نۇرى بىلەن ئېگىز بىنا چوققىلىرىنى، مەسچىت قۇببىلىرىنى ۋاللىدە يورۇتۇپ ئۆتىدۇ. چۆچۈپ كەتكەن پەردە تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئۇيقۇلۇق ئىڭراپ قويۇپ ئۇيقۇغا كېتىدۇ.

سابىت ئۆز بۆلمىسىدە جىددىي ئىشلىمەكتە. يىگىر جەۋھەرلىرى جەملەنمەكتە. يۈكسەك ھېس - تۇيغۇ، ھەقدادىغا يەتكەن ئىلھام ئەلەملىك پىراقلارنى قوزغاپ ئۇنىڭ كۆزلىرىنى دەممۇ دەم نەملىمەكتە ئىدى. شۇنداق! ئەسەرنى ئۇ يېزىۋاتقىنى يوق! ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى ئۇنى قاراڭغۇ تار كوچىلارغا، يوقسۇزلۇق، نامراتلىق يېغىپ تۇرغان پىنهانە ئۆيلەرگە، ئادەم قايىنىغان ئىسلىق ۋە بۇسلۇق چايخانىلارغا باشلىماقتا ئىدى ... ئەنە، سابىت مېھىر - مۇھەببەت كۆچكەن، دەرد - ئەلەم قۇچىقىغا ئالغان يوقسۇل ئۆيدە ئاق كۆكۈل بىتەلەي ئايال گۈلسۈمنى كۆردى. ئۇ كونا يوتقان ئىچىدە ئۇخلاۋاتقان كىچىك قىزىنىڭ بېشىدا چوقچىيىپ ئولتۇرۇپ ئۈنسىز ياش تۆكمەكتە!. پاھ بىكەت زالىنىڭ ئورۇندۇقىدا تۈگۈلۈپ ئۇخلاۋاتقان كىمدۇ؟ راست بۇ تاشپولاتقۇ!. بوپتۇ، ئۇ تاتلىق ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋەرسۇن ... بىردەملىك بولسىمۇ بۇ دۇنيانىڭ غەم - غۇسسىسىدىن خالاس بولسۇن! ... ۋوي بۇ ھاۋانىساغۇ؟! ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا ئالدىراشتۇ! ... ئۇنىڭ دوستلىرى، قوشنىلىرى بىلەن سالاملاشقىدەك ۋاقتى يوقكەن - دە، ھە بوپتۇ، ئۇنى كەچۈرەيلى، چۈنكى ئىدارە - جەمئىيەت، زاۋۇت، كان، كارخانا دەرۋازىلىرىغا تەلمۈرۈپ يۈرۈشلىرىگە قارىغاندا، ئۇ ئىش ئىزدەپ يۈرۈپتۇ - دە ...

سابىت ئەپەندى قەلەمنى قويۇپ ئېغىر خورسىندى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆي ئىچىدە ئۇيياقتىن - بۇياققا ماڭدى. بىردەم تېڭىرقاپ تۇردى. بۆلمىنى تاماكا ئىسى قاپلىغانىدى. كوچىغا قارىغان دېرىزىنى ئاچتى، ئۆيگە سوغۇق، نەم ھاۋا كىرىش بىلەن تەڭ يامغۇر تامچىلىرى ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلدى. دەل مۇشۇ ئەسنادا ئۇ ئالدىنى يورۇتۇپ ئۆتكەن ئۆتكۈر چاقماق يورۇقىدا، ئۆزىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا يەر قۇچاقلاپ ياتقان بىر گەۋدىنى كۆرۈپ قالدى! قاپقارا يېپىلىپ ياتقان چاچلىرىغا قارىغاندا ئۇ ئايال كىشى ئىدى. سابىتنىڭ يۈرىكى «قارت»لا قىلدى - دە، دەرھال چاپىنىنى كىيىپ يامغۇر تاراسلاپ ئۇرۇلۇۋاتقان پەلەمپەيلەردىن تاقىلداپ چۈشۈپ قۇلۇپلانغان دەرۋازىنى ئېچىپ كوچىغا چىقتى. سۇغا چىلىشىپ ياتقان بۇ گەۋدە ھاۋانىسا ئىدى. ئۇنىڭ تېنىقىدىن ھاراق پۇرايتتى ... سابىت ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇشى بىلەن جالاقلاپ تىترەۋاتقان تەن بىردىنلا بوشىشىپ ئۆزىنى قويۇۋەتتى. شۇنداقتىمۇ بىر ئاماللاپ ئۇنى بۆلمىسىگە ئەكىرىپ سافاغا يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى. سابىت ھاۋانىسانى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. ئۇ ئون يىل كېيىنكى تارتقان ئادەمدەك بولۇپ قالغانىدى. تال - تال چاچ تالالىرى چاپلىشىپ كەتكەن يۈزىنىڭ ياڭاق سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققان. تولغان ئايدەك يۈزى ياداڭغۇ ۋە تاتارغانىدى.

سابىت ئاشخانىغا چۈشۈپ گاز ئوچاقتا سۈت قىزىتىپ چىققاندىن كېيىن، لۆڭگىنى ئىسسىق سۇدا نەمدەپ ئۇنىڭ لاي بولۇپ كەتكەن يۈز - قوللىرىنى سۈرتتى. چاچلىرىنى بىر قۇر رەتلەپ قويغاندىن كېيىن قەدەت سېلىنغان قىزىق سۈتنى ئىچكۈزدى. ئارقىدىن ئۇنىڭ ئاغزىغا ئىككى تال دورىنى سېلىپ قوشۇقتا قايناق سۇ قۇيدى. ۋۇجۇدىغا تارقىغان ئىسسىق ئېقىم ھاۋانىساغا جان كىرگۈزدى. ئۇ ئىستاكاننى شارتلا تارتىۋېلىپ ئاچكۆزلۈك بىلەن غورتىلدىتىپ ئىچكىلى تۇردى.

— ھاۋانىسا، يامغۇر ئىچىڭىزگە ئۆتۈپ كېتىپتۇ، — دېدى سابىت خۇرۇم سافادىن ساقىۋاتقان سۇغا قاراپ، — مەن ئاپالىمنىڭ كىيىملىرىنى ئېلىپ بېرەي، ئالماشتۇرۇۋالامسىز؟

— تويلۇق كىيىمىما ئۇ... — دېدى ھاۋانىسا نۇرى ئۆچكەن كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ، — ئۇنى سىز ماڭا ئاتاپ ئالغانما؟!

سابىتنىڭ يۈرىكى ئاغىقاندەك بولدى - دە، ئېشىپ قالغان سۈتنى ئۇنىڭغا ئىچۈرۈۋەتتى.

— ھاۋانىسا، ئۆپكىڭىزگە سوغۇق تېگىپ قالدۇ. كىيىم ئالماشتۇرۇۋېلىڭ.

— كېرىكى يوق... ئۇنى ساقلاڭ... ئىككىمىز تەڭ ساقلايلى...

ھاۋانىسا بىردىن ھۆ تارتىپ يىغلاپ ئۆزىنى يەرگە ئاتتى - دە، ئۆي ئوتتۇرىسىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ سابىتقا يالۋۇرغىلى تۇردى.



— سابىتجان ئەپەندى... مېنى — مېنى ئېلىڭ... مەن سىزنىڭ خوتۇنىڭىز بولاي... بوسۇغىدىن دالجىماس ئىتتەك ئەبەدىلئەبەت سىزگە ۋاپادار بولاي... ماڭا قارىڭا... مەن چىرايلىق ئەمەسمۇ؟!... مەن يېقىملىق، خۇش خۇي ئەمەسمۇ؟! ... ياق، ياق بېشىڭىزنى چايقىماڭ، ئاۋۋال سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭ... پەرىدەگە بەرىبىر ئانا كېرەكقۇ! ئۇ مېنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىدۇ... مەن سىزنى كۈتەي، ئۆمرۈم بويى كۈتەي! ... پەرىدەنى باغرىمغا باساي!...

— ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ سىڭلىم، — دېدى سابىت ھاۋانىسانىڭ جەينەكلىرىدىن يۆلەپ، — سىز نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟ كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن، ئادەمنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە...

— مېنى سىڭلىم دېمەڭ... ئۆكۈنۈپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قالاي ... بۇ يىلى مەن يىگىرمە ئۈچكە كىردىم ...

ھاۋانىسا ئورنىدىن تۇرغىلى ئۇنىمىدى. كىيىملىرىدىن ئاققان سۇ ئۇنىڭ ئاستىدىن يامراپ چىقىۋاتاتتى ... سابىت دېرىزە ئالدىدا قىزغا تىكىلىپ تۇراتتى ...

— ھاۋانىسا، بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن، مەن بولسام قىرىققا ئۇلىشىپ قالغان ئادەممەن، — دېدى سابىت ئاستا سۆزلەپ، — سىز تېخى ياش، بەخت - ئىقبالىڭىز ئالدىڭىزدا ...

— مەن سىزنىڭ بىر ئەسىرىڭىزنى كۆرگەن. ئۇنىڭدا «مۇھەببەت مۇقەددەس، ئۇلۇغ روھتۇر. ئۇنىڭ ۋەتىنى، يۇرتى يوق. مىللەت، ياش ئايرىمايدۇ» دېگەن بىر جۈملە سۆز بار ... بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟ ...

— ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغان ئادەمنىڭ كەيپى تولىمۇ ئوسال بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ھەممە نەرسە غىل - پال كۆرۈنۈپ يوقايدىغان تۇراقسىز يۇلتۇزلاردەك كۆرۈنىدۇ. خۇشاللىق — قايغۇ بىلەن، بەخت — بەختسىزلىك بىلەن، ئۈمىد — ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئالمىشىپ تۇرىدۇ. بۇنداق ۋاقىتلاردا دەرد - ئەلەم پۈتۈن مەنىۋى ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

— ناھايىتى ئەپسۇس، — دېدى ھاۋانىسا يەرگە قاراپ، — مەندە ئۈمىدسىزلىككە ئالماشقۇدەك ئۈمىدمۇ بولمىسا ... بىلەمسىز، چۈشىنىۋاتامسىز، قەلبىم ئەڭ چارىسىز قەلەندەرنىڭ يانچۇقىدەك قۇپقۇرۇق ... مەن ھازىر قاباھەتلىك چۈش ئىلكىدە ياشاۋاتىمەن ... ئادەملەردىن بىزارمەن ... ھەتتا مېنى بېقىپ چوڭ قىلغان قاسىم بولسۇن، ئاق سۈت بەرگەن ئاپام بولسۇن بۇلارنىڭ ھەممىسى ھايۋانلار ...

— بۇ سۆزلىرىڭىز چەكتىن ئېشىپ كەتتى، — دېدى سابىت قاتتىقراق تەلەپپۇزدا، — ئانىڭىزغا ئېچىڭىز ئاغرىسۇن، ئەسلىدە ئۇ ئاق كۆڭۈل، ۋىجدانلىق، ساددا ئايال... ئۇلارنىڭ ئەجرىنى بولسىمۇ ھۆرمەت قىلىشىڭىز كېرەك.

— كەچۈرۈڭ، مېنىڭ كىمگە قانچىلىك ھۆرمەت قىلىشىمنى ھەرقانداق سىرتقى كۈچ بەلگىلەپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى «ھۆرمەت» ئۆزۈمگە خاس مۈلۈككى، ئۇ باشقىلارنىڭ مەندىكى ئامانىتى ئەمەس!

سابىت ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. ئۇنىڭ كىيىملىرى زىلۋا قەددىگە شۇنداق چاپلىشىپ كەتكەن ئىدىكى، ئۇ بەئەينى مەرمەر ھەيكەلگىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

— ھاۋانىسا، مەن سىزنى ئۆيىڭىزگە ئەكىرىپ قوياي، — دېدى سابىت قىزنىڭ مۈرىلىرىگە قولىنى قويۇپ، — ئەتىلا ياخشى بولۇپ قالىسىز.

قىزنىڭ كۆز ئالدى كۈن تۇتۇلغانىدەك قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئەمدى چىقىش يولى يوق ئىدى. ئۇنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدى، قەلبىدە زۇھەل يۇلتۇزىدەك چاقناپ تۇرغان سابىتمۇ ئۇنى قوغلاۋاتىدۇ. ئۇ ئۆز ئۆيىگە كىرسۇنمۇ، ۋاي - ياق، ئەمىسە نەگە بېرىشى كېرەك؟! بۇ جۇدۇنلۇق كېچىدە نەدىنمۇ بىرەر پاناھ جاي تاپار؟ كىممۇ ئۇنىڭدىن ھالىنى ئېچۇق دەپ سورار، بەدنىيەتلەرنىڭ ئالقىنىغا چۈشۈپ قالماسمۇ؟! بەربىر ئەمەسمۇ! چۈنكى دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بەدنىيەتلەر، ھامان

بىر كۆلى بىر بەدنىيەتنىڭ قۇلى بولدۇ!

— بۇ دېرىزە پەردىلىرىنى يېڭى ئالدىڭىزما؟ رەڭگى ئاچكەن ... — دېدى هاۋانىسا دېرىزىگە قارىغىنىچە غەلىتىلا جىلمىيىپ، — تويلۇق ئۇچۇن ئاپىرىز - دە ... سىزنىڭ تويىڭىزما؟ مېنىڭچۇ؟

— هاۋانىسا، چارچاپ كەتتىڭىز، ئارام ئېلىڭ.

— تووا، بۇ ئۆيدە بۇنداق كىيىم ياپقۇچ يوق ئىدىغۇ ... بۇنىمۇ ئالدىڭىزما؟ كۆلى ياخشىكەن، ئىككى قۇش بىر - بىرىگە قاراپ سايراۋېتىپتۇ.

— هاۋانىسا، مەن سىزنى ئاچىقىپ قوياي.

— ها ... ها ... ها ... — هاۋانىسا تورۇسقا قاراپ قاقاقلاپ كۈلدى. ئۇ كۈلگىنىچە ئۆيدىن ئوقچۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ پەلەمپەيلەردىن تاراقلاپ چۈشۈپ كېتىۋېتىپمۇ، يامغۇرلۇق كوچىغا چىققاندىن كېيىنمۇ قاقاقلاپ كۈلمەكتە ئىدى ۋە ئەسەبىي بىر هالەتتە: مەن هارامدىن بولغان ... بىلەمسىلەر مېنىڭ ئىسمىم هارامخان ... دەپ توۋلايتى. ئۇنىڭ ئاۋازى يامغۇرنىڭ بىر خىلدا شارقىرىشى هۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان تۈن كېچىدە خۇددى قۇدۇقتىن چىقىۋاتقاندەكلا ئاڭلىناتتى.

سابىت ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن ئۇنى كۆرۈپ تۇراتتى. هاۋانىسا ياغلىقىنى سۆرىگىنىچە ئۆيىگىمۇ كىرمەي سۇلارنى شالاپلىتىپ چوڭ رەستىگە قاراپ ئاستا كېتىپ باراتتى.

سەھەرلىكى گۈلسۇم يامغۇردەك ياش تۆككىنىچە كىردى. ئۇلار هاۋانىسانى ئىزدىدى، سۈرۈشتە قىلدى. ساقچىلارغا باردى. هەتتا قورقۇنچلۇق گۇمانلار بىلەن سۇ ئامبارلىرىغىچە باردى ... لېكىن بىر ئايدىن ئاشقىچە هاۋانىسانىڭ دېرىكىنى ئالالمىدى.

* * *

سابىت سەھەرگە يېقىن قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئۇ ئىشىكنىڭ زەرب بىلەن ئۇرۇلۇشىدىن چۆچۈپ ئويغاندى - دە، سافادىكى ئەدىيالنى يىغىشتۇرمايلا ئىشىكنى ئاچتى. دوختۇر ئېلىيار سومكىسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇ سومكىسىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ سابىتقا بۇرۇلدى:

— بەللى، قىزىق ئادەمكەنسىز، يېنىڭىزدا بىر بىمار ياتسا بەخىرامان دىۋە ئۇيقۇسىدا ئۇخلايدىكەنسىز ... — دېدى ئۇ سومكىدىن تىڭشىغۇچنى ئېلىۋېتىپ، — قىزنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

— سىز بەرگەن دورىلارنى ئىچۈرۈۋەتكەنىدىم. هازىرغىچە ئويغانمىدى.

— مەن ئاسما ئۇكۇلدىن بىرنى سېلىپ قايتىمەن. كارىۋات هەل بولدى. چۈشتىن كېيىن دوختۇرخانىغا يۆتكەيمىز ... — دېدى دوختۇر ئالدىراپ، — بۈگۈن يەكشەنبە مۇشۇ قىز ئۈچۈنلا نۆۋەتچىلىكنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالدىم.

— رەھمەت سىزگە.

دوختۇر ئىلىيار ئىچكىردىكى ئۆيگە كىرىپ ھاۋانىسانىي بىر قۇر تەكشۇردى. ئاندىن ئاسما ئوكۇل جازىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئوكۇل يىڭنىسىنى قىزنىڭ تومۇرىغا سانجىدى. لېكىن ھاۋانىسا سۇپسۇر ئاقىرىپ ياتقان پېتى ئىڭراپمۇ قويمىدى.

— ئوكۇل سۇيۇقلۇقى چۇشكىچە مېڭىپ بولىدۇ. چۇشتىن كېيىن ماشىنا ئېلىپ كېلىمەن.

ئىلىيار دوختۇر خايال بولماي كېتىپ قالدى. سابىت ئۇنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن ئۇدۇل قىزىنىڭ ھوجرىسىغا كىردى. لېكىن پەرىدە يوق ئىدى. ئۇ مونچىدىكى تاراق - تۇرۇقنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قىزىنى چاقىردى:

— قىزىم پەرىدە، يۇيۇنۇۋاتامسىز؟

— ئۈم ... — قىز مونچا ئىشىكىنى ئاچتى. ئۇ ئابدەستە ئالدىدا چىشىنى يۇيۇۋاتاتتى.

— قىزىم، يۇيۇنۇپ بولۇپ مېنىڭ بۆلمەمگە چىقىڭ مۇھىم بىر ئىش بار.

سابىت بۆلمىگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، ھاۋانىسانىڭ ئاياغ تەرىپىدە بىردەم ئولتۇردى. ئاسما ئوكۇل ئەينەك نەيچىدىن بىر خىلدا تامچىلاپ چۇشمەكتە ئىدى. ئۇ ھاۋانىسانىڭ مادارسىز تېنىگە، پۇچۇلغان چىرايىغا، قىيىلغان قاشلىرىغا، ئولتۇرۇشقان چوڭقۇر كۆزلىرىگە، گەز باغلىغان لەۋلىرىگە قارىغانسېرى بىر ئاي ئىلگىرى ئۇنى ئۆيدىن چىقىرىۋەتكەنلىكى ئۇچۇن ئازابلانماقتا ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى ئۆلۈشكۈن كەچ كىنوخانا ئالدىدا ئۇنى ئۇچرىتىپ قالدى. ھازىر قاسىم نېمىلەرنى ئويلاۋاتقاندۇ؟ ئۇ قىزىنى يوقلاپ كېلەرمۇ؟ ياق! ئۇ ھاۋانىسانىي قۇربان قىلىش بەدىلىگە شېرىن ئايلىرىنى ئۆتكۈزمەكتە. شۇڭا ئۇنى ئىزدەپ بېرىش كېرەك. ئۇمۇ ئىنسانغۇ، كىم بىلىدۇ، بەلكىم ئۆزىمۇ ئازابلىنىۋاتقاندۇ! چۇنكى قىزىنىڭ ئۆز ئاتىسىغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشتەك ھالەتكە چۇشۇشى ئۇنى ئويلاندۇرىدىغاندۇ؟ ...

— دادا، مەن كەلدىم، — دېدى پاكىز يۇيۇنۇپ تارانغان پەرىدە كۇلۇپ، — ماڭا نېمە ئىش تاپشۇرىسىز؟

— قىزىم، ھاۋانىسا ھەدىڭىزگە قاراپ تۇرىسىز، مەن ئۇنىڭ دادىسىنىڭ قېشىغا بېرىپلا كېلىمەن.

— ھاۋا ھەدەمنى ئېلىپ كېتەمدا، — دېدى قىز چەكچىيىپ، — ياق دادا، ئۇنداق رەھىمسىزلىك قىلماڭ، سىزگە باغرى تاشلىق ياراشمايدۇ، ئۇ ئەسكى ئادەمكەن.

— ياق قىزىم، — دېدى سابىت قىزىنىڭ ئەقلى - ھوشىغا ئىچىدە زوقلىنىپ، — مەن ئۇ ئادەمنىڭ ۋىجدانىغا قول سېلىپ باقاي دەيمەن. سىز ئاسما ئوكۇلغا قارىغاچ تۇرۇڭ. تامچىلىماي قالسا ...

— بولىدى دادا، سىز چۇشەندۇرمىسىڭىزمۇ بىلىمەن ... ئەگەر تامچىلىماي قالسا بىلەكتىكى يىڭنىنى ئازراق يۇقىرى - تۆۋەن قىمىرلىتىمەن. بىلەك ئاستىغا لۆڭگە قىستۇرىمەن. سۇيى تۇگىگەندە يىڭنىنى سۇغۇرۇۋېلىپ پاختا باسىمەن. بۇلارنى مەن ئاپامغا قاراپ يۇرۇپ ئۆگىنىۋالغان.

سابىتنىڭ يۈرىكى مۇزلاپ كەتتى. ئۇ قىزىنىڭ ئاخىرقى سۆزىنى ئېيتقاندا ئۇلۇغ - كىچىك تىنغانلىقىنى سېزىپ قالغانىدى.

— مەن ... مەن ماڭاي قىزىم.

— دادا سىز ماڭا بىر نەرسىگە ۋەدە بېرەلەمسىز؟

— بېرەي قىزىم، ئەگەر سىز خۇش بولسىڭىزلا.

— راست ھە؟ يېنىمۇالمايسىز، — دېدى پەرىدە كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ، — ئەمىسە تەتىلدە مومامنى يوقلىغىلى بارغاندا ھاۋا ھەددەمنىمۇ بىللە ئاپىرىمىز؟

— قىزىم، سىز ھاۋانىسانى شۇنچىلىك ياخشى كۆرەمسىز؟

— بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن دادا، — پەرىدە دادىسىنى جىمجىتلا قۇچاقلىدى، — ئۇ ... ئۇ مېنىڭ ئاپامغا ئوخشايدۇ. گەپ قىلىشلىرى، كۈلۈشلىرى، «پەرى» دەپ چاچلىرىمنى سىلاشلىرى، كۆزۈمگە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن تىكىلىپ قاراشلىرى ... ئاپامغا بەك ئوخشايدۇ.

پۈتۈن ۋۇجۇدى سىمابتەك ئېرىگەن سابىت ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئۆيدىن چىقتى. ئۇ چوڭ يول بىلەن ئەمەس، تار كوچىلار بىلەن كېتىپ باراتتى. ئۇ، بۇ ئالەمدىن بەكلا بالدۇر كېتىپ قالغان ئايالىنى ئەسلىدى. ئاھ ... خۇدا ھەبىبەنىڭ سابىتنى، مەسۇمە قىزى پەرىدەنى بۇ ۋاپاسىز دۇنياغا يالغۇز تاشلاپ كەتكىنىگىمۇ ئۈچ يىل بولاي دەپتۇ. سابىتنىڭ بۇرنى زىڭىلدە ئېچىشىپ، كۆزى ئاچچىق ياشقا تولدى. دەرۋەقە، ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدىكى پىلدىرلاپ تۇرغان تامچىلاردا ھەبىبەنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان سىيماسى پەيدا بولدى. ئۇ سابىتنىڭ قوللىرىنى ئۆزىنىڭ تېرىلىرى خالتىلىشىپ كەتكەن ئالىقىنىغا ئېلىپ ئاستا گەپ قىلىۋاتاتتى:

— سابىت، يىغلىماڭ، سىز پەرىدەنى ئوبدان ئاسراڭ، ئۇنىڭ كۆزىدىن بىر تامچە ياش چىقسا گۆرۈمدە تىك ئولتۇرىمەن، ئۇنىڭغا مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل، پاك نىيەت، خارلاشنى ۋە ئۆگەيلەشنى بىلمەيدىغان بىرىنى ئانا قىلىپ بېرىڭ، مەن سىزدىن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازى بولاي ...

سابىت ئەتراپتا ئادەم كۆرۈنمىگەندىن كېيىن زىغىر رەڭلىك كۆزەينەكنى ئېلىپ كۆزلىرىنى قول ياغلىقىدا سۈرتتى. ئۇ ئازابلىق ئەسلىمىلەر تەسىرىدە قورۇلۇش شىركىتىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا يېتىپ كەلدى. قورۇ ئىچى كەڭتاشا ئىدى. پاكار تۆمۈر رېشاتكا ئىچىدىكى گۈل - گىياھلار ئېچىلىپ كەتكەن، ياش تەتۈر سۆگەت تاللىرى قىزلارنىڭ چوكان جالاسىدەك ئەۋرىشىم يەلپۈنۈپ تۇراتتى. كۆركەم ئائىلىلىكلەر بىنالىرى بولسا بۇ قورۇنى تەبىئىي قورغاندەك ئوراپ تۇراتتى. ئۇ قاسىمنىڭ ئۆيىنى سوراپ تاپتى ۋە 3 - قەۋەت كارىدوردا ئۆزىنى سەل بېسىۋالغاندىن كېيىن ئىشىكنى قاقتى. ئۆيدىن 18 - 19 ياشلار چامىسىدىكى ئالا بالداق مايكا كىيگەن ئاق سېرىق بىر قىز چىقتى.

— كىمنى ئىزدەيسىز؟

— قاسىم بارمىكىن؟

— بارغۇ دەيمەن...

قىز دەرھال كەينىگە يېنىپ كىرىپ كەتتى، ئىچكەرىكى ئۆيدىن ئۇنىڭ «ئاپا، ئۇنى چاقىرىۋاتىدۇ ...» دېگەن ھىڭدىن سېسىق سۆزى ئاڭلاندى. بۇ ئەسنادا قاسىممۇ چىقىپ كەلدى. ئۇ ئۇچىسىغا ئاق ئاسما مايكا، ئىككى تەرىپىگە قىزىل جىيەك تۇتۇلغان ئىسپورتچىلار تور ئىشتىنى كىيىۋالغان بولۇپ، بوينىنى ئاق داكا بىلەن تېڭىۋالغانىدى.

— ۋۇي بۇ سابىت ئەپەندىغۇ، قېنى كېلىڭ، ئىچكىرى كىرىڭ، — بىر ئاز ھودۇقۇپ قالغان قاسىم كېپىشىنى شاقىلدىتىپ ئۇنى ئىچكىرى باشلىدى.

سابىت مېھمانخانىغا كىرىپ سافاغا ئولتۇرۇۋېتىپ، تامدىكى ئىككى پارچە چوڭ گىلەمگە نەزەر تاشلىدى. قاسىم بۇنى سەزدى بولغاي، ئالمان - تالمان گەپكە تۇتۇندى:

— مەن چاي دەملەي، ئايالىم ئاشۇ كۈنكى ئىشتىن كېيىن ئۆيدىن چىقالماي ياتىدۇ، يۈزىدىكى تىرناق ئىزلىرى قاقاچ باغلاپ كېتىپتۇ...

— بولدى چاي دەملىمەڭ. كىيىملىرىڭىزنى كىيىسىڭىز، بىز ھاۋالانغاچ گۈللۈكتە بىردەم ئايلىناساق.

— بىرەر ئىش بارمىدى؟

— قىزىڭىزنىڭ ئەھۋالىنى سورىمايسىزغۇ؟

— ۋاي، قويۇڭ ئۇنى، — دېدى قاسىم بويىنىدىكى جاراھىتىنى ئاستا سىلاپ قويۇپ، — ئۇ راستتىنلا ئېلىشىپ قاپتۇ. ئاينىپتۇ.

قاسىم ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كىيىنىپ چىققاندىن كېيىن سابىت ئورنىدىن تۇردى. ئۇلار پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقاندا قاسىم غودۇڭشىپ قويدى.

— ھازازۇل قانجۇق، شۇنچىۋالامۇ چىشلىگەن بارمۇ، تاس قاپتۇ گۈرەن تومۇرۇمنى ئۈزۈۋەتكىلى. ھېلىمۇ ياخشى سىز ئاجرىتىپ قويدىڭىز.

سابىت بىلەن قاسىم گۈللۈكلەرنى ئارىلاپ بىردەم جىم مېڭىشتى. قاق سەھەردىلا شىرنە يىغىش ئۈچۈن كەلگەن ھەر خىل ھەرىلەر رەڭگارەڭ ئېچىلغان گۈللەر ئەتراپىدا غوڭۇلدىشىپ، ۋىژىلدىشىپ بەزمە قىلىشماقتا ئىدى. سابىت سۆزىنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي تۇراتتى. چۈنكى ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئېغىر تاش ھېلىلا ئېتىلىپ چىقىپ قاسىمنىڭ بېشىغا تېگىدىغاندەكلا قىلاتتى.

— ھاۋانىسانى دوختۇرخانىغا يۆتكىمەكچى، — دېدى سابىت ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، — شۇڭا سىز بىلەن مەسلىھەتلىشەي دەپ كېلىۋىدىم.

— بوپتۇ، ناھايىتى ئوبدان بوپتۇ، ئۇنى ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ قويمىغىچە قۇلاق تىنجىمايدۇ.

— ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا؟ — سابىتنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆڭدى.

— ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا مەسلىھەتلىشىش كەتمەيدۇ. ئۇنىڭغا مەن ئىگە. لېكىن بىر شەرتىم بار.

— قانداق شەرت، قېنى دەپ بېقىڭ؟

— مەن ئۇنى ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، پۈتۈن چىقىمىنى

تۆلەيمەن. لېكىن ماڭا ئۆي خېتىنى بېرىشى كېرەك.

سابىتنىڭ غەزىپى بىردىنلا يۇقىرىغا تەپتى - دە، ھۇپپىدە قىزىرىپ، پوكانلىرىغىچە ئېسىلىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئالدىدا ئادەم ئەمەس، بەلكى بىر ياۋۇز مەخلۇق تۇراتتى. سابىت قاسىمنىڭ ساقال باسقان قاپقارا ئېڭەكلىرىگە، قېلىن قاش ئاستىدىكى قات - قات جىيەكلىك چوڭ كۆزلىرىگە، قاڭشارلىق ئېگىز بۇرنىغا، كۆكىرىپ تۇرغان سېمىز كالپۇكلىرىغا بىر ھازا تىكىلىپ قالدى.

— ئەس - ھۇشىڭىز جايىدىمۇ - قانداق؟ نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىسىز!؟ بىز ھاۋانىسانى خەلق دوختۇرخانىسىغا يۆتكىمەكچى، سىزدە ۋىجدان دېگەن بىر نېمە بارمۇ؟ قىزىڭىزنى نابۇت قىلدىڭىز، ئوغلىڭىز تۇرمىدە. ئىككى ئائىلىنى ۋەيران قىلدىڭىز، قۇشقاچ چېغىدا بۇزۇلغان چاڭگىسىنىڭ يېنىدىن نەچچە كۈنلەپ كېتەلمەيدۇ، سىزنىڭ قىلمىشلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى جىنايەت!

سابىت قاسىمغا خەنجەردەك قادالدى.

— ئەگەر مەن جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسام، نېمە ئۈچۈن مېنى قولغا ئالمايدۇ، تۈرمىگە تاشلىمايدۇ؟

— ئالدىراپ كەتمەڭ، سىزنىڭ ھازىرقى ھالىڭىز، بىلىسىڭىز قولغا ئېلىنغان ئادەمنىڭكىدىن ئېغىر! — كۆزلىرىدىن ئوت يېنىۋاتقان سابىت قوللىرىنى شىلتىپ سۆزلىمەكتە ئىدى، — بىلىپ قويۇڭ، ھەقىقىي تۈرمە — ئەلنىڭ غەزەپلىك قارىشى، ھەقىقىي جازا — ئەلنىڭ نەپرىتى. ياخشى، يامانىنى پۇقرانىڭ قەلب تارازىسى تېخىمۇ بەكرەك ئۆلچەيدۇ.

سابىتنىڭ سۆزى قاسىمنىڭ قەلب پىنھانىنى تىترەتتى بولغاي، ئۇ كۆزلىرىنى قەيەرگە يوشۇرۇشنى بىلمەي قالدى. ئۇنىڭ چىرايى كەسلەنچۈكتەك رەڭسىز بىر ھالغا كېلىپ كالپۇكلىرى تىترىدى ۋە بىردىنلا بوشاپ كۈلسۈمنىڭ، باللىرىنىڭ غەيۋەت - شىكايىتىنى قىلىپ ئۆزىنى ئاقلاشقا باشلىدى.

— شۇنداق قاسىم، — دېدى سابىت سەل يۇمشاپ، — نامراتنىڭ ئەيىبى ناھايىتى نۇرغۇن، يىغىپ كەلگەندە ئەيىبنىڭ ھەممىسى قولنىڭ قىسقىلىقىدا. سىز ئۆز پۇشتىڭىزدىن بولغان پەرزەنتلىرىڭىزنى، يىگىرمە بەش يىل ئۆي تۇتۇشقان ئاقكۆڭۈل، ۋاپادار ئايالىڭىزنى نېمىلەرنى دەپ ئەيىبلەۋاتىسىز!؟ ئۇلارنى شۇنچىلا دەرد - ئەلەمگە قويغىنىڭىز يەتمەي يەنە مۇنداق دېيىشكە ۋىجدانىڭىز قانداق چىدايدۇ؟!

قاسىم غۇچچىدە ئېچىلغان بىر تۈپ گۈل ئاستىدىكى سېمونت سۇپىدا جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ قولىدىكى چىم ئوتنى چىشلەپ ئۈزۈپ ئايىغى ئاستىغا تۆكۈرەتتى. ئۇنىڭ ساددا، كەم سۆز كۈلسۈمنى ئالداپ ئاجراشقانلىقىغا ئۆكۈنۈۋاتقانلىقىنى ياكى ئوغلى بىلەن قىزىنىڭ بەختىگە ئولتۇرغانلىقىغا ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى يا بولمىسا بىر نەچچە يىللاردىن بېرى ئويناپ كېلىۋاتقان ئويۇنلىرىدىن كېچەلمەيۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— كەچۈرۈڭ قاسىم، مەن سىزنى ئەيىبلىمەيمەن. چۈنكى ئىنسان ھەممە نەرسە بولالىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭ پاك بولالىشى ناھايىتى تەس...

www.uyghurkitap.com

قاسىم ساڭگىلاپ كەتكەن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپىغا قارىدى. لېكىن سابىت ئەپەندى يوق ئىدى. ئۇ بۇ چاغدا ئالىلىقاچان دەرۋازىدىن چىقىپ بولغانىدى.

* * *

ئالما، نەشپۈت، كونسېرۋا قاتارلىق يېمەكلىك قاچىلانغان تورسومكىنى كۆتۈرۈۋالغان سابىت قىزى پەرىدەنى يېتىلەپ دوختۇرخانىغا كېتىپ باراتتى. ئۇ بالدۇرراق ئۆز يۇرتىغا بېرىپ قېرى ئانىسىنى يوقلىغاچ تۇرمۇش ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىككى ئايلىق سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ قويغانىدى. شۇڭا ئۇ بۇگۈن باشلانغۇچ مەكتەپكە بېرىپ مۇمكىن بولسا قىزىدىن بالدۇرراق ئىمتىھان ئېلىۋېتىشىنى ئۆتۈندى. مۇئەللىملەر پەرىدەنى كۆپ ماختاشتى ۋە ھەر يىلى «ئۈچتە ياخشى» بولۇۋاتقان بۇنداق بالىلاردىن ئىمتىھان ئالمايمۇ سىنىپتىن سىنىپقا كۆچۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

سابىت بىلەن پەرىدە كۆن قىيىلغانىدا بالنىستقا كىرىپ كەلدى. تورۇسقا تىكىلىپ ياتقان ھاۋانىسا سابىتنى كۆرۈش بىلەن ياستۇق ئۈستىدىكى لۆڭگىنى يۈزىگە يېپىۋالدى... لېكىن پەرىدە ئۈچقاندەك كېلىپ ئۇنىڭغا ئېسىلدى-دە، لۆڭگىنى ئېلىۋەتتى.

— ھاۋا ھەدە!

— پەرىدە!

ھاۋانىسا سابىتقا ئارقىسىنى قىلغىنىچە پەرىدەنى قۇچاقلاپ بۇقۇلداپ يىغلىدى. ھۆل يۈزلىرىنى پەرىدەنىڭ يۇمران يۈزلىرىگە ياقتى، ئۇنى سۆيدى.

— ھاۋانىسا، ياخشى بولۇپ قاپسىز، — دېدى سابىت ئاستاغىنا، — سىزنىڭ ساقايغانلىقىڭىز مېنى تولىمۇ خۇشال قىلىۋەتتى.

— رەھمەت سىزگە.

— ھاۋا ھەدە، مەن سىزگە ئازراق بىر نەرسە ئېلىپ كەلدىم، — دېدى پەرىدە ئۈستەلگە قىزىل ياقۇتتەك ئۈچ ئالمىنى تىزىپ قويۇپ، — قاراڭ، ماۋۇ يازغۇچى سابىتجان ئەپەندى، ماۋۇ سىز، ماۋۇ مەن... بۇنى ئۆزۈمنىڭ پۇلىغا ئالدىم.

پەرىدە تورسومكىدىكى نەرسىلەرنى ئۈستەل ئۈستىگە قويغاندىن كېيىن دېرىزە ئالدىدا دوختۇرخانا بېغىغا قاراپ تۇرغان دادىسىغا قارىدى-دە، ئۇنىڭ باغدا بىردەم ئويناپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ چىقىپ كەتتى.

— مەن سىز بىلەن خوشلاشقىلى كەلدىم، — دېدى سابىت ئورۇندۇققا ئولتۇرۇۋېتىپ، ھاۋانىسانىڭ يۈزىگە يېپىۋالغان چاقماق يېشىل رومىلىغا قاراپ قويدى، — بەلكىم ئۇ يەرلەردە ئىككى ئايدىن ئوشۇق تۇرۇپ قالارمەن. سىز ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، بىھۇدە خىياللارنى قىلماڭ، بولمىسا يەنە ئۆزۈلۈپ قالىسىز. دوختۇرخانىدىن چىقىش رەسمىيەتلىرىڭىزنى ئىلىيار دوختۇر بېجىرىپ بېرىدۇ.

— مېنىڭ قۇرۇق رەھمەتتىن باشقا ھېچنېمىگە كۈچۈم يەتمەيدۇ، — دېدى ھاۋانىسا ئۆپكىدەپ، — بىھۇدە خىياللارنى مەنمۇ ياخشى كۆرمەيمەن. لېكىن لەنىتى خىياللار مېنى قارا باسقاندەك بېسىپلا تۇرىدۇ.

— بۇ سىزنىڭ ئىچىڭىزنىڭ كۆچلۈكلۈكىدىن بولۇۋاتقان ئىش. سىز كىتابنى كۆپ كۆرىسىدىكەنسىز، كىتاب بىلەن بۇندىن كېيىنمۇ كۆپرەك مەشغۇل بولۇڭ. ئۇ سىزنى غەيرىي خىياللاردىن خالاس قىلىدۇ.

— كىچىكىمدىن تارتىپلا خىيالچان ئىدىم، بۇ گۈزەل دىيارغا قاراپ تويمايتتىم، — دېدى هاۋانىسا كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈپ تۇرۇپ، — هېس - تۇيغۇلىرىم كۆزلىرىمدىن دۇر بولۇپ تۆكۈلەتتى. لېكىن بۇ گۈزەل دىيارنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭ مەنزىرىلىرىدەك پاك، گۈزەل ئەمەسكەن... ئۇلار ئۆز خاهىشلىرى يولىدا هەممىنى چەيلەپ پايخان قىلىۋېتىدىكەن. ئاھ خۇدا، مەن نېمىلەرنى دەپ كەتتىم. يەنىلا غەيۋەت - شىكايەتكە چۈشۈپ كەتتىمغۇ...

— بۇنى غەيۋەت - شىكايەت دېگىلى بولمايدۇ، هاۋانىسا. دۇنيادا تاتلىق نەرسىلەر ئاز ئەمەس، هەممىدىن تاتلىقى — ئادالەتكە تەلپۈنۈش يولىدىكى شىكايەت. سىزگە ئۇلار ئادالەتسىزلىك قىلدى. ئۆزىنىڭ رەزىل مەقسەتلىرىگە يېتىش يولىدا سىزنى قۇربان قىلدى.

سابىت هاۋانىسانى دوختۇرخانا بېغىغا چىقىپ بىردەم هاۋالىنىپ كېلىشكە كۆندۈردى. لېكىن هاۋانىسا رومىلىنى كۆزلىرىگىچە ئارتىپ سابىتتىن دەممۇ - دەم يۈزىنى قاچۇراتتى.

ئۇلار بىمارلار ئارام ئالىدىغان ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىگە كېلىپ ئولتۇرۇشتى. قۇياش قىپقىزىل بىر پارچە ئوتتەك ئاستا پاتماقتا ئىدى. ئاسمان قىزغۇچ تۇسكە كىرىپ باغنىڭ هەممە بۇلۇڭلىرىدىن ئاڭلىنىۋاتقان قۇشلارنىڭ چۇرۇقلاشلىرىمۇ بارغانسېرى ئۆچۈشكە باشلىدى. هاۋانىسانىڭمۇ كەيپى ياخشى ئەمەس، ئۇ يەرگە تىكىلگىنىچە يەنىلا خىيال سۈرمەكتە ئىدى. سابىت ئىچ يانچۇقىدىن بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ هاۋانىساغا سۇندى. هاۋانىسا قەغەزنى چۆچۈپرەك ئاچتى. ئۇ قوش تامغا بېسىلغان قەغەزدىكى خەتلەرنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە لىقمۇ لىق ياش ئالدى.

— چاقىرىق ! ؟

— شۇنداق. بۇ ئۇسكۇنىلىرى يېڭىدىن كەلتۈرۈلگەن توقۇمىچىلىق كارخانىسى. بۇ كارخانا ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ قارمىقىدا ئىكەن. چاقىرىقنى شۇ يەردىن هەل قىلدىم. سىز دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن بىرەر هەپتە دەم ئېلىپ ئىشقا چۈشىسىڭىز بولىدۇ.

هاۋانىسا تۇيۇقسىزلا سابىتقا ئېسىلىپ يىغلىۋەتتى.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، ئۆتكەنلەر ئۆتكەن بولسۇن، تۇرمۇشىڭىزنى باشتىن باشلاڭ، دەسسەلگەن ئوتمۇ قايتا كۆكىرىدۇ ئەمەسمۇ!...

ئۇلار قۇياش پېتىپ كەتكىچە ئولتۇرۇشتى. يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلگەن پەرىدە، هاۋانىسانىڭ تىزلىرىنى قۇچاقلىۋالدى. سابىت ئورنىدىن تۇردى.

— خوش هاۋانىسا، بىز قايتايلى. مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سىزنى ئىزدەيمەن.

— خوش، سىلەرگە ئاق يول تىلەيمەن!

— دادا، سىز ماڭغاچ تۇرۇڭ، — دېدى پەرىدە كۆزلىرىنى خومارلاشتۇرۇپ، — مەن هاۋا هەدەم بىلەن ئوبدانىراق خوشلىشىپ، ئۇنى كۆزلىرىمگە سىڭدۇرۇۋالاي.

سابىت ئۇستىدىكى قىرلانغان قارىياغاچ قاتارلىرى يېنىدا قىزنى ساقلاپ تۇرىدۇ. گۈگۈم

پەردىسى قاپلانغان باغ ئورۇندۇقىدا بىرلا گەۋدە قارىيىپ كۆرۈنمەكتە ئىدى. چۈنكى پەردە ھاۋانىسانىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتكەنىدى.

## خاتىمە

توقۇمىچىلىق كارخانىسى ئالدىدىكى قاتار كەتكەن سانا دەرەخلىرى تۈۋىدە كۆز خازانلىرىنى دەسسەپ ئايلىنىپ يۈرگىنىگە خېلى ۋاقىت بولۇپ قالغان سابىت ئەپەندى ھېلىدىن - ھېلى كارخانا دەرۋازىسىغا تەلمۈرەتتى. جىددىيلىشىپ سائىتىگە قارايتتى.



دەرۋازىۋەنىنىڭ سېخقا تېلېفون بەرگىنىگە مۇ يېرىم سائەتتىن ئېشىپ قالغانىدى.

كەڭ ئېچىۋېتىلگەن كارخانا دەرۋازىسىنىڭ ئاسفالت يولىدا ئاق خالاتلىق قىزلار ئۇنىڭغا چۆچۈگەندەك قارىشاتتى. چىڭقى چۈش، توپ - توپ قىزلار تاماق يېگىلى مېڭىشقانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھاۋانىسا يوق ئىدى... ئۈمىدى ئۈزۈلگەن سابىت ئارقىسىغا قارىغاچ كەلگەن يولى بويىچە قايتتى.

ئۇ خۇشال بولغاندەكمۇ قىلاتتى. چۈنكى ھاۋانىسانىڭ دەرد - ھەسرەتلىرى بىلەن ئازابلىق كۈنلىرىنىڭ شاھىدى، تۇنجى مۇھەببىتىنى رەت قىلغان ئادىمى سابىتنى كۆرگۈسى كەلمىگەنلىكى ئۇنىڭ سەللىمازا ساقايغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. لېكىن خۇشاللىقىقا قارىغاندا بىر خىل مىسكىنلىك، غېرىبلىق، پەرىشانلىق سابىتنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلماقتا ئىدى. «شۇنداق» دېدى ئۇ ئىچىدە پىچىرلاپ: ئۇنىڭ كۆڭلى ھازىر خىلۋەت يەرنى تارتىدۇ. ئۇ خۇددى ياۋايى قۇشنىڭ ئۆزى. ئۇ ئادەملەردىن بەزگەن. ئۇنىڭ بىردىنبىر دوستى، سىردىشى خىيال، ئامرىقى — كىتاب، چوقۇنىدىغىنى غايىسىدىكى سىيما.

سابىت ماگىزىنلار زىچ جايلاشقان تۆت كوچا ئاغزىغا كەلگەندە ئۇنى چاقىرغان زىل بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ كەينىگە بىرلا قاراپ ئۆزىنى چاقىرغان قىزنىڭ ھاۋانىسانىڭ سىڭلىسى ئىكەنلىكىنى تونۇدى. 14 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ئېگىز بوي، گۈلگۈن يۈز، كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرىدىغان خۇشخۇي تەبىئەتلىك بۇ قىز ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەلدى - دە، سابىتقا سالام بەردى.

— ئاپىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ — دېدى سابىت ھال سوراپ.

قىز پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى.

— نېمىشقا كۈلىسىز؟

— ئاپام بىلەن دادام دوختۇرخانىغا كەتتى، — قىز قىزىرىپ كەتتى.

— نېمىشقا؟ — ھەيران بولدى سابىت.

— ئۆزلىرىنى تەكشۈرتكىلى!

— قاسىم بىلەنمۇ؟

— ھەئە... — دېدى قىز تەبىئىي ئاھاڭدا، — دوختۇرخانىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتمىسە پەتتە بەرمەيدىكەن. تېخى ئۇلار بىللە رەسىمگە چۈشۈشتى دەڭا. ھەراست، ھاۋا ھەددەم بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ؟

— ھە... ھەئە... كۆرۈشتۇم.

— ھەددەم ھازىر ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەيدۇ... — قىزنىڭ چىرايى بىردىنلا غەمكىنلەشتى، — ئاپام بىلەنمۇ، دادام بىلەنمۇ... دادام ھەركۈنى دېگۈدەك كارخانا ئالدىدىن نېرى كەتمەيدۇ. بىر كۈنى ئاچچىقىدا ھاراقنى ئۆلگۈدەك ئىچىپ ئۆيگە كېلىپ ئۆزنى ئۆزى ئۇردى. ھەتتا ھاۋانچا تېشى بىلەن يۈزلىرىنى يېرىۋەتتى... ئاپام ئارانلا تۇتۇۋالدى.

— ئاكىڭىز تاشپولاتتىن خەۋەر ئېلىپ تۇردۇڭلارمۇ؟

— دادام ھازىر ئاكامنىڭ يولىغا مېڭىۋاتىدۇ. ئۇنى يېقىندا قويۇپ بېرىدىغان بوپتۇ. ھەراست، ھاۋانىساھەددەم ماڭا پەرىدەنى سېغىنغانلىقىنى، ئۇنى بىر كۆرگۈسبارلىقىنى ئېيتقانىدى.

قاسىمنىڭ گۈلسۇم بىلەن يېنىشىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان سابىت دەسلەپتە ھەيران قالغىنىدىن بۇ گەپلەرگە ئىشەنمىدى. كېيىن كاماندىروپكىدىن قايتىپ كېلىپلا قاسىم توغرىلىق ئاڭلىغان خەۋەرلەرنىڭ راست ئىكەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن ئىشەندى.

قورۇسىنى ساتقۇزۇش غەرىزى ئەمەلگە ئاشمىغان ئابىدە بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى قاسىمنى مەسىلىكىدىن پايدىلىنىپ قاتتىق ئۇرۇپ ئېغىر جاراھەتلەندۈرگەن. قانۇن ئورۇنلىرى قاسىم دوختۇرخانىدىن چىققىچە ئانا-بالا ئىككىسىنى قاسىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدۇ دەپ كېسىم قىلغان بولسىمۇ، ئانا-بالا ئىككىيلەن ئىچىدىرىگە قېچىپ كەتكەن. بۇ پاجىئەدىن خەۋەر تاپقان گۈلسۇم قاسىمنى ئۆز ھىمايىسى ئاستىغا ئالغان.

سابىتنىڭ قەلبى ئاچچىق ھەقىقەت ئەلەمگىسى بىلەن يانماقتا ئىدى. تۈنىسىز كۈن يوق، داغسىز لەيلى دېگەندەك ئىنسان تۇرلۇك روھىي ئاجىزلىقلاردىن خالىي ئەمەس. ئۇ گاھى بىلىپ، گاھى بىلمەي ھەرخىل خاتالىقلارنى سادىر قىلىدۇ. لېكىن ئاددىيغىنا سەۋەنلىك، ھاياتتا خاتا ئېلىنغان بىر قەدەم سېنى ھامان پاتقاققا سۆرەپ تۇرىدۇ... بۇلغىنىسەن، رەسۋا بولىسەن، پاسكىنىلىشىسەن... ئاخىر بىر كۈن سەسكىنىپ كەينىڭگە قايتىسەن. ئەمما كېچىككەن بولىسەن، ئەل نەزەرىدىن قالىسەن... بۇ نادامەت سېنى ئەسىر قىلىپ بىر ئۆمۈر خۇن قىلمۇېتىدۇ... شۇڭا ھەركىشى ئۆز دىلىنى ئەقىل نۇرى بىلەن بېزىشى كېرەك... ھاياتتىكى تەمكىنلىك — پەزىلەت. بۇ پەقەت غەيرەت ۋە سەۋر بىلەن بولىدىغان ئىش ئەلۋەتتە. گۈلسۇمنىڭ، ھاۋانىسانىڭ، تاشپولاتنىڭ يۈرىكىنى قاپلىغان

داغلارنى قاسىم بىر ئۆمۈر ياش تۆكۈپمۇ تازىلىيالمايدۇ!... ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى جاراھەت ساقايماس جاراھەتتۇر. قاسىمنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى شىپالىق مەلھەمگە ئايلانغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ جاراھىتىنى سەللىمازا ساقايتالمايدۇ.

شۇنداق!... بۇ بىر قورقۇنچلۇق، قاباھەتلىك چۈش!...

مانا بۇ قاسىمنىڭ يۈرەك سۆزى!...

باش ۋە بىلەكلىرى ئاپئاق داكىدا تېڭىلغان قاسىم دوختۇرخانا كارىۋىتىدا يېتىپ ئۆزىگە قوشۇقتا شورپىلا ئىچۈرۈۋاتقان گۈلسۈمگە قاراپ ئۈزۈلۈنغىچە ئۈنسىز يىغلىدى. ئۇنىڭ چوڭ كۆزلىرىدىن توختىماي ئېقىۋاتقان يوغان-يوغان ياش تامچىلىرى ياستۇقنى ھۆللىمەكتە ئىدى... ئۇ ئىڭراپ تۇرۇپ:

— گۈلسۈم، مەن بىر قاباھەتلىك چۈش كۆردۈم! شۇنداق، بەكمۇ قاباھەتلىك چۈش،— دېدى ۋە ئىچى-ئىچىدىن ئۆرتەپ چىققان ئاچچىق پۇشايمان بىلەن شۇنداق يىغلىدىكى ئۇنىڭ مۈرىلىرى سىلكىنىپ كارىۋاتمۇ تىترەپ كەتتى.

«تووا» دەپ ياقىنى تۇتماقتىن باشقا ئىلاج يوق! بۇ قاباھەتلىك چۈشنى قاسىم كۆرگەن چۈش دېگەندىن كۆرە گۈلسۈم، ھاۋانىسا، تاشپولاتلار كۆرگەن چۈش دېگەن تۈزۈك ئىدى. بۇ قاباھەتلىك چۈش ئۇلارنىڭ ھەممە، ھەممە نەرسىسىنى— تەقدىر-ئىستىقبالىنى، ئارزۇ-تىلەكلىرىنى، مېھرى-مۇھەببەتلىرىنى، نامۇ-نىشانىنى ھەتتا ئۆتمۈش ۋە بۈگۈنىنى پايخان قىلىۋەتتى...

سابىت ئۆيىگە قايتىپ كەلدى، ئۇنىڭ كۆڭلى پەرىشان ئىدى. گويا بىر نەرسىنى يىتتۇرۇپ قويغاندەك ئەتراپىغا بىسەرەمجان قارايتتى. ئۇ يېزىق ئۈستىلىدىكى قەلەمداننى ئاستا سىلىدى، سۈرتتى، لەۋلىرىگە تەگكۈزدى. «ئاھ! ماڭا نېمە بولدى، نېمىلەرنى قىلىۋاتىمەن!؟ بۇ قانداق تەشنالىق، نېمىگە تەقەززا بولۇۋاتىمەن؟»

سابىتنىڭ سوئاللىرىغا جاۋابەن بىراۋلار ئاستا پىچىرلىدى: «ئەبەدىلئەبەد ۋاپادارىڭىز بولاي...»، «مەن سىزنى كۈتەي، ئۆمرۈم بويى كۈتەي...»، «مۇھەببەتنىڭ ۋەتىنى، يۇرتى، مىللىتى يوق...»

سابىت ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ قەلب پىنھانىغا بىر نارەسىدە كۆز تىكىلىپ تۇراتتى. «ھاۋا ھەدەم ئاپامغا ئوخشايدۇ...»، «ئۇنى كۆزلىرىمگە سىڭدۈرۈۋالاي...»

سابىت بوغۇلغاندەك، دىمىققاندەك بولدى. ئۇ گالستۇكىنى بوشىتىپ، ياقا تۈگمىلىرىنى يېشىۋەتتى... ئۆينىڭ تۆت تېمىغا قارىدى. بۇلۇڭلاردىن نېمىدۇر بىر نەرسىلەرنى ئىزدىگەندەك ھەممە يەرگە سەپسالدى... ئۇ بەلكىم بىراۋلارنىڭ ئىزلىرىنى بۇ كىچىك بۆلمىدىن تاپماقچى، ھىدلىرىنى ھىدلىماقچى بولغاندۇر. لېكىن سابىت ئۇنى تاپالمىدى.

سابىت دەرمانسىز ئاياغلىرىنى ئاستا يۆتكەپ دېرىزە تۈۋىگە كەلدى، قاپقاقلارنى ئېچىۋەتتى. ئۇنىڭ مادارى قۇرۇغان ۋۇجۇدى، تەشنالىق بىلەن چاڭقىغان يۈرىكى بىردىنلا ھۇزۇرلاندى!

— ئاھ... ھاۋا!...

مەسئۇل مۇھەررىر ئوسمانجان ساۋۇت

تۇرسۇن مۇھەممەت

# نەسرلەر

## ئانىلار قەلبى

بالام، مېنىڭ قەلبىم بىپايان دېڭىز. ئۇ سېنى ھەممىگە ئېرىشتۈرىدۇ. سەن ئەتىدىن كەچكىچە ئاشۇ دېڭىزدا ئويناقلاپ ئۈزىسەن.

بالام، ھايات قوينى شاۋقۇنلۇق دېڭىز. ئۇ سېنى چوڭقۇر قاتلاملارغا چۆكتۈرىدۇ. سەن ھەرقېتىم چۆككەندە، سان-ساناقسىز مەرۋايىتلار سۈزىسەن.

## ئىشق ئوتى

مۇھەببەتنىڭ ئەگرى-بۈگرى يوللىرىدا مېڭىۋېرىپ ھالىدىن كەتكەندە، غەيرەت-شىجائەت بابىدىن نەزمە ئوقۇيمەن-دە، ئۇنىڭ قۇدرىتى بىلەن ھارغىنلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىمەن.

شەيتانلار ئۈمىدسىزلىك قوشاقلىرىنى ئوقۇغاندا، ئىشەنچ داستانىدىن بېيىتلار يادلايمەن، ئالدىمدا پەيدا بولغان نۇرلارغا سىڭگىشىپ سەپىرىمنى داۋام قىلىمەن.

ۋىسال پەردىسى ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇپلا غايىب بولغاندا، ۋاپادارلىق ناخشىسى توۋلايمەن. ئالدىمغا كۆلۈپ چىققان ئاشىقىمنىڭ بويىنىغا گىرە سالىمەن.

## ۋاپادارلىق

مەن مۇھەببەت شارابىنى ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بۇلاق سۈيى، مېنىڭسىز ياسالغان شاراب كىشىلەرنى ئاۋۋال مەست قىلىپ، كېيىن جېنىنى ئالىدۇ.

## بۇلبۇل

بۇلبۇل تاڭ سەھەردە باغچىلارنى ئارىلاپ، گۈل بەرگىلىرىدىكى شەبنەملەر بىلەن ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ ۋە ئاشۇ شەبنەملەر قۇدرىتى بىلەن چاكىلداپ سايرايدۇ.

چۈنكى ئاشۇ شەبنەملەر بۇلبۇل ھەقىقىي ئاشىق بولغان نىگارنىڭ ئىسسىق كۆز يېشى.

## ياش

دەھشەتلىك يېغىۋاتقان يامغۇر ئاسمان ئىلاھىنىڭ زېمىنغا قىلغان ئىلتىپاتى بولماستىن، بەلكى باغرىنى چاقماقلار تىلىپ ئۆتكەن بۇلۇتنىڭ ئاچچىق كۆز يېشى.

## كۆڭۈل قۇشى

كۆڭۈل قۇشۇم گۈلىستانلاردا پەرۋاز قىلسۇن دېسەڭ، ئۇنىڭ تېنىنى گۈل شاخلىرىدىن، قاناتلىرىنى گۈل يوپۇرماقلىرىدىن ياسا. ئۇنىڭغا گۈل سۈيىدىن قان، بۇلبۇل ئىشقىدىن جان بەر. شۇندىلا ئۇ ئەركىنلىك ئالىمىدە قانات قاقالايدۇ.

## ئازاب ۋە زار

ئۈمىدسىزلىك يۈرىكىمگە تور يايغاندا ئايرىلىش ئازابى چەكتىڭ ۋە ماڭا قاراپ ياتلىقىنە كۈلدۈڭ.

مەن ساڭا پاك قېنىم بىلەن پۈتكەن مۇھەببەت قىيامى تۇتقاندا، سەن ئۇنى بىر يولىلا ئىچىۋەتمەي قەدەھلەرگە بۆلدۈڭ.

مەن سېنىڭ پاكلىق شارابىنى قۇيۇپ بېرىشىڭنى ئۆتۈنگەندە، سەن جامىنى چېقىۋېتىپ، ماڭا قاپاق تۈردۈڭ.

ئىشەنچسىزلىك يۈزلىرىمگە گۇمان پەردىسىنى ئارتقاندا، سەن مېنى ئۆلگەنگە چىقىرىۋەتتىڭ ۋە ئۆزۈڭمۇ بىمەھەل ئۆلدۈڭ.

## ئەستىلىك

مەن مۇھەببەت خاتىرىلىرىمنى ۋاراقلىدىم. ئۇ، كۈلۈپ ئالدىمغا كەلدى.

مەن نىكاھ دەپتىرىمنى ئاچتىم. ئۇ، گۇناھكاردەك بېشىنى ئەگدى.

مەن ئائىلە تارىخىمنىڭ پۇشايمان ناللىرى بىلەن تولغان بەتلىرىنى ۋاراقلىغانىدىم، ئۇ ھەسرەتلىك بىر تىنىدى - دە، جان بەردى.

## سادا

بالام، تۈن يېرىمدا ئاڭلانغان بوۋاق يىغىسى — بىر ئىنسان بۇ دۇنيانىڭ ئىشىكىنى

چەككەلدە چىققان سادا. مۇشۇ چاغدا سەن قەلب ئېتىزىڭغا تېرىلغان بوغدايلارغا بىر چاڭگال ئوغۇت چېچىۋەت. ھەرگىزمۇ ئېغىزىنى يەر كۆتۈرگەندىن كېيىن رىزقىنى ئاللا بېرىدۇ، دەپ ئولتۇرما!

## پۇشايمان

سەن گۇمان پەردىلىرى تارتىلغان كۆزلىرىڭ بىلەن مۇھەببەت كۆچىتىگە قارىدىڭ ۋە ئۇنى ۋىجدانسىزلارچە كېسىپ تاشلىدىڭ. ئۇ، قەلبىم زېمىنىدىكى يىلتىزلىرىنى ماڭا قالدۇرۇپ كېتىپ قالدى.

ياندۇرقى يىلى ئەتىيازدا ئۇنىڭ يىلتىزلىرى بىخ سۈرۈپ، باراقسانلىدى. پورەك لەپ ئېچىلغان گۈللەرنى ماڭا ھەدىيە قىلدى.

مەن ئۇنى قولۇمغا ئېلىپ ساڭا كۆرسەتتىم، بۇ مېنىڭ پاكلىقىمنىڭ سىمۋولى ئىدى.

سەن ئۇنى ئاۋايلاپ قولۇڭغا ئېلىپ، مېھرىڭ بىلەن سۆيۈپ كەتتىڭ، كۆز چانىقىڭدىن ئېتىلىپ چىققان ئىككى تامچە ياش مەڭزىڭدە توختاپ قالدى.

## نېمەت

بەخت ۋە بەختسىزلىك — تۇرمۇش دېڭىزى دولقۇنلىرىنىڭ مەن ئۈچۈن قىرغاقلارغا ئۇرۇپ چىقارغان نېمىتى. دېڭىز دولقۇنلىرى ھەر قېتىم قىرغاققا زەرب بىلەن ئۇرۇلغاندا، ئۇلار گويا ئاشىق - مەشۇقلاردەك قول تۇتۇشۇپ كېلىپ مېنى مۇبارەكلەيدۇ. بەخت قوللىرىمنى چىڭ سىققاندا، بۇنىڭ ئەجرىمگە بېرىلگەن جاۋاب ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. بەختسىزلىكنىڭ قوللىرىمنى سىلكىشى مېنىڭ بەخت مەستانىلىكىدە خۇدۇمنى يوقىتىپ قويماسلىقىم ئۈچۈن بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمەن.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

1992 - يىللىق «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر

زوردۇن سابىر «چاڭ - توزان ئىچىدىكى گۈزەللىك» (ئەدەبىي ئاخبارات)
ئادالەت ھەبىبۇللا «يالىلداپ تۇرغان مېتاللار» (پوۋېست)
مەمتىمىن ھوشۇر «ئۆلۈككە خەت» (ھېكايە)
ئەكبەر قادىر «‹ئاقساق بۇغا› ھەققىدە مۇلاھىزە» (ئوبزور)
مۇھەممەتتۇرسۇن ئەبەيدۇللا «چۆل ناخشىلىرى» (چاتما شېئىر)

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى
www.uyghurkitap.com

ئەنۋەر تاشتۆمۈر

# نەسرلەر

## ئۈزۈك - ئۈزۈك تىنىقلار

1

سەن قۇرۇپ كەتكەن بۇلاق بېشىغا بارغىنىڭدا، ئۇنىڭ ئاجىز تېمىپ تۇرغان كۆز ياشلىرىغا قاراۋەرمە، بەلكى بۇلاق ئەتراپىنى قاپلىغان قىلىن چۆپلەرگە قارا! چۆپلەرنىڭ شادىيانە ناخشىسى بۇلاقنىڭ يۇمۇلغان كۆزلىرىدىن تامچىلىغان مۇڭلۇق يېشىنى چۈشىنىشىڭگە يېتىدۇ.

2

ئاينىڭ كۆكتىكى تەنھالىقىغا ئىچ ئاغرىتىپ كۆز يېشى قىلما، سېنىڭ كۆز يېشىڭ تامچە شورلۇق سۇدىنلا ئىبارەت، ۋەھالەنكى ئاينىڭ كۆز يېشى كۆكتىن ئېقىپ چۈشكەن ئاپئاق نۇر — يۇلتۇزنىڭ ئۆزى. ئۇ ھەتتا سېنىڭ كۆز يېشىڭنى سىمابتەك پارقىرىتىپ قويىدۇ...

3

سەن ئاچالدا يىغلامسىراپ ئولتۇرغان چېغىڭدا، شاخلىرىدىن تۆكۈلگەن ئالتۇن ياپراقلارنىڭ پىچىرلاشلىرىغا قۇلاق سال! چۈنكى ياپراقلار باھارنىڭ كۈلكىسىدىن، يازنىڭ مەيىن ناخشىسىدىن، كۈزنىڭ ئاھۇ - پىغانىدىن ئۇزۇن قىسسەلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

4

تاڭ شەبنىمىنىڭ سالقىنلىقىدىن ئەندىكمە. ئۇ، كۆكنىڭ تاڭ قۇياشى ئۈچۈن تۆككەن كۆز يېشى. تاڭ قۇياشى ئۇنى ھەر سەھەر يالىتىپ، دالا گۈللىرىنىڭ يۈزىگە خال قىلىپ چېكىدۇ. ۋەھالەنكى سەن ئاشۇ خال ئۈچۈن ئاشىق - بىقارار بولۇشقا كۆنۈك...

5

سەن چۈشلىرىڭدىن سۆيۈنمە، چۈنكى ئادەم ئۆزىدە يوق نەرسىلەرنى چۈشەيدۇ...

6

سەن سۈنىڭ شاۋقۇنىغا ئەمەس، بەلكى شاۋقۇنسىز سىڭىشلىرىغا زوقلان! چۈنكى سۈنىڭ شاۋقۇنى سېنىڭ يار يوللىرىدا ئېزىققان ناخشاڭغا ئوخشاش جىمجىت بوشلۇقتا غايىب بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ سىڭىشلىرى يار لېۋىگە سۆيۈشتىن يايرىغىنىڭدەك، زېمىن باغرىغا ئېقىپ كىرىپ، دالىدا يېڭى - يېڭى لالىلەرنى ئېچىلدۇرىدۇ.

## ئىلتىجا

ئەي، پەرۋەردىگارىم، ئاق ساقاللىق بوۋام ساڭا سېغىنىپ، تەڭداشسىز سەلتەنىتىڭنى چۆچەك قىلىپ سۆزلەپ بېرەتتى، ئۇنىڭ چۆچەكلىرىنى ئاڭلاپ يېتىپ، خىيالغا پېتىپ ئۇيقۇغا كېتەتتىم ...

دەرگاھىڭدا يەتتە دوزاخ، سەككىز جەننىتى - مەئىشەت بەندىلىرىڭنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن تەقلەپ قويۇلغانمىش. دوزىخىڭدا كۆيىدىغان ئوتلىرىڭ ھەر تەرەپكە تىل سوزارمىش، جەننىتىڭدە ئىزگۈ يېشىللىق، راھەتى ئاسايىش دەۋران سۈرەرمىش. ئۇندىكى نۇردەك يىللىق، گۈلدەك نازاكەتلىك ھۆرلىرىڭ قولۇڭدا قايتا تىرىلگەن مەسۇم ئەرلىرىڭنى، بەرنا غىلمانلىرىڭ ۋاپادار ئاياللىرىڭنى كۈتەرمىش. لېكىن مېنى جەننىتىڭگە مەرھەمەت قىلمىغىن پەرۋەردىگارىم!

مەن جەننىتىڭدە ھۆرلىرىڭ بىلەن ئىشرەت سۈرسەم، ئارچا تۈۋىدە ئاق رومالغا ئورىنىپ مېنى ئۈزۈتىپ قالغان ئاھۇزارلىق پەرىشتە مومىيىمغا ئۇۋال بولىدۇ. ئۇنىڭ قوللىرىدىكى بىر ئۆمۈر مەھكەم تۇتقان چوغدەك قىزىلگۈل تىنىمسىز ئاققان كۆز ياشلىرى بىلەن سولاشسا، سېنىڭ قوللىرىڭدا قايتا تىرىلگەن جېنىم ھالاك بولىدۇ، جەننىتىڭدىكى يېگانە جەسەتكە ئايلىنىمەن. مېنى قويۇشقا جاي تاپالماي ياكى تەكرار تىرىلدۈرۈپ بولالماي بېشىڭ قاتىدۇ...

مېنى دوزىخىڭغا تاشلىۋەت، پەرۋەردىگارىم! مەن دوزىخىڭدىكى ئوتتا كۆيسەم مۇڭلۇق كەپەمدە كۆز ياشلىرىنى ئاق ياغلىقىنىڭ ئۇچىدا ئېرىتىپ، تەنھا قالغان پەرىشتە مومىيىمنىڭ ئازابلىرىنى سېزىمەن.

مېنى يامغۇر قىلىپ تۆكۈۋەت، پەرۋەردىگارىم! مەن يامغۇر بولۇپ تۆكۈلسەم، سارغۇچ سايىلەر ئاستىدا خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغان پەرىشتە مومىيىمنىڭ كۆزلىرىدىكى شەبنەملەرگە سىڭىپ كېتىمەن، ئۇنىڭ ئېتەكلىرىگە چاپلىشىپ، مۇڭلىرىغا ھەمراھ بولۇپ ئۆتىمەن.

مېنى يۇلتۇز قىلىپ چېچىۋەت، پەرۋەردىگارىم! مەن يۇلتۇز بولۇپ چېچىلسام، يۇلغۇنلۇق قەبرىستانلىقتىكى مۇڭلۇق قەبرەمدە تۈنەپ، ئۆزىنى يوقاتقان پەرىشتە مومىيىمنىڭ يوللىرىغا يورۇقلۇق سېپىمەن ...

ئەي، پەرۋەردىگارىم، ئاجىز بەندەڭنىڭ خىيالىي ئىلتىجالىرىدىن ئاچچىقلانساڭ، مېنى پەرىشتەم بىلەن بىرگە دوزىخىڭغا مەھكۇم ئەيلە. باقىي دۇنيادىمۇ بىرگە بولۇپ ئوتلىرىڭدا كۆيۈش جەننەت راھىتىدە ئىشرەت سۈرۈشتىن ئۇلۇغ!

## سۆيگۈ قىسمىتى

مەن سېنى چاقىرغان كېچىسى سەن ئېغىر ئۇيقۇدا ھېچنېمىنى سەزمىدىڭ. بۇ كېچە ئايمۇ كۆرۈنمىدى، يۇلتۇزلارمۇ جىمىرلىمىدى، پەقەت ئورمانلاردىن مۇڭلۇق بىر پىغان كەلدى.

سەن مېنى چاقىرغان بۇ كېچە مەن ئېغىر ئۇيقۇدا ئىدىم. بۇ كېچە ئاي بالقىغان، يۇلتۇزلار جىمىرلىغانىدى. ئورمانلاردىن شاۋقۇن - سۈرەن كېلەتتى...

قۇياش كۆتۈرۈلدى، قۇشلارمۇ ئويغاندى. قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى، قۇشلارنىڭ شوخ چۇرۇقلاشلىرى مېنى ئويغىتالمىدى. دالا سۈكۈتكە چۆمگەن دەملەردە قارا چۈشتىن چۆچۈپ ئويغاندىم. سېنى ئۆيىڭدىن تاپالماي چېتى كۆرۈنمەيدىغان ئورمانغا ئېلىپ كېتىدىغان چىغىر يوللىرىڭغا سەپسالدىم. بۇ يوللار شۇ قەدەر جىمجىت ئىدىكى، مېنى ئىختىيارسىز خىياللارغا ئەسىر قىلدى. سەن كۆرۈنمىدىڭ، ئەمما ساڭا ئوخشايدىغان بىر بالا ماڭا قول پۇلاڭلىتىپ ئۆتۈپ كەتتى...

دالا شاۋقۇنلۇق تۈس ئالدى. ئۇ، بىر كونا، ياق، يېڭى ئىشقىي - مۇھەببەت ناخشىسىنى باشلىغاندا، ئورمانلار ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى. مەن ياش بولۇپ ئېقىپ قىزىلگۈل بەرگىدە تىترەپ كەتتىم.

## مېنىڭ ھەقىقىتىم

مەن پەرىزاتلار دۇنياسىنىڭ نازاكەتلىك باغلىرىدىكى گۈلى - رەيھانلار يېنىدا ئولتۇرۇپ، روھىمنىڭ ئازابلىق ئىڭراشلىرىنى ئاڭلىغان چاغلىرىمدا، ھالسىزلانغان ۋۇجۇدۇمغا تەئەججۈپلەندىم. ئەتراپىمدا كۆز چېقىپ تۇرغان رەڭدار مەنزىرە دەشتى - باياۋاننىڭ ھەسرەتلىك كۆلەڭگىسىگە ئايلىنىپ قالدى.

مەن دەشتى - باياۋاننىڭ چاڭقىغان قىپقىزىل يۇلغۇنلىرى يېنىدا ئولتۇرۇپ، روھىمنىڭ ئىزگۈ تىۋىشىنى ئاڭلاپ قالغان چاغلىرىمدا، ھاياجاندىن تىترەپ كەتكەن ۋۇجۇدۇمغا تەئەججۈپلەندىم. ئەتراپىمدا ئۇپۇققا تۇتىشىپ كەتكەن جىلۋىسىز مەنزىرە گۈل - چېچەكلىك جىلۋىدار باغلارنىڭ بەختىيار كۆلەڭگىسىگە ئايلىنىپ قالدى...

ئاھ، مەن تەئەججۈپلەنگەن سەۋدا خىياللىرىمدىن ياشاش بەختىنىڭ ھەقىقىتىنى تېپىۋالدىم! مېنىڭ بۇ ھەقىقىتىم يۈرىكىمنىڭ ئىچكى قۇلاقلىرىغا خۇپىيانە پىچىرلىغان دەملەردە، مەن جىلۋىدار گۈزەللىكنىڭ خۇشلۇققا يېتىشەلمەيدىغانلىقىنى، ئىنسان روھىنى خۇش ئەتكەن نەرسىنىڭ گۈزەل بولۇپ تۆرىلىدىغانلىقىنى، ۋەھالەنكى، جىلۋىدار گۈزەللىكلەرنىڭ ھەممىسى خۇشلۇق ھېسسىدىن ئورۇن ئالالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، سەۋدالىرىمغا بەرھەم تاپتىم، ھايات ئىشقىدا تۇنجى قېتىم ئوتلۇق تىن ئېلىشقا نائىل بولدۇم.

## ئاشىق يوللىرى

مەن سېنىڭ ئىشقىي ئوتلىرىڭنى ھېس قىلغان چېغىمدىلا سەن بىلەن ھەمسەپەر ئىكەنلىكىمنى بىلدىم، ئاشىق بولۇپ تۆرەلدىم.

سەن كېيىكتەك ئويناق، پەرىشتىلەردەك لاتاپەتلىك! مەن يېتىملەردەك مۇڭلۇق، قورام تاشلاردەك سوكۇتكە چۆمگەن!

مەن بۇ يولدا كېتىۋاتقان ئادەملەر ئارىسىدىن تەشنالىق ۋە ئۈمىدكە تولغان كۆزلىرىم بىلەن ساڭا سەپسالىمەن. سەن خىيال ئىلكىدە پەرۋاسىز، ھەتتا مېنىڭ ئىزىڭنى ئىزلاپ يۈرگەنلىكىمدىنمۇ خەۋەرسىز.

مەن ئادەملەر ئارىسىدا گاھى سەن بىلەن يالغۇز ماڭغان چېغىمدا، سېنى چاقىرىشتىن قورقىمەن، ساڭا ناخشا ئېيتىپ بېرىشتىن ئويلىمەن، خىيالىم قاناتلىنىدۇ. شېئىردىن ۋە ئازابلىق تۇيغۇلىرىم سېنى سېغىندۇرىدۇ، ئەمما سەن كۆز ئالدىمدا پەرۋاسىز ھەتتا مېنىڭ سېنى خىيال قىلىپ يۈرگەنلىكىمدىنمۇ خەۋەرسىز.

مەن بىر توپ شوخ باللار بىلەن سېنى ئورىۋېلىپ، چۇرقىراشلار ئىچىدە ساڭا مۇڭلۇق تىكىلىپ قېتىپ قالىمەن، كۆزلىرىم شەھلا كۆزلىرىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا، گۇناھكاردەك ئىتتىكلا يەرگە قارىۋالىمەن. سەن شۇنداق چاغلاردىمۇ مېنىڭ شەھلا كۆزلىرىڭگە زار بولۇپ تۇرغانلىقىمدىن خەۋەرسىز.

سەن ئىسسىق دەستىدىن ھالسىزلىنىپ، سوۋادان ئاستىدىكى چۆپلۈكتە ئۇيقۇغا كەتكەن چاغدا، مەن شەپكەم بىلەن سېنى يەلپۈپ، چىۋىنلىرىڭنى قورۇيمەن. سەن سالقىندىن ئەندىكىپ تەۋرەنسەڭ، يۈگۈرۈپ بېرىپ چوڭقۇر ئازگالغا مۆكۈنىمەن. سەن ئۇيقۇلەززىتىدە پەرۋاسىز، ھەتتا راھىتىڭ ئۈچۈن مېنىڭ ئۇيقۇدىن كەچكەنلىكىمدىنمۇ خەۋەرسىز…

سەن كۆكۈم پەردىسى يېيىلغان، مەيىن شامال راھەتبەخش ئەتكەن چاغلاردا يوللىرىمىزدىن شاخلاپ، ئورمانلارغا سوزۇلغان چىغىر يوللارغا راۋان بولدۇڭ، مەن ساڭا ئەگىشەلمىدىم، ئەمدىلا بالقىغان تولۇن ئايغا قاراپ ئۈنسىز دەرد - ئەلەمگە ئەسىر بولدۇم. مېنى خىياللىرى بىلەن پەپىلەپ، تۇيغۇلىرى بىلەن زەنجىرلەپ، قاراڭغۇ كېچىلەرگە يېگانە سەرسان ئەيلىگەن سۆيگۈم كۆزلىرىمدىن ياش بولۇپ ئېقىپ چۈشتى. بۇ ياشلارنىڭ سىرغىشىدىن ئاھۇ - پەريادىم ئارام تاپتى. ھەممە شېرىن ئۇيقۇدا، پەقەت سېنى ئۆز قوينىغا ئالغان ئورمانلاردىن كېچىلەرنىڭ ئۇزۇك - ئۇزۇك تىۋىشلىرى ئاڭلىناتتى.

تاڭ سەھەر ناخشا ئېيتىپ يولغا چىقتىم. ھەممە ماڭا تەئەججۇپ بىلەن تىكىلدى. بۇ تىكىلىشلەردىن مەنمۇ ھەيران قالدىم. ناخشامنىڭ قۇياشقا تۇتىشىپ كەتكەن نەپەسلىرى قاپقارا شەھلا كۆزلەرنىڭ تەئەججۇپلىرىنى تەبەسسۇملار بىلەن نۇرلاندۇرغان دەملەردە، ئېگىز تۆپىلىكتىكى چېكى يوق ئورمانلىقتىن كەلگەن ئەكس سادالارغا ئەگىشىپ، سەپەردىشىمگە قول پۇلاڭلاتتىم. ئاھ، رەنجىمە، سەندىنمۇ رەنجىمەيمەن. ئاشىق يوللىرى ئېگىز - پەس، ئەگرى - توقاي. شۇڭا ئۇ مەنىلىك ۋە سىرلىق. قانچىلىك ئاشىق مېنىڭ چىغىر يول بويلاپ تۆپىلىككە باسقان قەدەملىرىمگە قاراپ جىمىپ كەتتى، بۇ ماڭا نامەلۇم، مەن پەقەت ئۇ يەردە ھۆكۈم سۈرگەن سۈكۈناتتىن سەن ئۈچۈن تۆككەن ياشلىرىمغا ئوخشايدىغان ياشلارنىڭ تىۋىشىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. ئەمما مەن ئالدىمدا دولقۇنلاپ

www.uyghurkitap.com

تۇرغان ئورمان ئىچىدە يولۇمغا قاراپ، ناخشىنى تېخى تاماملاپ بولالمىغان دىلكەش پەرىشتەمگە چەكسىز ئىنتىزار!

## پەرىزات سۈرىتى

مەن ھەر سەھەر سېنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تاقەتسىزلىنىمەن. سەن كىم؟ سەن يۈرىكىمنىڭ ئىچكى تەللىرىدا يادلىنىدىغان خىيالىي پەرىزات!

مەن ھەر ئاخشىمى سېنى كۆرۈش خىيالىدا يۈرىكىمنى ئاختۇرىمەن. سەن كىم؟ سەن يۈرىكىمنىڭ قات ـ قاتلىرىدا سۆزلەپ تۇرغان سىرلىق پەرىزات!

مېنىڭ سەھەرلىرىم، تۈنلىرىم سېنىڭ خىيالىڭدا يېگىلىنىپ، ھاياتىم ئىزگۈ ناخشىلار بىلەن پەيلىنىدۇ. سەن ئادەملەرنىڭ روھىغا ئىلتىجا بىلەن يېتىپ كېلىپ، ئۇنىدا پىلىدىرلاپ تۇرغان ئۈمىدلەر كەينىدە مۆكۈپ يۈرىسەن. ئۇنىدىكى پىنھانە تىۋىشلىرىڭ ئادەملەرنىڭ جەزبىلىك ناخشىلىرىنىڭ ھاياجىنىدا گاھى رېئاللىققا ئايلىنىپ قالدۇ. سېنى كۆرمەكنىڭ، سېنى سۆيمەكنىڭ مۇشكۈل دەملىرى ئادەملەر رېئاللىقىدىكى سەۋدالىقىنىڭ، سەرسانلىقىنىڭ سەۋەبكارى. سەن قېتىپ قالغان كۆزلەردە ئاچچىق تولغىنىسەن، ياش ئەگىپ تۇرغان كۆزلەردە خاپىچان مۆگىلىنىسەن، كۈلۈمسىرىگەن كۆزلەردە ئويناق تەبەسسۇملىرىڭ بىلەن ياشناپ كېتىسەن.

مەن سەھەرىمدىن باشلانغان كۈندۈزلىرىمدە باغلارنى ئارىلاپ سېنىڭ رەڭلىرىڭنى تېرىشتۇرۇپ كېلىمەن. كېچىلىرىمدە جىلۋىدار سۈرىتىڭنى سىزىشقا ئولتۇرىمەن، سەن مېنىڭ ئەقىدە ئەۋجىدىكى مونچاق ـ مونچاق ماڭلاي تامچىلىرىمدا مۆگىلۈق كۈلۈبەگدىن ماڭا قاراپ يۇلقۇنىسەن. مەن سېنىڭ ئىنچىكە ئەگمە قاشلىرىڭنى ھىلال ئايدىن نازاكەتلىك قىلىپ سىزىشقا باشلىغان دەملەردە، سەن ئاشۇ قاشلارنىڭ نازاكەتلىك ئويىنىشىدەك ناخشاڭنى يېقىملىق بىر ئاھاڭدا غىڭشىپ قويىسەن ـ دە، كۆز ئالدىمدا ھارغىن تەبەسسۇملىرىمنى پەپىلەپ تۇرغان سەرۋە قامەتلىك سۈرەت ئىچىگە كىرىپ تىترەپ كېتىسەن، بوينۇمغا ئېسىلىپ، لەۋلىرىمگە سۆيۈپ كېتىسەن، مەن بۇ سۈرىتىڭنى ئادەملەرگە ھەدىيە قىلىمەن، سېنىڭ لۇتفى ـ مەرھەمەتلىرىڭ ۋە بۇ ھەدىيە قىلىشىنىڭ چەكسىز لەززىتى ناخشىلىرى قوينىدا بەختىيار بولۇپ تۆرىلىمەن، سېنىڭ روھىمغا روھ قاتقان مەڭگۈلۈك ھەمراھلىقىڭ بىلەن يېڭى ـ يېڭى سۈرەتلەر ئاپىرىدىسىگە كىرىپ كېتىمەن...

ئاھ، پەرىزات ــ ئىنسانىنىڭ مەڭگۈلۈك ئارمىنى! سەن سەھىرىمنىڭ تاقەتسىز ئۈمىدلىرى، تۈنلىرىمنىڭ مەنىلىك خىياللىرى قوينىدا تۇرۇپ، يۈرىكىمنىڭ ئىزگۈ ناخشىلىرىغا سەن بەر، جان بەر! مېنىڭ ناخشىلىرىم سۈرەتلىرىڭنىڭ لاتاپەتلىرى بىلەن يۈرىكىمدىن ئۇچۇپ چىقىپ، ئادەملەر روھىدا تىترەپ كەتسۇن! مەن شۇ تىترەشلەردىن سېنى قايتا كۆرۈشنىڭ ئاداققىي ھەقىقىتىنى تېپىۋالاي!

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

هوشۇر ئىبراھىم

# غەزەللەر

**1**

قېنىڭدىن گۈل تىزىق تىزساڭ زامانىنىڭ ئەختەرى دەيمەن،
لىرىكاڭ ئەلگە جور بولسا ھاياتلىق دەپتىرى دەيمەن.

يىغىپ تۇرمۇش گۈلابىنى ئەجىر جامىدا قايناتساڭ
شەپەقتەك شوخ جۇلاسى بار گۆھەرلەر جەۋھىرى دەيمەن.

سەتىرلەر چاقنىسا ياقۇت كەبى دىللار كاساسىدا
يۈرەكنى ياشناتار دورا قەلبىنىڭ كەۋسەرى دەيمەن.

ھاياتلىق بىپايان ئوكيان ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى چەكسىز
بولۇپ غەۋۋاس گۆھەر سۈزسەڭ خەلقىنىڭ تاھىرى دەيمەن.

ئەقىدە، چىن مۇھەببەتتە رىئاللىق كانىنى قازساڭ
يۈرەكتە ئوت - پىراقى بار قەلەمكەش ماھىرى دەيمەن.

**2**

بېقىپ قەلبىمگە ئوت ياقتىڭ كۆزۈڭ ئاتەش بۇلاقمۇ
مەيىن كىرپىكلىرىڭ چاقماق قېشىڭ ساھىل قىياقمۇ.

يۈزۈڭ گويا قىزىل ياقۇت كۆزۈمنى چاقنىتار باقسام
لېۋىڭ شەربەت تېمىپ تۇرغان شېرىن - تاتلىق مۇناقمۇ.

چېچىڭ بوينۇمغا تاشلانغان مۇھەببەت زەنجىرى - رىشتەسى
بويۇڭ زىبا بەئەينى ئۇ، قىزىلگۈلنىڭ سىياقىمۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئارامىمغا قىلىپ غەلىيان پىغان ئاتەشلىرى ئىچرە
تېنىمدا لوقىراپ كۆيگەن ۋىسال ئىشقىنىڭ پىراقىمۇ.

نىگاھىنىڭ سالدى مىڭ سەۋدا خىيالىمدا تۈمەن غەۋغا
سۆڭەكلەر چۆل - چۆلا بولدى ئوتۇڭ غولدا - تاياقىمۇ.

گويا مەجنۇن بولۇپ سەلدەك يۈرەرمەن ھەر قايان دەۋرەپ
مېنى كۆرگەن كىشى دەركىم: ئۇ چۆل سالپى - ساياقمۇ.

ۋىسالىڭ غەلۋىرى تاسقاپ گويا يۇلغۇن چېچەكىدەك
پايانسىز چۆلگە بەند قىلغان مۇھەببەتنىڭ سىناقىمۇ.

3

«جاناب» كەلسە نەزىم يازغىن، دېدى بىرى ھايا قىلماي
كۆڭلۈڭ ماختاش بىلەن ئۆتسە ئۆسەرسەن كۈچ زايا قىلماي.

ئۆتەلمەيسەن پاراغەتتە ۋە يا ھۆرمەت سائادەتتە
يىقىلماس تاغ - يۆلەنچۈكنى ئۆزۈڭگە باشپاناھ قىلماي.

دېدىم: ماختاش كېرەك بولسا ۋەتەننى، ئەلنى كۈيلەيمەن
ئۆتەرمەن يەككە - يېگانە ئەمەلدارنى ئاتا قىلماي.

ساتارمەن سودىگەر بولسام گۆھەرنى ساپ گۆھەر دەپلا
تاۋارنى ھەم تاۋار پېتى ئۇنى ھەرگىز ماتا قىلماي.

كىمىنكى ئەلنى سۆزلەپتۇ ئىشىدا ئەلنى كۆزلەپتۇ
قىلارمەن ئىززەتتۇ - ئىكرام ئۇنى بۇت يا خۇدا قىلماي.

ئۆزۈم ئەجىر قىلىپ يەيمەن، تاپارمەن تەر بىلەن قۇتنى
تىلەشكە زادى رايىم يوق، ئۆتەرمەن ئىمك دۇئا قىلماي.

بىلىپ - بىلمەي كېلىپ چىقسا ئەگەر ئىشلەشتە سەۋەنلىك
ئۇنى ئۈستۈمگە ئالغايمەن بىراۋلەرگە تاپا قىلماي.

خەلق بەختى مېنىڭ بەختىم خەلق زارى مېنىڭ زارىم
ياشارمەن خەلق بىلەن مەڭگۈ ئاراغا تام - قاشا قىلماي.

خەلققە كۆيگىنىم كۆيگەن، تەمەيىم يوق بىراۋلاردىن
ماڭارمەن تا ئۆمۈرۋايەت بۇ يولدا ھېچ خاتا قىلماي.

4

كۆزۈمنى مەن ئۈزۈپ تاشلاي سىلەرگە تەگمىسۇن قىزلار،
تىلىم كۆيسۇن، خۇسۇمەتلەر سىلەرگە يەتمىسۇن قىزلار.

كۆزۈڭلار چاقنىغان چولپان قېشىڭلار ئايغا ئەندىزدۇر،
ئېۋىڭلار غۇنچىدەك يۇمران توزانلار قونمىسۇن قىزلار.

چېچىڭلار ئەۋرىشىم تالدەك بېشىڭلاردا چىمەن دوپپا
بويۇڭلار تىك چىنار يەڭلىغ شاماللار ئەگمىسۇن قىزلار.

قېلىشمايدۇ ئۈزۈن كۆڭلەك گويا شاھلار لىباسىدىن
گۈلى چاقنايدۇ يۇلتۇزدەك تۇمانلار توسمىسۇن قىزلار.

چىمەنلەر يەلپۈنەر نازۇك سەھەر - ئاخشام يېنىك يەلدىن
قەدەملەر شۇ كەبى لەرزان قۇيۇنلار بۇزمىسۇن قىزلار.

چىرايدا ھۆر - پەرىلەردىن گۈزەل ھەم ئاي خىجىل ھەتتا
ئەقىل - زېھنى ئەزىم دەريا بىھۇدە ئاقمىسۇن قىزلار.

چېلىشتا، ئىشتا - ئەمگەكتە، بىلىمدە كۆككە ئۆرلەڭلار
گۈزەل ياشلىق باھارىڭلار بىكارغا كەتمىسۇن قىزلار.

5

ئايىلىم قىز تۇغدى، دەپ دوستۇم بىكاردىن رەنجىدىڭ
تۆھپىسى ئالەمشۇمۇل سەن دىلنىگاردىن رەنجىدىڭ.

يىلتىزى بولماي دەرەخنىڭ بەرمىگەي ئالتۇن مېۋە
ئەسلى ئەجدادىڭ مۇنەۋۋەر سەن موماڭدىن رەنجىدىڭ.

قىز ھاياتلىقنىڭ گۈلى، گۈلدەك ھاياتلىق بۇلبۇلى
ئەس - ھۇشۇڭنى يوقىتىپ تەكتى ئاناڭدىن رەنجىدىڭ.

بولمىسا قىز سەن قەيەردىن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئىدىڭ
سەن ھاياتلىققا نىجاتكار قىز بالاڭدىن رەنجىدىڭ.

سۆيى يوق ئۆستەڭ قەيەردە، قىزى يوق گۈلگۈن ھايات
سەن ھاياتلىق باغۇىنى قەددى چىناردىن رەنجىدىڭ.

ھەسەن تىلەۋالدى

# شېئىرلار

## ئارزۇيۇمغا يېتىمەن

كىچىكىمدە جان مومام
زېرىكسەممەن بەزىدە.
چۆچەك ئېيتىپ بېرەتتى
ئۇچار گىلەم ھەققىدە.

ئويلاپ ئۇچار گىلەمنى،
ئۇخلىمايتتىم كېچىدە.
تەلپۈنەتتىم ئاسمانغا،
سىرلىق تۇيغۇ ئىچىدە.

دەيتتىم: موما ئۇ گىلەم،
توقۇلغانمۇ خوتەندە؟
شۇنداق گىلەم بارمىدۇ
بولسا زادى ئۇ نەدە؟

سورار ئىدىم مومامدىن
قايتا - قايتا يېلىنىپ.
سوئالىمغا ئۇ جاۋاب
بېرەلمەيتتى قىينىلىپ.

مانا ئەمدى بىلدىم مەن،
ئۇچار گىلەم سىرىنى.

چىقىمدىكەن ئاسمانغا
كىمنىڭ بولسا بىلىمى.

## خوشلىشىش

تۈگەتتۇق بىز مەكتەپنى،
ئۇستاز بىلەن خوشلاشتۇق.
ئايرىلىشقا كۆز قىيماي،
ئۇزۇن - ئۇزۇن مۇڭداشتۇق.

لەززەت ئالدى يۈرەكلەر،
شېرىن - شېكەر سۆزلەردىن.
ئايرىلغاندا ئۇستازدىن
ياش ئەگىدى كۆزلەردىن.

باچكا ئىدۇق ئۇستازلار
ئاغزى بىلەن دان بەرگەن.
ئاق - قارىنى تونۇتۇپ،
ئەقىل - ئىدراك ئاڭ بەرگەن.

پەرۋىش قىلدى ئالتە يىل
ئانىمىزدەك كۆيۈنۈپ.
ئالدۇق ئۇنىڭ ئەجرىدىن،
كۆپ نەرسىنى ئۆگىنىپ.

ئۇنىڭ يىللىق مېھرىدىن
چېچەكلىدى تىلەكلەر.
ئايرىلساقمۇ گەرچە بىز
ئايرىلمايدۇ يۈرەكلەر.

## دۇم - دۇم

دۇم - دۇم - دۇم،
بىلەمسەن مېنى.
ئەقىللىق بولساڭ
تاپقىنا قېنى.

لەۋەي - لەۋەي،
تاپتىم مەن سېنى.
ماڭا ئەكەلگەن
گۈللىرىڭ قېنى؟

دۇم - دۇم - دۇم
ماقۇل گۈل بېرەي.
باغچىغا بېرىپ،
هازىر ئەكېلەي.

لەۋەي - لەۋەي،
ئۈزمىگىن گۈلنى.
باغۋەنلەر ئاسراپ
ئۆستۈرگەن ئۇنى.

دۇم - دۇم - دۇم
مەن ئەمدى بىلدىم.
باغچا قوينىدا
شادلىنىپ كۈلدۈم.

چەمەنگۈل ئاۋۇت

## ئۈچ شېئىر

### سەبىيلىكىم يوقالماس، لېكىن...

يۈرىكىمدىن ئىزدەيدۇ ماكان
قىسمەتلەرنىڭ يېشىنلىق كۆزى.
ئۇۋا ياساپ بولار ئاۋارە
هاياتلىقنىڭ پاناهسىز سۆزى.

ساراسىمگە چۈشكەن ئويلىرىم
مۆكۈپ ياتار تىنىقلىرىمدا.
بالىلىقىم يۈرەر يۇمۇلاپ
كۈلۈشلىرىم، قىلىقلىرىمدا.

قانلىرىمدا ئاهاڭسىز شاۋقۇن
ئۆكسۈپ، ئۆكسۈپ ئالىدۇ نەپەس.
سەبىيلىكىم يوقالماس، لېكىن
زەر قۇياشنىڭ كۆزلىرى ئەلەس.

### سۆيەلمىدىم، سۆيەلمىدىڭ هەم

كۈلەلمىدىم، كۈلەلمىدىڭ هەم،
يورۇشمىز شۇ قەدەر غەمكىن.
خىيالىمىز تېپىرلايدۇ گاه
بوشلۇقلارغا تىكىلىپ تەمكىن.

بىلەلمىدىم، بىلەلمىدىڭ هەم،
سۆزۈك هېسلار بوپكەتتى سەرسان.
مەغرۇرلۇقتىن تۆرەلگەن كۈيلەر
كۆز يېشىدىن سۈزۈشتى ئارمان.

سۆيەلمىدىم، سۆيەلمىدىڭ هەم،
يۈرىكىمدەك ئەي پاك پەرىشتە.
تىنىقىڭدەك ئوتلۇق ئەقىدەم
چۈشلىرىنى ئىزلەر ئەرشتە...

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## ئېھ، مېنىڭ كۆلگۈنچەك بىچارە سۆيگۈم

قەدىمىي خىيالىم ياتار سوزۇلۇپ،
ئاھ، دەردلىك ھىجراننىڭ خارابىسىدە.
يوقالغان بەختىمنىڭ غەمكىن سايىسى
كۆي قاتار ھاياتنىڭ ساپايىسىگە.

قىبلىگە يۈزلىنىپ قالغان يۈرىكىم،
تەگرىدىن ساخاۋەت كۈتمەيدۇ بىراق.
قىسمەتنىڭ قولىدىن قاچقان تىلىكىم،
بىر ساگا يېقىنۇ تەگرىدىن يىراق.

ئېھ، مېنىڭ كۆلگۈنچەك بىچارە سۆيگۈم،
مەن ھايات بولسامۇ قالمايسەن يېتىم.
رازىمەن سېنىڭدىن ھايات چېغىمدا،
ئۆمرۈمدە ياش تۆكمەي كۆلسەڭ بىر قېتىم.

گۈلئەنبەر يۈسۈپ

## تۇيغۇلار پەرۋازى چۈشلەردە ئايان

### دېرىزە لىرىكىسى

خىيالچان كۆزلەرنىڭ ئىزنالىرى بار
پىنھان بىر تۇيغۇدا ساماغا باققان.
بار يەنە شامالنىڭ پەپىلەشلىرى،
نىگارنىڭ قولىدەك يۈرەككە ياققان.

سېنىڭدە گۈپۈلدەپ سوقۇشلىرى بار
رىتىمى بۇزۇلغان ئاتەش يۈرەكنىڭ.
مەڭگۈلۈك نەقىش بوپ كەتتى قانچىسى
چىن دىلدىن ئۇرغۇغان ئىزگۈ تىلەكنىڭ.

شوخ كۈيلەر پۈتۈلەر ئەينەكلىرىڭگە،
يىراقتىن ئاڭلانسا سۆيگۈ ناخشىسى.
ئاچار قىز قەلبىنى ئاچقاندەك سېنى،
نۇرلارغا چۆمۈلگەن ئايدەك ئاخشىمى.

### تۇيغۇلار پەرۋازى چۈشلەردە ئايان

ئىسمىڭدەك يېقىملىق ئاي كۆلگەن ئاخشام،
چۈنكى بىز ئايدىڭدا ماڭغان يانمۇ يان.

كۆزلەردىن چاقنىغان ئالتۇن ئۇچقۇنلار
بىر ئىزگۈ تۇيغۇنى قىلغانتى بايان.

ئۆتكەنتۇق ئەجەب - ھە، يېقىن ۋە سىرداش،
غۇبارسىز سۆيگۈنى تۇتۇپ بىز پىنھان.
جۇدالىق تۈنلىرى كېتىدۇ يورۇپ،
شۇ خۇشال كۈنلەرنى ئەسلىسەم ھامان.

بېغىشلار چەكسىز روھ، بولار مەدەتكار
ئەقىدە، ئارمانغا تولغان خەتلىرىڭ.
سېغىنغان چاغلىرىم - شەنبە كەچلىرى
ئېچىلار سەن ئۈچۈن سۆيگۈ بەتلىرىم.

ئىسمىڭدەك يېقىملىق ئاي كۆلگەن ئاخشام،
چۈنكى بىز ئايدىڭدا ماڭغان يانمۇ يان.
ئۇرساقمۇ يىراقتا، روھلار ئايرىلماس،
تۇيغۇلار پەرۋازى چۈشلەردە ئايان.

### سىرداش تۇيغۇلار

زېمىن كۈلۈپ ياتىدۇ
ئاپئاق نۇرغا بۆلىنىپ.

قىز باقىدۇ ساماغا
خىياللارغا چۆمۈلۈپ.

قىز دېرىزە تۈۋىدە
تۇرار شۇنداق روھلىنىپ.
سىرلىرىنى ئېيتىدۇ
مەجنۇنتالدەك تولغىنىپ.

جەۋلان ئەيلەر سامادا
خىيال قۇشى پەرۋازى.
قىز قەلبىنى تىترەتكەن،
تونۇش ناخشا ئاۋازى.

## سېنىڭ خېتىڭ

دۈشەنبە، سەيشەنبە... كېلەر ھەم شەنبە،
ئاھ! كۈنلەر ئاشۇنداق ئۆتۈشەر تېزلا.
ھەر كۈننىڭ ئورنى بار قەلبىم بېتىدە،
ئۆچمەس ۋە ئۇنتۇلماس ئۇندىكى ئىزلار.

تۈنلەرنىڭ قوينىدا ھېسلىرىم ئويغاق،
بەختىمدەك يۈز ئاچار ھەر بىر يورۇق تاڭ.
ۋۇجۇدۇم روھلىنار، سېنىڭ خەتلىرىڭ
پۈتكەچكە كۆيۈمگە لىرىك بىر ئاھاڭ.

## قار ياغار، كۆزۈم يولۇڭغا باقار

كۆكلەمنى بېزىگەن چېچەكلەر كەبى،
ئانا يەر باغرىغا تۆكۈلەر ئاق قار.
ۋۇجۇدۇم روھلىنىپ، ئاتەش كۆزلىرىم
بىر ئارزۇ ئىلكىدە يولۇڭغا باقار.

دېرىزە تۈۋىدە تۇرىمەن ھامان،
ھوردالغان ئەينەكتىن ئېرەر نەقىش - گۈل.
يۈرگەندەك قۇشقاچلار ئورمانلار ئارا،
ئۇچىدۇ ھېسلىرىم، كۈلىدۇ كۆڭۈل...

يادىمدا، ھېلىقى يامغۇرلۇق سەھەر،
(يېشىلگەن ئاشۇ كۈن دىللاردىكى سىر.)
كەلگەنىدە سەن ئەيلەپ قەلبىڭنى ئىزھار،
ياشلىرىم تۆكۈلگەن بوپ گويا شېئىر.

سامادىن تۆكۈلەر كۈمۈش قەترىلەر،
بىر ئىزگۇ ناخشىدۇر غىچىرلىغان قار.
زېھنىمنى ئوغرىلاپ تۇرار ھەر شەپە،
ئۈمىدتە كۆزلىرىم يولۇڭغا باقار.

## ئۈزۈك تۇيغۇلار

پاك دۇنياغا ئىنتىلدىم چەكسىز،
چىن كۆزۈمدە بېقىپ يېنىشلاپ،
بىراق
رەزىللىكنى كۆرمەسكە سېلىپ
ئۆتۈپ كەتتىم، كۆزەينەك تاقاپ.
سۈكۈت قالدى يىللار بويىندا،
روھىم ئارا كېزىدۇ ئازاب!
ئاھ...
نا پاكلىقتا چۆكسەم مەن ئەگەر
چىقارمەنمۇ؟
ۋۇجۇدۇمنى قايتىدىن ياساپ!؟

ئابدۇكېرىم ئابدۇمىجىت دولانى

## يۈرەك ساداسى

(بىر پېشقەدەم مۇئەللىم تىلىدىن)

مەن غايىبتىن بەخت ئىزدەپ يۈرمەيمەن،
بەخت دېگەن شىجائەتتە، مېھنەتتە.
ھېچكىمدىنمۇ سورىمايمەن پارلاقلىق،
شولا دېگەن مۇھەببەتتە، ھىممەتتە.

يىڭنە بىلەن قۇدۇق قازدىم ھەر دائىم،
كۆز ئالدىمدا كۈلۈپ كەتتى ھېكمەتلەر.
خىلمۇ خىلدۇر دۇنيادىكى مىزانلار،
كۈمۈش تەردە يۈز ئاچىدۇ قىممەتلەر.

مېنىڭ يېشىم باردى بۇ يىل بىر يەرگە،
ئۆتتى مانا ئالاي باھار، ئالاي قىش.
تەربىيىلىدىم ئالىم، شائىر، ئۇچقۇچى،
يەنىلا ياش قەلبىمدىكى ئىنتىلىش.
بىلىڭلاركى ئەمگەك بەخش ئېتىدۇ،
ئادەملەرگە ھۆرلۈك، شادلىق، كۈلكىنى.
بولۇپ قالماس شۇندا روھى تىلەمچى،
پاناھىم دەپ «ساخاۋەتچى» تۈلكىنى.
بۇ دۇنيادا ياشاشنىڭمۇ يولى بار،
بولۇپ خالىس، غۇرۇرى پاك ۋە ھالال.
ئاجىزلارنى كۆرسە يۆلەش ياخشىلىق،
كۆچتۈگۈرلەر ئالدىدىمۇ بولماي دال.
دېمەك كىمدە بىلىم بولسا قۇدرەتلىك،
ئوخشىماس ئۇ شامال سوققان بۇلۇتقا.
بولسا ھەر كىم ئەقىللىق ۋە جۈرئەتلىك،
يۆكلەر ئىجاد يۆكلىرىنى مىنۇتقا.

مەنمۇ يەنە كۈيلەپ ئانا ئېلىمنى،
بېغىشلايمەن ئاڭا ھەتتا جېنىمنى.
ئۇ ئۆستۈرۈپ قوشقان مېنى قاتارغا،
ئۇ ئۆگەتكەن ماڭا بارلىق بىلىمنى.
ئالغاچقا مەن ئۆز ئېلىمدىن ئۆرنەكنى،
ئوخشاپ كېتەر خۇيۇم ئۇنىڭ خۇيىغا.
قەدەملىرىم قەدىمىگە تەكشى ماس،
ئويلىرىممۇ چىرماش ئۇنىڭ ئويىغا.
بوغۇنلارنىڭ دىل قەسرىگە نۇر تۆكۈپ،
ئاقارتىشىلا مېنىڭ بۇرچۇم بىر ئۆمۈر.
ئىسسىتىدۇ ئەتراپىمنى كۆل بولۇپ،
جىسمى بىلەن كۆيۈپ-كۆيۈپ تاشكۆمۈر.
ئاپئاق بورمۇ خەت چىقىرىپ دوسكىغا،
ئۇۋۇلغانچە توزۇپ تۆگەپ كېتىدۇ.
ئەجرىم مېنىڭ ئاشۇ كۆمۈر-بور كەبى،
ئەلنى رازى قىلسا ماڭا يېتىدۇ.

ئابەبەكرى توختى

# ئىككى شېئىر

## يىللار

بىر-بىرىنى قوغلىشىپ كېتەر ئىكەن بۇ يىللار،
مىسلى كۆكتىن ساقىغان ھۆكەر ئىكەن بۇ يىللار.
كۆن قىسىنىپ مۆكۈنگەن قامىتىڭنى مۆكچەيتىپ①
مەنزىلىگە بەكمۇ تېز يېتەر ئىكەن بۇ يىللار.
پورەك بولۇپ قات يېرىپ، چېچەكلىگەن ئۆمرۈڭنىڭ
ۋارىقىغا باقىيلىق پۈتەر ئىكەن بۇ يىللار.
ھالال تەرىڭ-ئەجرىڭگە بەرسە قوشلاپ مۇكاپات،
گەر مىشچانسەن يۈزۈڭنى تۆكەر ئىكەن بۇ يىللار.
دەركەن كۆكتە پەرۋاز قىل يوق پەرۋازىنىڭ پايانى،
سەندىن يېڭى تىلەكلەر كۈتەر ئىكەن بۇ يىللار.

① بۇ مىسرا ئوسمانجان ساۋۇتقا تەقلىد.

چۈشەنمىسەك يىللارنىڭ ھېممىتىنى غاپىل بوپ،
بار ئىناۋەت، ئەپتىڭنى سۆكەر ئىكەن بۇ يىللار.
ئادەم بولساڭ ئاددەمدەك ياشا چەكلىك ئۆمرۈڭدە،
ئارمانىڭغا دەل كەلمەي ئۆتەر ئىكەن بۇ يىللار.
تىرىش - تىرماش ئىجاد قىل ئانا ۋەتەن ئەل ئۈچۈن،
ئىجاد بىلەن بەسلىشىپ يىتۇر ئىكەن بۇ يىللار.
بىلسەڭ ئىجاد، تۆھپىكار غالىپ مەڭگۈ يىللاردىن،
ئىجاد قىلماق ساڭا تىز پۈكەر ئىكەن بۇ يىللار.

## يۇرتۇم

قارايمەن زوقلىنىپ ھەرئان نۇرانە گۈل سىياقىڭغا،
دىلىم ئەسرار بولۇر يۇرتۇم مۇھەببەت - ئىشتىياقىڭغا.
ئەكەلسە گۈل ھىدىڭنى باغلىرىڭدىن لالە بۇيىيەللەر،
كۆڭۈل ئىستەكلىرىم قايناپ ياسار قاينام بۇلاقىڭدا.
شەرقىنىڭ بىر گۈلى يەڭلىغ ئېچىپ لەۋ ناز - جۇلا قىلساڭ،
قىسىپ ئالغۇم كېلەر شۇ دەم سېنى گۈل دەپ قۇلاقىمغا.
قۇياش سۆيسە زىناقىڭنى بېرىپ تاتلىق لېۋىدن كۈلكە،
ئاشۇ سۇبھىي ئارا بىر خىل بولۇپ قونسام زىناقىڭغا.
ئەگەر مەن ئايلىنىپ چىقسام جىمى ئەقلىم بازارىنى،
تېپىلماس سەن كەبى رۇخسار بېرىپ مەلھەم پىراقىمغا.
شاراپەت تاپمىغاي ئۆمرۈم سېنىڭ مېھرى ئىشقىڭسىز،
كۆزۈم يۇمسام قالار چېھرىڭ قېتىپ مەڭگۈ قاراقىمدا.

قەييۇم تۇردى

## شۈكۈر يالقىن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقىغا، ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ 60 يىللىقىغا مۇبارەك

يولداشلار، دوستلار:

بۈگۈن بۇ يەردە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئۆزبېك ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە «بۇلاق» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى بىرلىكتە ھۆرمەتلىك ئەدەبىيات پېشىۋاسى، تالانتلىق دراماتورگ، شائىر شۈكۈر ئاكا تۇغۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقىنى، ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ 60 يىللىقىنى تەنتەنە ئىچىدە مۇبارەكلىمەكتىمىز. بۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادكارلىرى ئۈچۈن كاتتا توي، زور خۇشاللىق ۋەقە، چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە خاتىرە كۈن.

مەن بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، يازغۇچىلار جەمئىيىتى ھەمدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى نامىدىن شۈكۈر ئاكا تۇغۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقىنى، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى تەبرىكلەيمەن، شۈكۈر ئاكىغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈرىمەن!

يولداشلار:

تالانت موھتاج بولغان ۋە ئىزدىنىدىغان ئالدىنقى ھەم ئاخىرقى بىر شەرت ئىنساننى، ئىنسان تۇرمۇشىنى ۋە تۇرمۇش ئىچىدىكى ھەقىقەتنى قىزغىن سۆيۈشتىن ئىبارەت. يازغۇچى ئۈچۈن ئۇمىدۋارلىق، ئۆز-ئۆزىگە ئىشەنچ ۋە ئۆز خەلقى، زامانداشلىرى بىلەن تەقدىرداش بولۇپ ئۆتۈش — ئەدەبىي ئىجادىيەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئاچقۇچى ۋە ئاساسى. شۇ ۋەجىدىن يازغۇچىنىڭ يولى ئەزەلدىن تۈپتۈز بولغان ئەمەس. شۇ مەنىدە تۇرمۇش قىسمەتلىرى، ھايات دولقۇنلىرى كۆپىنچە ھەقىقەتكە ئىنتىلگەن يازغۇچىنىڭ ئىزدىنىش ۋە ئىجادىيىتىدە مۇنبەت تۇپراق بولالىغانلىقىمۇ پاكىت.

شۈكۈر ئاكا ھاياتىنىڭ خېلى بىر قىسمى ئەنە شۇنداق دەۋر، ھايات دولقۇنلىرى ئىچىدە ئانچە تەكشى بولمىغان ئۇزاق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ مول ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئاشۇ يىللارنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى ۋە ئەينىكى بولۇپ قالدى. بۇ، شىنجاڭ ئەدەبىياتىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى، ئەلۋەتتە.

شۈكۈر يالقۇن 1917-يىلى 11-ئاينىڭ 8-كۈنى تاشكەنتتە مەرىپەتپەرۋەر

ئۆزبېك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. تاشكەنت ھەمدە قازاقىستاننىڭ ئاقمۇلا شەھەرلىرىدە بىلىم ئالغان، موسكۋا پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن. 30-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭدا ئولتۇراقلىشىپ، قەشقەر، ئىلى، چۆچەك، ئۈرۈمچى شەھەرلىرىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش، ئىلىم-بىلىم تارقىتىش بىلەن مەشغۇل بولغان. ئۇ ئەينى يىللاردا سانسىزلىغان بىلىمخۇمار، يېڭىلىققا ئىنتىلگۈچى ئۇيغۇر، ئۆزبېك ۋە باشقا مىللەت ياشلىرىنىڭ يېقىن دوستى، سۆيۈملۈك ئۇستازى ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇكۇر ئاكا يەنە پىشقان بىر ئەدىب سۈپىتىدە 30-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ قەلەمدىن تەپەككۇر ئۇنچە-مەرۋايىتلىرىنى تامغۇزۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. 60 يىل مابەينىدە ئۇ ئەدەبىيات گۈلزارلىقىمىزغا ئۆتكۈر پىكىرلىك، ئاجايىپ يۇمۇرلۇق سانسىز ئېسىل گۈل دەستىلىرىنى؛ خىلمۇ-خىل خاراكتېر، ئوبرازلار يارىتىلغان نۇرغۇن تەسىرلىك ھېكايىلارنى؛ تۇرمۇش چىنلىقى ۋە مەنىلىك تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىغا تويۇنغان 19 پارچە سەھنە ئەسىرىنى، كۆپلىگەن ئىلمىي-نەزەرىيىۋى تەتقىقات ماقالىلىرىنى ۋە «نەسىرىدىن ئەپەندى» ناملىق كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى تەقدىم قىلىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر، ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى ۋە مۇناسىپ تۆھپە قوشتى.

كۆپچىلىككە مەلۇمكى، ئەدەبىياتنىڭ ۋەزىپىسى يالغۇز جەمئىيەت ياكى بىر قاتلام كىشىلەر ئىچىدىن «ئۇنچە-مەرۋايىت سۆزلەۋېلىش» لا ئەمەس، ئەلۋەتتە. بەلكى تۇرمۇشنى ئۇنىڭ ئەسلى قىياپىتى بويىچە چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەش-ئىپادىلەشتىن ئىبارەت. چىنلىق — ئەدەبىياتنىڭ جېنى. بىز دەۋاتقان تۇرمۇش چىنلىقى تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرىپى — ياخشىلىق ۋە يامانلىق، گۈزەللىك ۋە رەزىللىكتىن ئىبارەت، يەنى دانىشمەنلىرىمىز ئېيتقاندەك، رەزىللىك گۈزەللىكنىڭ يېنىدىلا بولىدۇ، قەبىھلىك كۆپىنچە ئالىيجانابلىقنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بەدىئىي چىنلىق مانا مۇشۇنداق تۇرمۇش چىنلىقىنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت.

بىز شۇكۇر ئاكا ئىجادىيىتىگە ئەتراپلىق نەزەر تاشلايدىغان ۋە ئۇنى مۇھاكىمە قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، مەيلى پوئېزىيە، مەيلى پروزا ۋە مەيلى دراما ئىجادىيىتىدە بولسۇن، ئۇنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ مانا مۇشۇ تۈپ قانۇنىيىتى ۋە ئېستېتىك پرىنسىپلىرىغا ئىزچىل سادىق بولۇپ كەلگەنلىكىنى؛ مەردلىك، ئالىيجانابلىق، گۈزەللىكنى يۈكسەك بەدىئىي دىت كامالىتىدە نۇرلاندۇرۇپ، نامەردلىك، پەسكەشلىك ۋە رەزىللىكلەرنى رەھىمسىز قامچىلاپ، مەسخىرە قىلىپ، تۇرمۇش چىنلىقىنى يورۇتۇشتا ئۆزىگە خاس پەللە ياراتقانلىقىنى كۆرىمىز، يەنى تۇرمۇش مۇھىتىدىكى رېئال رەزىللىك سەنئەتكار قەلبىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، تىپىكلەشتۈرۈشى ئارقىلىق يەنە بىر خىل گۈزەللىككە، رەزىللىككە زەربە بېرىدىغان غايەت زور بەدىئىي كۈچكە ئايلانغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

شۇكۇر ئاكا ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ھەممە تۈر-ژانىرلىرى بىلەن دېگۈدەك شۇغۇللاندى، مەلۇم تەسىرگە ئىگە بەلگىلىك ئۇسلۇب ياراتتى. لېكىن دراما ئىجادىيىتى

ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە سالماقلىق ئورۇن تۇتىدۇ. بەلكى ئۇ، تېما، مەزمۇن، ئىپادىلەش، كۆلەم، چوڭقۇرلۇق ۋە ئۇسلۇب جەھەتلەردە بىر قەدەر ئۆزگىچىلىككە ئىگە. شۇڭلا ئۇنى شىنجاڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر-ئۆزبېك دراممىچىلىقىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى دەپ ئاتاشقا تامامەن ھەقلىقمىز. بۇ يەردە ئۇنىڭ «شاگىنەي كېچىسى»، «ۋەتەن نومۇسى ئۈچۈن» قاتارلىق دراممىلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. قىزغىن ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا يېزىلغان بۇ سەھنە ئەسەرلىرى ئەينى يىللاردا شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان ئەدەبىيات پېشۋاسى ماۋدۇن ئەپەندىنىڭ ئالاھىدە قىزىقىشى ۋە سەمىمىي ماختىشىغا سازاۋەر بولغانىدى. بۇنى 40-يىللار شىنجاڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدە ئېچىلغان بىر گۈزەل سەھىپە دېيىش مۇمكىن.

يولداشلار، دوستلار:

بىز-بۈگۈن شۈكۈر ئاكا تۇغۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلىگەن، ئىجادىيىتىنىڭ 60 يىللىقىنى مۇبارەكلەۋاتقان چېغىمىزدا، شۈكۈر ئاكىنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتنى بىر ئۆمۈر قىزغىن سۆيۈش ۋە ئۇنى قەدىرلەش؛ خەلق بىلەن، تۇرمۇش بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاش؛ ئەدەبىياتنىڭ چىنلىق، خەلقچىللىقتىن ئىبارەت مۇقەددەس پرىنسىپىغا سادىق بولۇش؛ بەدىئىي ئىجادىيەتتە قەدەممۇ قەدەم يۇقىرى ئۆرلەش-يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلىشتىن ئىبارەت قىممەتلىك ئىجادىيەت پوزىتسىيىسى، ئېسىل روھىنى ئۆگىنىشىمىز، ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىمىز لازىم.

ھازىر ئېلىمىزدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولماقتا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش دولقۇنى كۈچەيمەكتە. نۆۋەتتە ئەدەبىيات-سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش — ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئالدىدا تۇرغان تەخىرسىز بىر مۇھىم ۋەزىپە. بىز جەزمەن 14-قۇرۇلتاي ھۆججەتلىرىنىڭ روھىنى ئوبدان ئۆگىنىپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، نۇقتىئىنەزەرنى يېڭىلاپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيەت كۈچلىرىنىڭ پۇت-قولىنى بوغۇپ كەلگەن ھەرخىل، ھەر رەڭدىكى «سول» چىللىقنىڭ قالدۇق تەسىرلىرىنى تازىلاپ، پۈتلىكاشاڭ-توسقۇنلۇقلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىم بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، زامانىمىز قەھرىمانلىرى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش باتۇرلىرىنىڭ پارلاق ئوبرازى نۇرلاندۇرۇلغان تېخىمۇ ياخشى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يارىتىشىمىز، شۇ ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلىشىمىز لازىم.

مەن سۆزۈمنى دانىشمەنلىرىمىزنىڭ «قېرىلىق بىخۇدلار ئۈچۈن ئېغىر يۈك، جاھىللار ئۈچۈن قىش-زىمىستان، ئەمما ئىلىم-بىلىم ئەھلى ئۈچۈن مول ھوسۇل ئېلىش دەۋرىدۇر» دېگەن سۆزى بىلەن تۈگىتىمەن. شۈكۈر ئاكىنىڭ ئىجادىيىتى تۈۋى قۇرۇماس بۇلاقتەك بۇلدۇقلاۋەرسۇن، تېنى سالامەت، ئۆمرى ئۇزۇن، تۇرمۇشى بەختلىك بولسۇن.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئابدۇۋەلى كېرىم

# تونۇش بولغان ناتونۇش ئادەملەر

ھەرقانداق بەدىئىي ئەسەر رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، يەنە شۇ رېئاللىققا قايتا نۇر چاچالىغاندىلا، ئاندىن كىتابخانلارغا ئېستېتىك زوق بېغىشلاپ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇناسىپ ئەكس سادا پەيدا قىلالايدۇ.

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىدا ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنغان «ساراڭ»، «بۇرۇت ماجىراسى»، «مۇساپىرلار قاۋىقىدا»، «قىرلىق ئىستاكان» قاتارلىق ھېكايىلىرى كىتابخانلار ئارىسىدا ئەنە شۇنداق يېڭى ئەكس سادا پەيدا قىلغان ياخشى ئەسەرلەردۇر. كىتابخانلار بۇ ھېكايىلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ھەرخىل سورۇنلاردا بۇ ھېكايىلار ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىشماقتا، ھېكايە پېرسوناژلىرىنىڭ قىزىق ۋە غەلىتە كەچۈرمىشلىرىدىن ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشۈپ، ئاپتورنىڭ تالانتىغا ئاپىرىن ئوقۇشماقتا.

ئاپتور بۇ ھېكايىلىرىدا 80 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ جەمئىيىتىمىزدە بارلىققا كەلگەن چوڭ - چوڭ ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا يېتىشىپ چىققان قەھرىمانلارنىڭ ئىش پائالىيەتلىرىنى ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ئاددىي كىشىلەرنىڭ ناھايىتى ئادەتتىكىچە بولغان ئۇششاق - چۈششەك سەرگۈزەشتىلىرىنى تەسۋىرلىگەن بولسىمۇ، كىتابخانلارغا ئېستېتىك زوق بېرىش ئىقتىدارى جەھەتتىن يۇقىرى ئۈنۈم ھاسىل قىلغان، دېيىشكە بولىدۇ.

نۇرغۇنلىغان كىتابخانلار بۇ ئەسەرلەرگە يۇقىرى باھا بېرىپ، بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ داۋاملىق ئېلان قىلىنىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان بولسا، بەزى كىشىلەر بۇ ھېكايىلاردىن ئۆز قىياپەت، خاراكتېرلىرىنىڭ ئەكسىنى كۆردى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر قاچان بىزمۇ يۇقىرىدىكىلەرگە ئوخشاش ساتىرىك كۈلكە ئاستىدىكى مەسخىرە ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالىمىزكىن، دېگەندەك ئەندىشىگىمۇ چۈشۈپ قېلىشتى. بۇ ھېكايىلار بىۋاستە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ھەققىدە ئېغىز ئاچماي تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدىكى كىشىلەرنىڭ ئوخشىمىغان پوزىتسىيە، ئوخشىمىغان ئىش - ھەرىكەت، ئوخشىمىغان روھىي ھالەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دەۋا روھىنى روشەن ئىپادىلەپ بەردى.

ئاپتور ئادەتتىكى تۇرمۇش ھادىسىلىرى ئىچىدە چەكلىنىپ قالماي، قاناتلانغان تەسەۋۋۇرى بىلەن دادىل توقۇلما قىلىش ئارقىلىق بىر سەنئەتكارغا خاس دىت ۋە ماھارەت بىلەن كىشىلەرنى مەپتۇن قىلىدىغان سىرلىق ۋە كومېدىيىلىك يېڭى بىر دۇنيا ياراتقان. تەسەۋۋۇر ۋە توقۇلما پروزا ئىجادكارلىرى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ئىجادىي ئىقتىدار ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر پروزا ئىجادكارلىرى ئۆزىدە بۇنداق ئىقتىدارنى تولۇق ھازىرلىمىسا، ئۇ يازغان، يېزىۋاتقان تۇرمۇش ھادىسىلىرى كىشىلەرنى مەپتۇن قىلىدىغان ئىككىنچى رېئاللىققا ئايلىنالمايدۇ. شۇڭا يازغۇچىنىڭ ئىقتىدارى ئۇنىڭ قانداق ۋەقەنى تاللىيالىغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى چىنلىققا ئاساسلىنىپ قانداق توقۇلما قىلالىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

«ساراڭ» ھېكايىسىدىكى «مەن» نىڭ كۈتۈلمىگەن بىر تاسادىپىيلىق نەتىجىسىدە ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن قىزىقارلىق سەرگۈزەشتىلىرى ئەنە شۇنداق توقۇلمىنىڭ نەتىجىسى. يېڭى دەۋر كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى رېئال مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئىنتايىن تېز سۈرئەت بىلەن ئۆزگىرىشى، بولۇپمۇ كىشىلەرنىڭ پۇل ۋە مەنپەئەتكە بولغان ھېرىسمەنلىكى، ئۇلار ئادەتلەنگەن ئەنئەنىۋى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق، ئاغىنىدارچىلىق، سەمىمىي-ساداقەت، دىيانەت دېگەنگە ئوخشاش ئەقىدىلەرنى بىتچىت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان نەپسانىيەتچىلىك خاھىشلىرىنى بىراقلا ئېچىپ تاشلىدى، «مەن» يېڭى شارائىتتىكى كىشىلەرنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدە يۈز بېرىۋاتقان بۇخىل ئۆزگىرىشلەرگە يېتىشەلمەي بىرمۇنچە كاشىلىلارغا دۇچ كېلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قېلىپلاشقان ئەنئەنىۋى قاراش، ئادەتلىرى بويىچە باشقىلار بىلەن غەرەزسىز ھالدا تۈپتۈزلا مۇئامىلە قىلىدىغان بولغاچقا، كىشىلەر تەرىپىدىن «ساراڭ» دەپ ئاتىلىپ قالىدۇ. باشقىلار بىلەن ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ (ئۆزىنىڭ سەمىمىيلىكىدىنمۇ گۇمانلىنىپ)، ئۆزىنى راستىنلا «ساراڭ» دەك ھېس قىلىپ قالىدۇ. ئاپتور بۇ يەردە ھازىرقى شارائىتتا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قانچىلىك زور بولسا، سىياسىي، مەنىۋى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تېخىمۇ زور ئىكەنلىكى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەريانىدا كېلىپ چىققان ئۆتكۈر ئەمەلىي زىددىيەتلەرنى سىياسىي تۈزۈلمە ۋە ئەخلاقىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئارقىلىق مۇۋاپىق ھەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

«بۇرۇت ماجىراسى» ئەسلىدە دەۋر ئېقىمىدىن سىرتتا قالغان نامرات ئاڭ-سېزىم، قېتىپ قالغان دوگما سىياسىي قاراشنىڭ مەھسۇلى. «بۇرۇتلۇقلارنى تىزىملاش» ئارقىلىق جىنايى ئەنزىنى ئېنىقلاش 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە يۈز بەرگەن بولسا، ئۇنىڭدىن ھېچكىممۇ گۇمانلانماس ئىدى. ئەمما بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» پەيدا قىلغان شەكىلسىز مەينەتچىلىكلەر پۈتۈنلەي تازىلىنىپ كەتمىگەچكە، ئۇلار بىرەر جىددىي ئىشقا دۇچ كەلگەن ھامان بۆزلىرى ئادەتلىنىپ كەتكەن، فېئودال مۇستەبىتچىلىك ئەۋج ئالغان ئاشۇ دەۋردىكى رەزىل ۋاستىلەرنى

ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا قوللىنىپ، ھەرخىل ھەرىكەتلەردە قالايمىقان تاياق يەپ، يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ۋەھىمە قوزغايدۇ.

سىياسىي نۇقتىئىنەزەرلىرىمىز يېڭىلىنىپ، تۈرلۈك سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلە-لەرنى قانۇن - تۈزۈملەر ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈۋاتقان يېڭى تارىخىي شارائىتتا بۇرۇنقىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى چۈشۈرۈۋېتىش بىلەن ئەنزىگە چېتىلىپ قېلىشتىن خالىي بولۇش ئىستىكى قانچىلىك كۈلكىلىك بولسا، جىنايى ئەنزىلەرنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرىنى پەرق قىلماي، كىشىلەرنىڭ جىسمانىي بەلگىلىرىگە قاراپ جىنايەتنىڭ ئىز - دېرىكىنى تېپىش ئۈچۈن «بۇرۇتى بارلارنى تىزىملاش» مۇ شۇنچىلىك كۈلكىلىكتۇر. ئاپتور بۇ ھېكايىسىدا ئۆتكۈر كومېدىيىلىك كۈلكە ۋە ئاچچىق مەسخى-رىنى گىرەلەشتۈرۈپ، يۈكسەك كومېدىيىلىك تەپسىلاتلار چىنلىقىدىن ئۆتكۈر ھەجۋىي-لىككە ئىگە ئىدىيىۋى يەكۈن چىقىرىدۇ. ھېكايىدىكى بازار باشلىقىنىڭ كاللىسى ئاللىقاچان ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ كەتكەن سىياسىي قاتماللىق بىلەن تولغان. ئۇنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئۆزگىرىشلەرنى، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى يۈكسەك بۇرۇلۇشنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ كۈندە دېگۈدەك پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان ئادەتتىكى ماجىرالارغا تارىخىي ھەم سىيا-سىي تۈس بېرىپ، فېئوداللىق ئۆكتەملىك بىلەن تېرە تاراقشىتىپ ۋەھىمە پەيدا قىلىدۇ. بازارنىمۇ، ئادەملەرنىمۇ خالىغانچە سۆكۈپ - توقۇپ، ئۆز ئىرادىسىگە مۇۋاپىق بىر ئەندىزىگە سالماقچى بولىدۇ. يازغۇچى بۇ پېرسوناژ ئارقىلىق ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتەك ئالەمشۇمۇل زور ئۆزگىرىشلەرگە پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان ئەنە شۇنداق غەلىتە روھىي ھالەت، غەلىتە قىلىقلارنى جەزمەن ئۆزگەرتىپ، كىشىلەرگە ئەركىن ھەرىكەت قىلىدىغان يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ بېرىش كېرەك، بۇ پەقەت سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە قانۇن تۈزۈلمىسى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ، دېگەن پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان ئەسەرلەردە ئىككى خىل خۇسۇسىيەت تەڭ ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بىرىنچىدىن، ئۇنىڭدا ئىلغار ئىدىيىۋى خاھىش كۈچلۈك نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئىدىيىۋى خاھىش مۇقەررەر ھالدا ۋەقەلىك ھەم پېرسوناژلار خاراكتېرى ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ۋە ئېستېتىك قىممىتى دەل مۇشۇ ئىككى خىسلەت ئارقىلىق خاراكتېرلىنىدۇ.

پېرسوناژ — كىتابخانلارنى جەلىپ قىلىدىغان ئاساسىي ئامىل. گەرچە يازغۇچىنىڭ پېرسوناژ خاراكتېرىنى يارىتىشى ئاساسىي ئىدىيىۋى خاھىشىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە بولسىمۇ، پېرسوناژ خاراكتېرى تۇراقلاشتۇرۇلغان ھامان ئۇ ئالاھىدە خاراكتېر مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن بولغان قانۇنىيەت ئىچىدە ھايات كەچۈرىدۇ، ئالاھىدە بىر تەقدىر-نىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. چۈنكى يازغۇچى بۇ ۋاقىتتا ئۆز پېرسوناژىنى ئۆز ئىدىيىۋى خاھىشىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ھەرىكەت قىلدۇرىدىغان قىلىپ قويالمايدۇ، بەلكى پېرسوناژ-نىڭ ئۆز خاراكتېر - مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن بولغان سەرگۈزەشت ئىچىدە ھەرىكەت

www.uyghurkitap.com

قىلىشىغا، ساقلانغىلى بولمايدىغان مۇقەررەرلىك ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا يول قويىدۇ. «مۇساپىرلار قاۋىقى» دىكى «شامىل»، «قىرلىق ئىستاكان» دىكى ئۆتكۈر ئاغىنە ئەنە شۇنداق تەبىئىي يارىتىلغان پېرسوناژلاردۇر. بىز ئەگەر بۇ پېرسوناژلارنىڭ ئىزىدىن قوغلىشىپ، ھېكايە سيۇژېتىنىڭ يېشىمىگىچە بىللە ماڭساق، ئۇلار بىزنى سيۇژېتنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە تەبىئىي ئىزچىللاشقان ئاجايىپ قىزىق، كومېدىيىلىك ھايات كۆرۈنۈشلىرىگە باشلاپ بارىدۇ.

ئاپتور كۈلكىلىك كومېدىيە ئارقىلىق تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى يورۇتۇۋېتىپ، بۇ ھادىسىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىدىن ساتىرىك يەكۈن چىقىرىدۇ. كومېدىيىلىك ۋەقەلەردىن ساتىرىك مەسخىرىگە ئۆتۈش، ساتىرىك مەسخىرىدىن جىددىي ۋە ئۆتكۈر تەشەببۇسلارغا ئۆتۈپ، ئۇنى مۇئەييەن ئىدىيىۋى چوڭقۇرلۇق ئارقىلىق يېشىپ بېرە-لەيدىغان بولۇش يازغۇچىدىن تېخىمۇ يۇقىرى قابىلىيەت تەلەپ قىلىدۇ.

«بۇرۇتى بارلارنىڭ يېنىدا چوقۇم پىچىقى بولىماي قالمايدۇ... ئەجەب بۇرۇتىمۇ ئەمەس، كېيىنمۇ ئەمەس، دەل بىز بۇرۇتلۇقلارنى تىزىملاۋاتقان چاغدا سىزنىڭ بۇرۇ-تىڭىزنى قىردۇرۇۋېتىش خىيالىڭىزغا كەپقاپتۇ - ھە؟ ئىش ئۇنداق ئاددىي ئەمەس... ئارىمىزدا يەنە شۇنداق پىچاقچىلار باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئۇلارنى بىرەر پالاكەت تېرىمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ! ؟ قايتىپ بېرىپ بۇرۇتىڭىزنى قاچان قويغانلىقىڭىزنى، نېمە سەۋەبتىن چۈشۈرۈۋەتكەنلىكىڭىزنى، بۇرۇتىڭىزنىڭ شەكلىنى... ئەتىدىن قالدۇرماي بىزگە يېزىپ بېرىڭ!»

«قۇلاق سالسام تالادا بىرى تاراقشىغاندەك قىلىپ قالدى. بۇ ئاغىنىلەر ھويلىغا چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ چىقسام ئېرىقى پېشايىۋاندا بىرى شارقىرىتىپ بىر نېمە تۆكۈۋاتىدۇ. مەن سىلەرنىڭ بىرىڭلار بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ بېرىپ قوپە ۋاي، قۇسۇۋېرەمسەن! دەپ گەجگىسىدىن تۇتۇپ تارتىپتىمەن. قارىسام دادام. بايا ئۇ بامداتقا تەرەت ئېلىپ، ئاغزىنى چايقاپ غار - غار قىلىۋاتقانىكەن...»

«ئۇلار دۇكاننىڭ ئالدىدا پاراڭلىشىپ تۇرۇپتۇ. تۇيۇقسىز تۇرسۇن تېكە شاگىرت باللارنىڭ تاقىقا - تۇققا، جاڭ - جۇڭ قىلغان بولقا ئاۋازلىرىغا كەلتۈرۈپ شۇنداق بىر ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇكى، زادىلا توختىتىۋالغىلى بولماپتۇ. يىلاندەك تولغىنىپ، تېكىدەك سەكرەپ، باخشىدەك چۆگىلەپ، بېشىچە تىك تۇرۇپ، دۈمبىسىدە پىرقىراپ بىردەم-دىلا ھەممە ئادەمنى يىغىۋاپتۇ.»

«— نېمە ئادەمسەن؟ نەدە ئىشلەيسەن؟ — دەپ سورىدى.

— سارائكەمەن! — دېدىم.

شۇنداق دېگىنىمنىلا بىلىمەن. ھېلىقىلار ئۈستى - ئۈستىگە دۈمبالاپ كېتەتتى. ئۇقسام ھېلىقى ۋىجىك ساقچى باشلىقى ئوخشايدۇ. ساقچىلارنىڭ جۇغى كىچىكلەرنى باشلىق قىلىپ، يوغانلىرىنى ئۇرىدىغانغا قويىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي! ؟...»

ئاپتور مۇشۇنداق ھەجۋىي تۈس ئالغان تەپسىلاتلار تەسۋىرى ئارقىلىق بىر تەرەپتىن، رېئاللىقنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىش مەقسىتىگە يەتكەن

بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مەۋجۇت رېئال مۇناسىۋەتلەرگە باھا بېرىش ئىستىكىنى قالدۇرغان.

ئىجادىيەت يېڭىلىق يارىتىش دېمەكتۇر. بۇ ھېكايىلار مەزمۇن جەھەتتىنمۇ، شەكىل جەھەتتىنمۇ يېڭىچە بىر خىل ئىزدىنىشنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە بۈگۈنكى دەۋر ھېكايە يېزىقچىلىقىمىزدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتۇشقا ھەقلىق. پىروزا ئىجادىيىتىمىز يېقىنقى يىللاردىن بېرى نوقۇل مەدھىيىۋازلىقتىن كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىزدىنىشكە قاراپ يۈزلەندى. كۆپلىگەن يازغۇچىلىرىمىز ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق ھەرقايسى ساھەلەردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئىپادىلەپ، كىشىلەرگە ئويلىشقا، ئىشلەشكە، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشكە جۈرئەت قىلىدىغان جاسارەت بېغىشلاپ، مىللەتنىڭ ئاڭ - سېزىمى، روھىي قىياپىتىدىكى ئېچىلمىغان تىڭ يەرلەرگە يورۇش قىلدى. ئۆزگىرىش، گۈللىنىش، جانلىنىش بولۇۋاتقان تەرەپلەر بىلەن تېخىچىلا بېكىنمە ھالەتتە تۇرۇۋاتقان تەرەپلەرنى سېلىشتۇرۇپ، كىتابخانلارنىڭ تاللاش ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولدى. كىشىلەر بۇنداق ئەسەرلەرگە ئالاھىدە نەزەر تاشلاپ، ئىسلاھات دەۋرىدىكى تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ تەلەپلىرى ۋە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى يېڭىچە مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە قايتىدىن ئويلىنىدىغان، ئىزدىنىدىغان بولۇشتى.

مەتتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ ھېكايىلاردا قوش قاتلاملىق پېرسوناژ خاراكتېرى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان. ئاپتور ئىپادىلەش جەھەتتە «مەن» نىڭ ئىككىنچى «مەن» بىلەن بولغان رېئال مۇناسىۋەتلىرىنى ۋاسىتە قىلىپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلىنىپ چىقىۋاتقان ھېكايىلار چاتمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. نەتىجىدە بۇ ھېكايىلاردا خاراكتېرى ئۆزگىچە بولغان ئىككىنچى قاتلامدىكى پېرسوناژلار رول ئېلىشقا باشلايدۇ. بايانچى «مەن» بىلەن ئاپتور قىياپىتىدە رول ئېلىۋاتقان ئىككىنچى «مەن» نىڭ غەلىتە مىجەز، غەلىتە تەپەككۇرلىرى بىرلىشىپ ئىنتايىن قىزىقارلىق بىر ھايات سەھىپىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ.

ئىپادىلەش جەھەتتىكى يەنە بىر ئۆزگىچىلىك مۇنتاژ ئۇسۇلىنىڭ ئىجادىي تەتبىقلىنىشىدۇر. تەپسىلات، سورۇن، كۆرۈنۈش، مۇلاھىزىلەر كومپوزىتسىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىن خۇددى كىنو، تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدەك بىر - بىرىگە زەنجىرسىمان ئۇلىنىپ، كىتابخانلارنى قىزىق كىنو ياكى تېلېۋىزىيە فىلىمى كۆرۈۋاتقان تاماشىبىنلاردەك پۈتۈنلەي مەپتۇن قىلىۋېلىپ، ھېكايە ئاخىرلاشمىغىچە ئۇنى قولدىن چۈشۈرمەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

«قىرلىق ئىستاكان» ھېكايىسىدا ناتونۇش كىشىنىڭ «قەھرىمانلىقى» بىلەن ئولتۇرۇش قىزىپ كېتىپ، قىرلىق ئىستاكاندا ھاراق ئىچىش باشلىنىپ كېتىدۇ. تۇرسۇن تېخى ئۈنئالغۇدىن چىقىۋاتقان مۇزىكىغا ئۇسسۇلغىمۇ، ساماغىمۇ، ئادىنۇشكىغىمۇ ئوخشىمايدىغان ئويۇن ئوينايدۇ. ئاخىرى ئۇلار بىر - بىرىنىڭ نەلەردە قالغانلىقىنى بىلەلمەستىن تارقىلىپ كېتىدۇ. ئىشنىڭ قىزىق يەرلىرى ئەتىسى چىقىدۇ. «مەن» كۆمۈرخانىدا ئۇخلاپ قالىدۇ. تۇرسۇن تېخى ئۆيىگە بارغۇچە ئۇسسۇل ئويناپ، داۋامىنى تاڭ ئاتقۇچە

www.uyghurkitap.com

خوتۇن - بالىلىرىغا ئۇيناپ بېرىدۇ. رەجەپ دادىسىنىڭ كەچكىسىدىن تارتىپ ئىل ئاڭلايدۇ. ئابدۇل تېرە سۆزلەپ قالىدۇ. ھېكايە يەنە ئاخىرلاشمايدۇ. بىر يىلدىن كېيىن ئۇلارنىڭ نام - شەرىپى ئاڭلانغىلى تۇرىدۇ. ئابدۇل شائىر بولۇپ، تۇرسۇن تېكە سەنئەتچى بولۇپ داڭق چىقىرىدۇ. قىسقىسى، زەنجىرسىمان ئۇلىنىپ كەتكەن بۇ ۋەقەلەر شۇنچە ماھىرلىق بىلەن مۇنتاز قىلىنغانكى، قارىماققا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان ۋەقەلەر يازغۇچى تەسەۋۋۇرىنىڭ سەنئەتكارلارچە جانلاندۇرۇشى ۋە توقۇلما قىلىشى ئارقىلىق ئىشەنمەيمۇ مۇمكىن بولمايدىغان سېھىرلىك بىر يېڭى ھايات سەھىپىسى بولۇپ، كىتابخاننىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىدۇ.

يازغۇچىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ھەربىر پېرسوناژنىڭ كەچۈرمىشلىرى بىزگە شۇنچىلىك تونۇش، شۇنچىلىك مەلۇم. ھەربىر كىتابخان بۇ پېرسوناژلار بىلەن تەكرار - تەكرار دوقۇرۇشقان. «مۇساپىرلار قاۋىقى» دىكى شامىل ئۆزىدە يوق خىسلەتلەر بىلەن ماختىنىپ، تېتىقسىز شېئىرلىرى بىلەن سورۇن ئەھلىنى سەسكەندۇرىدۇ. «ساراڭ». «بۇرۇت ماجىراسى»، «قىرلىق ئىستاكان» قاتارلىق ھېكايىلاردىكى ئاساسىي پېرسوناژلارمۇ خۇددى شۇنداق ھەم تونۇش، ھەم ناتونۇش ئادەملەرگە ئايلىنىپ، بىزنى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ، چىگىش، سىرلىق مۇناسىۋەتلەرگە، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ قىزىق ۋە سېھىرلىك قاينىملىرىغا باشلاپ، بىزنىڭ ھايات ھەققىدە، ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەر ھەققىدە قايتا تەپەككۇر قىلىپ، بايقاش، تاللاش ئىقتىدارىمىزنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولىدۇ. بۈگۈنكى تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ تەلەپلىرى بىلەن كىشىلەر مۇناسىۋىتىدىكى مۇرەككەپلىكنى يېتەرلىك يورۇتقان بۇ ھېكايىلار ياشاش يولىنى تاللىۋېلىشىمىزغا ئىلھام بېرىدۇ.

مەتتىمىن ھوشۇر ئۆزىگە خاس كۆزىتىش، تونۇش، ئۆگىنىش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە يازغۇچى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى پروزىچىلىقىمىزدىكى قېلىپلاشقان ئۇسۇللارغا خاتىمە بېرىپ، كىشىلەر ئارىسىدا زىلزىلە پەيدا قىلدى. ئۇ تونۇش، پىكىر قىلىش ئېڭى جەھەتتىمۇ باشقىلاردىن پەرقلىنىپ، كىشىلەر تېخى بايقاپ ئۈلگۈرمىگەن يېڭى بىر نۇقتىدىن بۆسۈپ چىقتى. بىز يازغۇچىنىڭ ئىجادىي ئىزدىنىشلىرىگە يەنىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمىز!

مەسئۇل مۇھەررىر بارەم ئىبراھىم

ئابدۇللا مەتقۇربان

## ياشلار ئەدەبىياتى ھەققىدە

20-ئەسىر بىلەن 21-ئەسىر ئۆزئارا كېسىشىدىغان نۇقتىغا يېقىنلىشىۋاتقان ۋاقتىمىزدا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ياشلار ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت ئالاھىدە بىر ئىجادىيەت ھادىسىسى شەكىللەندى. ياشلار ئەدەبىياتى—ياش قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ئىجادىيەتتە جاپالىق ئىزدەنگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا بىر پۈتۈن مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر قىسمى. ياشلار ئەدەبىياتى ئىسلاھات جەريانىدا ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، ئالاھىدە بىر خىل ئىجادىيەت ھادىسىسى بولۇپ شەكىللەندى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭغا ھەر خىل باھالار بېرىلدى، ھەتتا ئۇنى ئىنكار قىلىدىغان قاراشلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئەمما ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بارغانسېرى مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولۇشقا باشلىدى. ئەدەبىيات گۈلبېغىمىزنىڭ ھەممىلا يېرىدە ياشلار ئەدەبىياتى (گەرچە ھازىر مايسا ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ) ئۆزىنىڭ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچى ۋە ئۆزگىچىلىكى بىلەن كۆزگە تاشلانماقتا. ئۇ نەزەرىيە جەھەتتىن پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى تەلەپ قىلماقتا.

نەزەرىيە ساھەسىدە ياشلار ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا بىرلىككە كەلگەن كۆز قاراش بولمىغاچقا، ياشلار ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت ئىجادىيەت ھادىسىسىنى ئېتىراپ قىلىشتا بەزى ئىختىلاپلار كېلىپ چىقتى. ياشلار ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنى مەسىلىسى ئەستايىدىللىقنى، سوغۇققانلىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى بۇ مەسىلە ياشلار ئەدەبىياتىنىڭ كېلىش مەنبەسى بىلەن ئۆسۈش جەريانىغا چېتىلىدۇ.

ھازىر ئېلىمىزدە ئومۇمىيۈزلۈك قانات يېيىۋاتقان ئىسلاھات ئىقتىسادىي، سىياسىي مەسىلە بولۇش بىلەن بىللە ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تەسىرى، ئۇنۇمى ناھايىتى زور بولغان مەدەنىيەت ھەرىكىتى ھېسابلىنىدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىسلاھاتنىڭ نەتىجىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇن بولۇۋاتقان بارلىق كونا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان يېڭىچە تۈزۈلمە ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى بەرپا قىلىشتا كۆرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىي

www.uyghurkitap.com

جەھەتتىكى ئىسلاھات ناھايىتى كۈچلۈك سىياسىي خاراكتېرگە ئىگە بولدى. 20 يىل ئىلگىرى تەسەۋۋۇر قىلغىلىمۇ بولمايدىغان يېڭىلىقلار بارلىققا كېلىپ، سوتسىيالىزمنىڭ ھەقىقىي ئەۋزەللىكى نامايان بولدى. ئىقتىسادىي ئىسلاھاتقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئېلىمىز سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، چەت ئەللەردىن پايدىلىق بولغانلىكى نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئېلىمىزدە خېلى بىر مەزگىل داۋاملاشقان مەدەنىيەت بېكىنمىچىلىكى بۇزۇپ تاشلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا زور ئويغىنىش، بۇرۇلۇش ۋە يۈكسىلىش بارلىققا كەلدى. ئىسلاھاتقا توسقۇن بولۇۋاتقان كونا رامكىلار بۇزۇپ تاشلىنىپ، مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىمۇ جانلىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. جۇڭگو ئەدەبىياتىدا ئازادلىقتىن كېيىنكى چوڭ بىر گۈللىنىش ھالىتى شەكىللەندى. جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە، ئەلۋەتتە.

ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىسلاھات ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۈچلۈك مۇسابىقە ئېلان قىلدى ۋە نۇرغۇن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ مەسىلىلەرنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىسلاھاتقا قانداق ياندىشىدۇ؟ يېڭى تارىخىي شارائىتتا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆز كىتابخانلىرىغا نېمىلەرنى بېرىشى كېرەك؟ دېگەنلەرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. دەۋرنىڭ ئاشۇنداق تەقەززاسى ئالدىدا بىر تۈركۈم ياش قەلەم ئىگىلىرى كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، ئىسلاھاتنىڭ ئەدەبىياتىمىزغا ئېلان قىلغان مۇسابىقىسىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيىتى ئارقىلىق باشقىلارغا ۋە ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغانراق جاۋابلارنى بېرىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ جاۋابلىرى كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى سۆزلەر بولغاچقا، ئۇلارنى خۇشال قىلدى، سۆيۈندۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بەزى كىشىلەرنى گاڭگىرىتىپ قويدى، ھەتتا بىئارام قىلدى. مېنىڭچە، بۇ خىل بىئاراملىق ھېسسىياتىنىمۇ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ھازىر ئەدەبىياتىمىزدا مۇۋەپپەقىيەتلىك دەپ قارىلىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ خېلى بىر قىسمى ياشلارنىڭ ئىجادىيىتى ھېسابلىنىدۇ. ئەخمەتجان ئوسمان، مۇختەر مەخسۇت، ئابدۇقادىر جالالىدىن، باتۇر روزى، ئادىل تۇنىياز، ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرى، ئەختەم ئۆمەر، خالىدە ئىسرائىل، پەرھات ئىلياس، ئادالەت ھەبىبۇللا قاتارلىقلارنىڭ نەسرىي ئەسەرلىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ھازىرقى زامان رىئاللىقىدىكى مۇناسىۋەتلىرى، ئىسلاھاتنىڭ ئۇلارنىڭ قەلبىدە پەيدا قىلغان ئىنكاسى، ئۇلارنىڭ مەنىۋى كەچۈرمىشلىرى، مۇرەككەپ تۇيغۇ-ھېسسىياتلىرى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن، ئوخشاش بولمىغان كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇقلاردىن ئەكس ئەتتۈرۈلدى. چىنلىق بىلەن ساختىلىق، گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇك، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، شۇنداقلا ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىق، يېڭىلىق بىلەن كونىلىقتىن ئىبارەت قارىمۇ-قارشى تەرەپلەرنىڭ زىددىيەت ۋە كۈرەشلىرى قايناق لىرىك ھېسسىيات ئارقىلىق ئىپادىلەندى. ئەگەر مۇشۇ بىرنەچچە يىلدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بەلگىلىك گۈللىنىش

ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى دەپ قارالسا، بۇ گۈللىنىشنى ياشلارنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا
تۇتقان ئورنىدىن، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتتىكى ئىزدىنىشلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بول-
مايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ياشلار ئەدەبىياتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلسە،
بۇ مۇۋەپپەقىيەت ئەڭ ئالدى بىلەن ھازىرقى ئىسلاھاتنىڭ مېۋىسى ھېسابلىنىدۇ.
دېمەك، ياشلار ئەدەبىياتى — دەۋرنىڭ كۈچلۈك تەقەززاسى، ئىسلاھاتنىڭ ئۇيغۇر ئەدە-
بىياتىدىن كۈتكەن تەلىپىنىڭ نەتىجىسى ۋە ئەدەبىياتىمىز تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر
يۈزلىنىشى. قىسقىسى، تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى. ياشلار ئەدەبىياتىنىڭ مەۋجۇتلۇ-
قىنى، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىنكار قىلىش ئىسلاھاتنىڭ نەتىجىلىرىگە كۆز يۇم-
غانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. گەرچە پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قوشۇنىغا نىسبەتەن
ئېيتقاندا، ياشلارنىڭ سانى ئاز، يەنە كېلىپ ئۇلار يازغان سۈپەتلىك ئەسەرلەرنىڭ
سانى چەكلىك بولسىمۇ، لېكىن سان جەھەتتە ئاز بولغان ئاشۇ سۈپەتلىك ئەسەرلەر
ئېتىبارغا ئېلىنمىسا، بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىگە تەسىر يەتمەي قالمايدۇ.

ياشلار ئەدەبىياتى — ئالدى بىلەن ئوچۇق ئەدەبىيات. 50-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن
باشلاپ ئەدەبىياتىمىز يېپىق ھالەتكە يۈزلىنىپ، 70-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگىچە
ئۇنىڭدا ئېغىر بېكىنمىچىلىك ھالىتى ساقلاندى. بۇ ھالەت ئەدەبىياتىمىزنى نابۇت
بولۇش گىردابىغا ئېلىپ باردى. بۇنى مەلۇم جەھەتتىن ئەدەبىياتىمىزنىڭ باشقا مىل-
لەتلەر ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتى بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغان-
لىقى نۇقتىسىدىنمۇ ئىزاھلاشقا بولىدۇ. ئىسمى-جىسمىغا لايىق مەدەنىيەت ھەرىكىتى
بولغان ئىسلاھات ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەتراپىغا سېلىنغان قېلىن قاشا تاملارنى
دەسلەپكى قەدەمدە بۇزۇپ تاشلىدى، ھاۋا ئالماشتى، تۇبانلىق ئاسمان ئاستا-ئاستا
سۈزۈلدى، نەپەس راۋانلاشتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە خەنزۇ ئەدەبىياتى
ئوتتۇرىسىدىكى ئىلگىرىكى ئالاقە تېخىمۇ قويۇقلاشتى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن ھازىر-
قى زامان دۇنيا ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدا دەسلەپكى قەدەمدە ئالاقە شەكىللەندى. شۇن-
داق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ يەردە تەرىپلىنىۋاتقان ياشلار ئەدەبىياتى ئىشتىراكچىلىرى
خەنزۇ تىلى ۋاسىتىسى ئارقىلىق ھازىرقى زامان دۇنيا ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر ئەدە-
بىياتى ئوتتۇرىسىغا خېلى پۇختا بىر كۆۋرۈك سالدى. ئۇلار دەسلەپتە بۇ كۆۋرۈكتىن
ئۆزلىرى ئۆتۈپ، دۇنيا ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى بىلەن تونۇشتى، يەنە بىر تەرەپتىن،
بەزى نەمۇنىلەرنى ئۇيغۇر كىتابخانلارغا تونۇشتۇردى.

20-ئەسىر غەرب مودېرنىزملىق ئەدەبىياتى ئۇيغۇر ياشلار ئەدەبىياتىنىڭ
شەكىللىنىشىدە بىر خىل تاشقى ئامىللىق رولىنى ئوينىدى. شۇنى تەكىتلەش زۆرۈر-
كى، بىرىنچىدىن، غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتى 20-ئەسىردىلا تاسادىپىي پەيدا بولۇپ
قالغان نەرسە ئەمەس. ۋاقىت ئۇقۇمى نۇقتىسىدىن گەرچە ئۇ كاپىتالىزم دۇنياسىنىڭ
مەھسۇلى بولسىمۇ، ئەدەبىيات تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇ يەنىلا ئىنسانى-
يەت ئەدەبىياتى تەرەققىياتىنىڭ بىر باسقۇچى. ئۇنىڭدا بىمەنە، چاكىنا نەرسىلەر
بولغىنىغا ئوخشاش، يەنە نۇرغۇن ئېسىل نەرسىلەرمۇ بار. ئۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيەتە

جەۋھەرلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇرژۇئازىيىگىلا تەئەللۇق ئەمەس، ئۇنىڭدا يەنە پرولېتارىياتنىڭمۇ ھەققى بار. ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر ياشلار ئەدەبىياتى غەرب مودېرنىزمىنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلمىسى ئەمەس. ياشلار ئەدەبىياتىدا، بولۇپمۇ شېئىرىيەتتە مودېرنىزمىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىكى بەزى ئىزنالىرىغا قاراپلا ئۇنى مودېرنىزملىق ئەدەبىيات ياكى بۇرژۇئازىيىنىڭ نەرسىسى دەپ قاراش بەك بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپ قالىدۇ. ياشلار شېئىرلىرىدا سىمۋولىزملىق شېئىرىيەتنىڭ ھېسسىياتنى شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈۋېتىش، ئۇنى بېشارەت بىلەن سىمۋولنى بىرىكتۈرۈۋېتىش ئۇسۇلى ۋە چاتما تەسەۋۋۇر ۋاستىسى ئارقىلىق ئىپادىلەشتىن ئىبارەت بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ئۇچرايدۇ. ياشلار ئەدەبىياتى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل تەرەپلىرىنى ئەينەك قىلالىغانلىقى ئۈچۈن، ھازىرقىدەك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلىدى، مۇھىمى، ئۇ شۇ ئارقىلىق شېئىرىيەت تەپەككۇرىنى بەلگىلىك دەرىجىدە يېڭىلىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز، دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلەندۈرىمىز دەيدىكەنمىز، ئۇنىڭ باشقا مىللەتلەر، شۇنداقلا دۇنيا ئەدەبىياتى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۆچەيتىشكىلا بولىدۇكى، بۇ ئالاقىنى بوغۇشقا، چەكلەشكە ھەرگىز بولمايدۇ. ياشلار ئەدەبىياتى بۇ جەھەتتە بىر ئىجابىي قەدەمنى باستى. گەرچە بۇ، تەلەپتىن خېلىلا يىراق بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ئەگەر مودېرنىزملىق ئەدەبىياتنى كاپىتالىزم دەۋرىنىڭ مەھسۇلى دېسەك، ئۇنداقتا ئۇيغۇر ياشلار ئەدەبىياتى سوتسىيالىزم دەۋرىنىڭ، يەنى خەلقىمىزنىڭ ماددىي تۇرمۇش ساپاسى بىلەن مەنىۋى سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئالدىنقى شەرت قىلىنغان ھازىرقى ئىسلاھاتنىڭ مەھسۇلى. بۇ نۇقتىدىن مودېرنىزملىق ئەدەبىيات بىلەن بىزنىڭ ياشلار ئەدەبىياتىمىز ئوتتۇرىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويۇشقا بولمايدۇ. تۆتىنچىدىن، مودېرنىزم ۋە سېھرىي رېئالىزم قاتارلىقلار غەرب ئەدەبىياتىنىڭ 20-ئەسىردىكى يۈزلىنىشى بولسا، بىز دەۋاتقان ياشلار ئەدەبىياتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى بىر يۈزلىنىش. بۇلار ئوتتۇرىسىدا ماكان، زامان پەرقلىرىمۇ ناھايىتى چوڭ. ئەمما شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، گەرچە رايونىمىز ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇققا جايلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ بىر قىسمى. ئۇنىڭ تەرەققىياتى دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن تەتۈر تاناسىپلىق شەكىللەندۈرۈپ قويمىغىنى ياخشى.

ياشلار ئەدەبىياتى ئەدەبىياتنىڭ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش دائىرىسىنى كېڭەيتتى، ئىقتىدارىنى ئاشۇردى، رېئالىزمنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتتى. ياشلار ئەدەبىياتىدا ئاساسەن ياشلار تۇرمۇشى تەسۋىرلەندى. ئىسلاھات ھازىرقى ياشلىرىمىزنىڭ قىممەت ئۆلچەملىرىدە، ئەخلاق قاراشلىرىدا، گۈزەللىككە بولغان تونۇش ۋە ئىنتىلىشلىرىدە، ئائىلە، نىكاھ، مۇھەببەت، دوستلۇق، كەسىپ ۋە غايە ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىدە 50-، 60-يىللاردىكى ياشلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان بەزى ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. ئىسلاھات ياشلارنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى تونۇشىنى يېڭىلىدى، رىقابەت تۇيغۇسىنى

ئويغاتتى، بۇ جەھەتتە ھەتتا سەكرەش ھاسىل قىلدى. ئىسلاھات كەڭ ياشلارنى ئۆز قەدىر-قىممىتىنى بىلىشكە، ئۇنى ئىپادىلەشكە ئۈندىدى ۋە بۇ جەھەتتە ئۇلارنى كەڭرى ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلىدى. قىسقىسى، ئىسلاھات ياشلارنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتتى ۋە يېڭىلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ ياشلارنىڭ قەلبىدە ئىنتايىن نازۇك بىر خىل مەنىۋى مۇرەككەپلىك شەكىللەندۈردى. بۇلارنى ئەدەبىياتتا ئەكس ئەتتۈرۈش ھەقىقەتەن قىيىن. ياش قەلەم ئىگىلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئاشۇ خىل مۇ-رەككەپلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈش يولىدا ئىزدەندى.

ئۇلار شېئىرىيەتتە شەيئى، ھادىسىلەرنىڭ ناتۇرال ھالىتىنى تەسۋىرلەشتىن شۇ ناتۇرال ھالەتنىڭ ئىنسان سۇبيېكتىدا پەيدا قىلغان ئىنكاسلىرىنى تەسۋىرلەشكە يۈزلەندى. شېئىرلاردا تارىخىي خاراكتېرلىك بايان بىلەن ئەنئەنىۋى تەرتىپنى بۇزۇپ تاشلىدى. بۇ يەردە بۇزۇپ تاشلانغان نەرسە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەل-كى شېئىر يېزىش ئۇسۇلىدا ئادەتتە ئايلىنىپ قالغان شەكىلۋازلىق، شوئارۋازلىق، شېئىرىي پىكىر نامراتلىقى ۋە يالىڭاچلىقى، شېئىرىي تىل قاتماللىقى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. تارىخىي خاراكتېرلىك بايان بىلەن ئەنئەنىۋى تەرتىپ دېگىنىمىز شېئىرىي پىكىرنى بايان قىلىشتىكى 1-، 2-، 3-دىن ئىبارەت بايان شەكلى ياكى A، B، C دىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى تەرتىپنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل شەكىل ياكى تەرتىپتە كىتابخاننىڭ تەسەۋۋۇر قىلىشىغا ئىمكانىيەت قالدۇرۇلمايدۇ. چۈنكى ئۇنداق شېئىرلارنى كىتابخان بىر كۆپلېت-بىر كۆپلېتلىق رەت، ئەسەردە تەسۋىرلىنىۋاتقان ھەرىكەت ياكى ۋەقە-لىكنى A، B، C لىق تەرتىپ بويىچە بىر قېتىم ئوقۇپلا ئاخىرىغا كەلگەندە ئاپتور تەرىپىدىن چىقىرىلغان شېئىرىي خۇلاسىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. ئۇنىڭ كاللىسىدا پەقەت ئاپتور تەرىپىدىن چىقىرىلغان شۇ خۇلاسىدىن باشقا نەرسە قالمايدۇ. ياشلارنىڭ نارازى بولىدىغىنىمۇ دەل قىسمەن شائىرلارنىڭ شېئىرىدىكى ئاشۇنداق ئاجىزلىقتىن ئىبارەت. بىز تەرىپلەۋاتقان ياشلارنىڭ شېئىرلىرىدىن ئۇنداق خۇلاسە چىقىرىلمايدۇ. خۇلاسە چىقىرىشقا توغرا كەلسە، بۇ ئىش كىتابخانغا قالدۇرۇلىدۇ. كىتابخان شېئىرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز ئىقتىدارىغا ئاساسەن شېئىردا تەسۋىرلەنگەن تۈرلۈك شەيئى، ھادىسىلەرنى ۋە شېئىردا پارچىلىۋېتىلگەن ھېسسىياتنى ئۆزئارا بىرىكتۈرۈپ، تەسى-راتلارنى بىر-بىرىگە ئۇلاپ قايتا تەسەۋۋۇر ئويۇشتۇرۇش، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئەس-خاتى-رىلىرى بىلەن چېتىش ۋە ئۇنىڭدىن بىر پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلىش ئارقىلىق خۇلاسە چىقىرىدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، شېئىر شائىرنىڭ يېزىشى بىلەنلا ئاخىرلاشمايدۇ. ئۇنى ئاخىرلاشتۇرۇش كىتابخانغا قالدۇرۇلىدۇ. خۇددى شېئىرنى قانداق باشلاش شائىرنىڭ ئىختىيارى بولغىنىدەك، ئۇنى قانداق ئاخىرلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن تېگىشلىك خۇلاسە چىقىرىش كىتابخاننىڭ ئىختىيارىدا بولىدۇ. كىتابخان بىر شېئىردىن ئۆزىگە ئېھتى-ياجلىق بولغان مەنىۋى مەنپەئەتكە پەقەت شۇ چاغدىلا ئېرىشەلەيدۇ. ئەخمەتجان ئوسمان، مۇختار مەخسۇت، ئادىل تۇنىياز، ئابدۇقادىر جالالىدىن قاتارلىق ياشلارنىڭ شېئىرلىرى شۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئادەتتە دېيىلىدىغان شېئىرىي بوشلۇق —

www.uyghurkitap.com

شېئىرىي كەڭلىك، شېئىرىي چوڭقۇرلۇق ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدا شەكىللەنگەن.

ياشلار ۋەكىللىك قىلىۋاتقان پروزىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە. ياش يازغۇچىلار پروزىدا مونولوگ، ئەركىن تەسەۋۋۇر، قايناق ھېسسىيات ئارقىلىق شەخسلەرنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى قېزىپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن پروزا ئەسەرلىرىدىكى قەھرىمانلار بىر خىللىقتىن كۆپ خىللىققا يۈزلەندى. ياش يازغۇچىلارنىڭ ھېكايە، پوۋېستلاردا كۆڭۈل بۆلگىنى ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتىپلىقى ياكى ۋەقەلەرنىڭ ئىزچىللىقى، بىر پۈتۈنلۈكى، ھەم مۇكەممەللىكى ئەمەس، ئاساسلىقى، ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ئۆزگىرىش بىلەن مۇرەككەپلىك بولدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئەركىن تەسەۋۋۇر، مونولوگ ھەم خەت-چەك ئۇسۇلىدىن پايدىلانغاندا، پروزا ئەسەرلىرىدىمۇ شېئىرىي مۇھىت ياراتقىلى، ماكان، زامان چەكلىمىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، مەنىۋى كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇققا يەتكىلى، تراگېدىيىلىك، كومېدىيىلىك كەيپىيات شەكىللەندۈرگىلى بولاتتى. ئەختەم ئۆمەر، خالىدە ئىسرائىل، پەرھات ئىلياس قاتارلىق ياشلار پروزىدا مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكلەرنى ئىپادىلىدى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى تۇرمۇشنىڭ ئاددىي تۈز-سىزىق ئەينىكى بولۇشتىن تەرەققىي قىلىپ، تۇرمۇشنىڭ قاپارتما، ھەتتا كۆلكىلىك ئەينىكى بولۇشتىن ئىبارەت ئۆزگىچىلىكىنى ئىپادىلىدى. ياشلار ئەدەبىياتى رېئالىزمنى تۇرمۇش ھادىسىلىرىنىڭ يىغىندىسى ھەم ۋەقەلەر دۆۋىلىرىنى تەسۋىرلەشتىن ئازاد قىلىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۇنى ئادەملەرنىڭ مۇرەككەپ ئىچكى دۇنياسىغىچە چوڭقۇرلاشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى رېئالىزمنىڭ مەزمۇن دائىرىسى مەلۇم دەرىجىدە كېڭەيتىلدى ۋە بېيىتىلدى.

ياشلار ئەدەبىياتى قوشۇنىدا چەت ئەللەردە ئوقۇغانلارمۇ، ئىچكى ئۆلكىلەردە ئوقۇغانلارمۇ، رايونىمىزدىكى ئالىي ھەم ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىلىم يۇرتلىرىدا تەربىيىلەنگەنلەرمۇ بار، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىجادىيەتكە كىرىشكەنلەرمۇ يوق ئەمەس. ئۇلارنىڭ دىپلومىنىڭ قايسى مەكتەپتىن بېرىلگەنلىكى مەسىلىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇلارنىڭ تولىسىنىڭ ئالىي مەلۇماتلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ ماھىيىتىنى توغرا چۈشىنىدۇ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى توغرا مۆلچەرلىيەلەيدۇ، كوممۇنىستىك پارتىيىنى قىزغىن ھىمايە قىلىدۇ، سوتسىيالىزم يولىدا ۋە ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدۇ، تىنچ-ئىتتىپاق سىياسىي ۋەزىيەتنى قەدىرلەيدۇ. پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە ۋە بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىم بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرىدۇ. دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان سۆز-ھەرىكەتلەرگە، شۇنداقلا بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش خاھىشىغا قارشى تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئاپتورلار كومپارتىيىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزالىرى. ئۇلار ئىجادىيەت كۈچى، زېھنى-ئىقتىدارى ئۇرغۇپ تۇرغان زور كۈچ. مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى تايانچلىرى، شۇڭا ئەدەبىياتىمىزنىڭ

كېلىچەك ئۈمىدىنى ئۇلارغا باغلاشقا تامامەن بولىدۇ. مىللىي ئەدەبىياتىمىز ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت قوشۇنىدا ئاشۇنداق ئۈمىدلىك كۈچنىڭ يېتىشىۋاتقانلىقى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. بۇ ياشلار ئىجادىيەتتە يېڭىلىق يارىتىشقا ئۈزلۈكسىز ئىنتىلىدۇ. ئۇلار مىللىي ئەدەبىيلىرىمىزنىڭ تارىخىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ خېلى كۆپچىلىكى 20 - ئەسىر دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىدىن، ئۇنىڭ بەزى نەمۇنىلىرىدىن، 20 - ئەسىر دۇنيا ئەدەبىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن پەيلاسوپ، پسىخولوگ ۋە ئالىملارنىڭ ئاساسىي كۆز قاراشلىرىدىن ئاساسەن خەۋەردار. بۇ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىدە، شۇنداقلا نەزەرىيە جەھەتتىمۇ ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ، ياشلار ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادىيەت قوشۇنىدىكى ئاساسىي ئېقىم.

لېكىن بۇ قوشۇندا يەنە بەزى دورامچىلارمۇ بار. ئۇلارنىڭ دورامچىلىقى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. جەمئىيەتتە ئۇلارنىڭ قولىدىن باشقا ئىش كەلمىگەچكە، ئەدەبىيات يولىغا سىغدىلىپ كىرىۋالغان. ئۇلار ئەدەبىيات ئىشىنىڭ بەكمۇ نازۇك — مىللەت ئالدىدا، تارىخ ئالدىدا جاۋابكارلىقى ئۈستىگە ئالغان ئىنچىكە ئىش ئىكەنلىكىنى، ئىجادىيەت يولىنىڭ بەكمۇ جاپالىق يول ئىكەنلىكىنى، شائىر، يازغۇچى دېگەن ئاتاقنىڭ خەلق تەرىپىدىن بېرىلىدىغان شەرەپلىك ئاتاق ئىكەنلىكىنى بىلمىسە كېرەك. ياشلار ئەدەبىياتى ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ ساپلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا چىرايلىق نەسىھەت قىلىش كېرەك.

خۇلاسىلىگەندە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ياشلار ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت ئىجادىيەت ھادىسىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت. مايسا ھالىتىدىكى بۇ خىل ئىجادىيەت ھادىسىسى ئەدەبىيات چىمەنلىكىمىزنىڭ زىننىتى، ھەممىمىز ئۇنى ئاسرىشىمىز، پەرۋىش قىلىشىمىز، تېخىمۇ ئايىنتىشىمىز لازىم. بىز بۇ ئۈمىدلىك قوشۇندىن تېخىمۇ رەڭدار گۈللەرنى، تېخىمۇ شېرىن مېۋىلەرنى كۈتىمىز.

خۇددى جەمئىيەت ياشلارنىڭ چۈشىنىشىگە موھتاج بولغىنىدەك، ياشلارمۇ جەمئىيەتنىڭ چۈشىنىشىگە موھتاج. ياشلار ئەدەبىياتىنىڭ ئىشتىراكچىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، ئەلۋەتتە...

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم



www.uyghurkitap.com



## سۇر رېئالىزم

سۇر رېئالىزم (رېئاللىقتىن ھالقىش مەسلىكى) — غەرب مودېرنىزم ئەدەبىيات-سەنئىتىدىكى كۆلىمى ۋە تەسىرى چوڭ ئېقىملارنىڭ بىرى. ئۇ 1-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى فرانسىيىدە دادائىزمدىن ئۆزگىرىپ بارلىققا كەلگەن. سۇر رېئالىزم بىر خىل پىكىر ئېقىمى بولۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە تارقالغان، ئۇنىڭ گۈزەل سەنئەت، ھەيكەلتىراشلىق، تىياتىر، كىنوچىلىق ساھەلىرىدىكى تەسىرى تېخىمۇ كەڭ. ئۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن 20-، 30-يىللاردا ياۋروپا، ئامېرىكا، ياپونىيىلەردە سۇر رېئالىزمنىڭ ھەر خىل سەنئەت تەشكىلاتلىرى قۇرۇلغان. 40-، 50-يىللاردا فرانسىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق ئەللەردە گۈزەل سەنئەت ساھەسىدە يەنىلا ئۆز تۈسىنى يوقاتمىغان. تاكى ھازىرغىچە سۇر رېئالىزم رەسىملىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆرگەزمە قىلىنماقتا.

دادائىزم 1-دۇنيا ئۇرۇشىدا شۋېتسارىيىنىڭ سيۇرىخ شەھىرىدىكى بىر تەشكىلاتتا بىخ سۈرگەنىدى. ئۇلار «ئات» دېگەن مەنىدىكى بالىلار تىلى «دادا»نى ئۆزلىرىگە ئىسىم قىلىپ قويۇپ، ئۇنىڭغا «مەنىسىزلىك» دەپ تەبىر بەرگەن. ئۇلار ئۆزلىرى ئىپادىلىگەن مەزمۇننىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى ئويلاشمايتتى. غەلىتە ۋاسىتىلەر ئارقىلىق بەدىئىي قىممىتى تۆۋەن ئوبرازلارنى سۈرەتلەيتتى. مەسىلەن، ئۇلار ئەخلەتلەردىن رەسىم ياساپ، بوتۇلكا جازىسى ياكى تەرەت كۆلچىكىدەك پاسكىنا نەرسىلەرنى ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ يۈكسەك مۇنبىرىگە كۆتۈرۈپ چىقتى. دادائىزمنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسى ھەممىنى ئىنكار قىلىش بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىنىڭ ئۆزىلا ئەدەبىيات-سەنئەتكە بولغان بۇزغۇنچىلىقتىن دېرەك بېرەتتى. دادائىزمنىڭ ئىنكارچىلىقى تەرەققىي قىلىپ، ئاخىرى ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىمۇ يوققا چىقىرىۋەتتى. ئۇزۇنغا بارمايلا بۇ تەشكىلات پارچىلىنىپ كەتتى. 1919-يىلدىن باشلاپ برېتون، ئاراگون، سوپولت قاتارلىقلار ئەدەبىيات ژۇرنىلىنى چىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى سۇر رېئالىزم دېگەن ئاتالغۇ ئارقىلىق ئىپادىلىگەنىدى. «سۇر رېئالىزم» دېگەن سۆزنى گ. ئاپوللىنايىر ئۆزىنىڭ بىر سەھنە ئەسىرىدە: «ئادەملەر دەسلەپتە مېڭىشنى دورىدى،

ئىجاد قىلغان ھارۋا چاقىمۇ پۇتقا ئوخشىمىدى. شۇنداق قىلىپ ئادەملەر ئۆزلىرىمۇ تۇيۇمايلا سۇر رېئالىزمنى ئىجاد قىلدى» دەپ تونجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بىرىتون «سۇر رېئالىزمنىڭ يېتەكچىسى ۋە نەزەرىيىچىسى» ھېسابلىنىدۇ. 1924 - يىل 10 - ئايدا سۇر رېئالىزم تەتقىقات ئىشخانىسى قۇرۇلدى. 11 - ئايدا بىرىتون يېزىپ چىققان «سۇر رېئالىزمنىڭ خىتابنامىسى» (بىرىنچى خىتابنامە) ئېلان قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئېقىم بايراق كۆتۈرۈپ ئون يىل راسا دەۋران سۈردى. بىرىتوننىڭ 2 - خىتابنامىسىنى ئېلان قىلىشى بۇ تەشكىلاتنىڭ پارچىلىنىشىنى كۈچەيتتى. 1931 - يىلدىن باشلاپ سۇر رېئالىزمنىڭ گۈللىنىش دەۋرى ئاساسەن ئاخىرلاشتى.

سۇر رېئالىزم نەزەرىيىسى فرويدنىڭ يوشۇرۇن ئاڭ تەلىماتى ۋە چۈش توغرىسىدىكى تەبىرلىرىنى ئۆزىگە ئاساس قىلغان. سىمۋولىزم، ستېرېئولوق كەلگۈسىچىلەر، رومانتىزمچىلارنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە خىيالىي تۇيغۇ دۇنياسى ئۈستىدە ئىزدىنىش ھەققىدىكى تەشەببۇسلىرىنى قوبۇل قىلغان. بىرىتون 1 - خىتابنامىدە سۇر رېئالىزمغا مۇنداق ئېنىقلىما بەرگەن: «سۇر رېئالىزم ــ نوقۇل ئاڭسىز روھىي پائالىيەت. ئادەملەر ئۇ ئارقىلىق ئېغىزچە، يازما ياكى باشقا شەكىللەردە ئىدىيىنىڭ ھەقىقىي رولىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ ئىدىيىنىڭ خاتىرىلىنىشى بولۇپ، ئىدراكنىڭ ھېچقانداق تىزگىنلىشىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئېستېتىكا ياكى ئەخلاقنىڭ بىر تەرەپلىمە قاراشلىرى بولمايدۇ»، «سۇر رېئالىزم ئەزەلدىن سەل قارىلىپ كېلىۋاتقان مەلۇم خىلدىكى بىرلەشمە تەپەككۇر شەكلىدىكى رېئاللىقتىن ھالقىش ئېتىقادى ئۈستىگە ھەممىدە چۈش، خىياللارنىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە بولغان ئېتىقاد ۋە ئىدىيە ئۇچۇن ئىدىيىنىڭ رولىغا بولغان ئېتىقاد ئۈستىگە قۇرۇلغان.»

سۇر رېئالىزم ئەدەبىيات - سەنئەت ئادەملەر مۇرەككەپلىكىنىڭ كەينىدە ئۆزىنىڭ بىرلىكىنى بايقىشى لازىم، دەپ ھېسابلايدۇ. ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى قېزىشقا دىققەت قىلىدۇ. لېكىن ئىچكى ئاڭنى ئىدېئاللىزملىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە چۈشەندۈرگەچكە، ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ بەزەن ئاڭ ھادىسىلىرى ۋە رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى توغرا شەرھلەپ بېرەلمەيدۇ.

سۇر رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى «ئاپتوماتىك يېزىقچىلىق» بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىدىيىنى ئاڭسىز خاتىرىلەش تەشەببۇس قىلىنىدۇ، «بارلىق ئېستېتىك ۋە ئەخلاقىي ئويلىنىشلار چەتكە قېقىلىدۇ.» كاللىدا بىردەملىك پەيدا بولغان نەرسىلەرنى تېز خاتىرىلەش، سۆز - جۈملىلەرنىڭ «تاسادىپىي بىرلىشىشى»گە تايىنىش، مۇۋاپىق سۆز تاپالمىغاندا بىرەر ھەرپنى بەلگە قىلىپ قويۇۋېرىش تەرغىپ قىلىنىدۇ. بۇنداق يېزىلغان نەرسىلەر گرامماتىكا جەھەتتە راۋان بولمىسىمۇ، مەزمۇنىنى ھېچكىم چۈشەنمىسىمۇ، ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە بولۇۋېرىدۇ، چۈنكى ئۇ ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى پائالىيىتىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرگەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى خىيالىي تۇيغۇ، چۈشلەرنى خاتىرىلەش، چۈشتىكى، خىيالدىكى ياكى ھېس قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەينەن خاتىرىلەشتىن ئىبارەت، ئۇلار يۇمۇرلۇق ۋاستىلەرگىمۇ

ئەھمىيەت بېرىدۇ. تىل جەھەتتە ئۇلار غەلىتە، ھەتتا بىنورمال تىل شەكلىنى ئىشلىتىشنى تەرغىپ قىلىدۇ. بەزىدە سۆزلەرنى تەتۈر ئىشلىتىدۇ «خەير - خوش» سۆزىنىڭ ئورنىغا «سالام» سۆزىنى قويىدۇ ۋە ھاكازا. يېڭىلىق قوغلاشتۇق دەپ كۆپ چاغلاردا غەلىتىلىك، گۇڭگىلىق، سىرلىقلىق، ئەتەي مۇجمەللەشتۇرۇشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەتتا سەنئەتكە، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە قارشى تۇرۇشنىڭ قىڭغىر يولىغا كىرىپ قالىدۇ.

ئاندىرى برىتون (فرانسىيە)

## مەڭگۇ تۈنجى قېتىملىقى بۇ دەپ بىلىمەن

مەڭگۇ تۈنجى قېتىملىقى بۇ دەپ بىلىمەن
گوياكى بىز تونۇشقاندەك يېڭىلا شۇ دەم.
كېچىدىكى مەلۇم چاغدا قايتىپ كېلىسەن
پەنجىرەمنىڭ ئالدىدىكى قىيسايغان ئۆيگە،
تەسەۋۋۇرۇم ئىچىدىكى ئۆي ئۇ تامامەن،
مۇشۇ يەردە مەۋجۇت تۇرغان ھەر مىنۇت - ھەردەم.
قول تەگمىگەن تۈن قوينىدا قىياس قىلدىم مەن.
پەيدا بولار دەپ ئۆزۈمچە يەنە بىر مەرتەم
شۇ جەلپكار يېرىق ئىشىك، دىلدا ھەم.
ئەي، بىردىنبىر يېرىق،
ئەمەلىيەتتە يېقىن بارسام قانچىلىك ساڭا.
شۇنچىلىك ياڭرار تونۇش ئۆي ئىشىكىدە
ئاچقۇچ ئېيتقان شادىيانە ناخشا - كۈي راسا.
تۇيۇلىدۇ ئۆيدە غېرىبلىق باسقاندەك سېنى
دەسلەپىدە چۆمدۈڭ نۇرغا ئۆزۈڭ تامامەن.
پەردە قايرىپ كۆزنەكتىن باقتىڭ بىر قىيا
دالا ئىدى قاپلىغان بۇ تۇتاش ياسىمەن.
تاڭ پەيتىدە
كۆرۈپ قىلغان ئىدىم تاماشا
گراس شەھىرى ئەتراپىنىڭ يوللىرىدا مەن.
خۇددى باپكا مۇكىسىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان
گۈلچى قىزلار بار ئىدى ئۇندا بەك لېۋەن
گۈلسىز شاخلار ئېگىلگەندى ئۇلار كەينىدە،
بار ئالدىدا كۆز چاقنۇدەك تاختا ئېتىز كەڭ.
تۇيۇقسىزلا كۆتۈرۈلدى ئىشىك پەردىسى،

چۇۋۇرلىشىپ كىرىپ كەلدى بارچە گۇللەر تەڭ،
ئارتۇقچىلا سوزۇلغان بۇ ۋاقىتنى ئۈزۈڭ
ئەپلەپ - سەپلەپ ئامال قىلىپ ئۆتكۈزمەكتىسەن،
تا ئۇيقۇغا كەتمىگۈنچە تىنچلىنالمايسەن.
ساقلاي دېسەڭ چىرايىڭنى بوزماستىن ئەينەن
كۆرۈشمىسەم بولار مەڭگۇ قايتا سەن بىلەن.
كۆزىتىپ مەن سېنى تىككەن ئىدىم كۆزۈمنى،
كۆرمەسلىككە سېلىشالدىڭ بولۇپ بىر خۇپسەن.
ئۇڭ كەلگىنى مېنىڭدىمۇ يوق ئىدى زادى
سەن بىلگەندىن ئارتۇقراق ئىشەنچىمۇ ھەم.
ھارغىنلىقىڭ
كۆزلىرىمنى ياشتا قىلدى نەم
بېرىش مۇمكىن قولۇڭنىڭ ھەر ئىشارىتىگە
قارا بولۇت كەبى بىر توپ چۈشەنچە بەلەن؟
بۇ شەربەتنى قوغلىشىشنىڭ بىر تۇرى جەزمەن.
بار تەۋرەنمە بىر ئورۇندۇق كۆۋرۈك ئۈستىدە،
بار تېرەڭنى تىلماق بولغان پۇتاقلارمۇ ھەم.
رولېت بۇۋى مەريەم ئانا كوچىسىدا بىر
ئەينەك ئىشكاپ دېرىزىسى ئىچىدە نەكەم
ئۇزۇن يىپەك پايپاق كيىپ بىرى بىرىگە
مىنگىشكىلىك تۇرار بىر جۈپ ئاياغ بەك كۆركەم.
يوغان ئاپئاق ئۈچ قۇلاقنىڭ ئىچىدىن چىققان
يىپەك شوتا پىچەكگۈلنىڭ قېشىدا كۆركەم.
بار قىيانىڭ گىرۋىكىدىن ئېگىشكەن گەۋدەم
سېنى كۆرۈش ئۈمىدىنىڭ ئەسلا يوقلۇقى
ياكى كۆرمەسلىكنىڭ مۇجمەل سەزگۈسىدە مەن
بىلىشالدىم سېنى ياخشى كۆرۈش ئېپىنى:
مەڭگۇ تۇنجى قېتىملىقى بۇ دەپ بىلمەن.

پائول ئەلۇئارت (فرانسىيە)

## ئۈچ شېئىر

### مۇشۇ يەردە ياشىماق ئۈچۈن

كۆك ئاسمان تاشلىدى مېنى، ئوت ياقتىم،
ئوت ياقتىم ئوت بىلەن دوست بولماق ئۈچۈن.

ئوت ياقتىم كىرەي دەپ قىش تۈنلىرىگە،
تېخىمۇ ياخشىراق ياشىماق ئۈچۈن.

كۈندۈزنىڭ بەرگەنلىرىنى ئوتقا بەردىم مەن
ئۈزۈملۈك، يەر، ئورمان ۋە چاتقاللىقنى،
چاڭگىنى، چاڭگىدىكى قۇشنى، ئۆي، ئۆينىڭ
ئاچقۇچى، قۇرت، گۈل، توي، خۇشاللىقنى.
ئاڭلىنار چاراسلاپ ئوت ئۇنى پەقەت
ھىدىنى، مېيىرىنى ھېس قىلدىم قەۋەت.
قولۋاقتەك سۇغا غەرق بولۇپ كەتتىم مەن
ئۆلۈككە ئوخشاپلا يېگانە پەقەت.

(«مۇشۇ يەردە ياشىماق ئۈچۈن» 1918)

## غەرق بولغان ئادەم

سۇ ئۈستىدە ئويىنغاندەك سەكرەر تاش
كىرەلمەيدۇ سۇ ئىچىگە ئىس پەقەت.
سۇ ئوخشايدۇ خۇددى سىلىق تېرىگە
ھېچكىممۇ يەتكۈزەلمەس زىيان - زەخمەت.
قوبۇل قىلار ئادەم بىلەن بېلىقنىڭ
يېقىنچىلىق قىلىشىنى ھەر نۆۋەت.
جان تالىشار ئادەم تۇتۇپ ئالغان بېلىق،
سۇ داۋالغۇر كىرىچ كەبى بېرىپ سادا.
ئۇ ئۆلمەكتە، بۇ دۇنيانىڭ ھاۋاسى ۋە
ئاپتىپىنى سۈمۈرەلمەس ئەمدى قايتا.
لېكىن چۆكتى ئادەممۇ ھەم سۇ تەكتىگە
بېلىق كۆزلەپ.
ياكى يۇمشاق، ھىم تۇرغان سۇ يۈزىدىكى
ئاشۇ مۇدھىش غېرىبلىقنى دەپ.

(«ھايۋان بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن ھايۋان» 1920)

## قېقنۇس

قېقنۇس ئاشۇ بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇق — ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانىدىن ئىبارەت ئەڭ دەسلەپكى، لېكىن ئەڭ ئاخىرقى ئەمەس بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقلاردۇر.

يۇلتۇزلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۆتكۈنچىسى مەن،

ئەڭ ئاخىرقى باھارى ۋە ئاخىرقى قارى،
تىرىكلىكنى كۆزلەپ بولغان ئاخىرقى بىر جەڭ.

ئۆتكەنلەردىن تۆۋەن ھەممە ئىككىمىز بىر مانا.

ھەممە نەرسە باردۇر بىزنىڭ ئوت دۆۋىمىزدە
قارىغاينىڭ چاكاندىسى، تەكلەر شۆكى ھەم
ئىقىن سىزدىن ئىشىپ چۈشكەن گۈللەر بار بىزدە،
لاي - لاتقا بار ۋە تامچىغان سۇپسۇزۇك شەبنەم.

ئايىغىمىز ئاستىدا ئوت، بېشىمىزدا ئوت
ئۇچۇپ چىقار ئايىغىمىز ئاستىدىن توكەل
قۇشقاچ، تورغاي ۋە ئادەملەر، قوڭغۇز ۋە قۇرت.

ئاسمان ئوچۇق، زېمىن تۇتۇق قاراڭغۇلاشقان
لېكىن ئۆرلەر قارا تۇتۇن پەلەككە لەرزان.
مەھرۇم بولدى بارچە يورۇقلۇقتىن كەڭ ئاسمان.

ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا قالدى ئوت بەلەن.

ئوت - يالقۇنلار قەلبلەرنىڭ رەڭدار بولۇتى،
ئوت يالقۇنلار قاننىڭ بارلىق ئىقىنلىرى ھەم
ئۇ كۆيلەيدۇ بىزنىڭ كۆينى، ناخشىنى ھەردەم.

ئۇ قوغلىدى قىشتىكى سۇ ھورىنى بەردەم.

كۆيدى قارا تۈن قايغۇسى يېنىپ گۈرۈلدەپ،
كۆل ئايلاندى خۇشاللىقنىڭ گۈلگە كۆركەم.

بىز قىلىمىز دۇمبىمىزنى غەربكە ئەبەد،
تاڭ رەڭلىرى بولدى بارچە نەرسىگە ھەمدەم.

(«قېقىنۇس» 1951)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لۇئى ئاراگون (فرانسىيە)

## شېئىرىيەت ئىلمى

ماي ئېيىدا ئۆلۈپ كەتكەن دوستلىرىم ئۈچۈن،
ياڭرار مېنىڭ ناخشا - كۈيۈم ئەمدى ھەربىر كۈن.

ۋەزىنلىرىم تولدى سېھرىي قۇدرەتكە شۇنچە،
يالتىرىدى قورالىمدا كۆز ياشتىن ئۇنچە.

ۋە كۆز سالدىم شامال، بۇلۇت ئۆزگىرىشىگە
ئەگىشىپلا ياشاۋاتقان بارچە كىشىگە.

نەپرەت تىغى ئۆلگەنلەرنىڭ نام شەرىپىدە
ئۆتكۈرلىشەر مىسرالارنىڭ بىلەشلىرىدە.

سۆز تىزمىسى ئويغان ھەر بىر جاراھەت ئىزى،
شىكايەتلەر قوزغاتقان ھەر ۋەزىن ئاۋازى.

قايغۇ - ئازاب باسقان دىلنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا
باردۇر پالاق سۇغا تېگىپ كۆتەرگەن سادا.

شېئىرلىرىم يامغۇرسىمان ياغار تەبىئى
ۋە يالتىرار دېرىزىنىڭ ئەينىكى كەبى.

ئىسكەت تۈزەش ئەينەكدەك دەھلىزدە تۇرغان
سولىشىپتۇ مەيدىسىدىكى گۈلمۇ پەرىشان.

شوخ باللار ئوينايدىغان تۆمۈر چەمبەردەك
چۆشۈپ كەتتى نۇرانە ئاي ئېرىقىملا بەك.

ئىشكاپ ئىچىدە قويۇلغان ئىپارلار سىمان
لەيلەپ يۈرەر كۆكۈل ئارا خۇش پۇراق ھامان.

شېئىرلىرىم، شېئىرلىرىم ماڭا بەك ئايان

ھارارىتى قانلىرىمىنىڭ دولقۇنلاپ ئاققان.

ئېسىڭلاردا ساقلاڭلاركى، بىزمۇ ھەر قاچان
باھادىرلار جۈملىسىدىن، ھەيۋەت قەھرىمان.

تومۇرىمىز بوشاشسىلا كۈچ بىلەن سوقماي
ئويغىتىڭلار ئۇيقۇدىن تېز غەپلەتتە قويماي.

لاۋۇلدىسۇن قايتا يېنىپ ئۆچكەن نۇر چىراغ،
جىرىڭلىسۇن بوش قەدەھلەر بىرمۇ بىر ياڭراق.

كۆي ئۇقۇيلى بىز ئەبەدىي دوستلار ئىشقىدا،
ماي ئېيىدا ئۆلۈپ كەتكەن دوستلار بېشىدا.

(«فرانسۇزچە نۇسخا» 1941 — 1942)

دىلان تۇماس (ئەنگلىيە)

## ئىككى شېئىر

### يىغلىمەيدۇ ئۆلۈممۇ جەزمەن

يىغلىمەيدۇ ئۆلۈممۇ جەزمەن،
قىپيالىڭاچ ئادەم ئۆلۈكى
بولىدۇ جەزمەن
قوشۇلۇپ بىر گەۋدە بىر تەن
شامالدىكى ئادەم ۋە
غەربىي كۆكتىكى ئاي بىلەن.
ئاجرىتىلار ئۇلارنىڭ سۆڭەكلىرى،
تازىلانغان سۆڭەكلەر يەنە يوقىلار.
بولار جەزمەن
ئۇلارنىڭ بىلەكلىرى، پۇتلىرىدا يۇلتۇزلار؛
گەرچە ساراڭ بولۇپ قالسىمۇ ئۇلار
سەگەك تۇرۇشار جەزمەن.
گەرچە دېڭىزغا غەرق بولۇپ كەتسىمۇ ئۇلار
قايتىدىن تىرىلەر جەزمەن.

ئاشىقلار كەتسىمۇ ئۆلۈپ
مۇھەببەت مەڭگۈ ياشار جەزمەن.
يېڭەلمەيدۇ ئۆلۈممۇ جەزمەن.

يېڭەلمەيدۇ ئۆلۈممۇ جەزمەن
دېڭىز قولتۇقى ئاستىدا ئۇزاق يېتىپ،
ئۇلار ھەرگىز شامالدەك بولماس غايىب؛
پۇت قوللىرى تالسا،
جان تالىشار
تەننى سوزغۇچ غالتەكلەرگە بېسىلىپ.
ماتاپ ئېلىپ ماڭغاندىمۇ كوڭكىدا
تىز پۈكمەيدۇ ئۇلار جەزمەن.
ئاشۇلارنىڭ قوللىرىدا
ئەقىدىلەر سۇنار جەزمەن.
قوش مۈڭگۈزلۈك ھايۋان يەڭلىغ يامانلىقمۇ
قورسىقىنى ئۇلارنىڭ تېشەر جەزمەن.
لېكىن پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەن ھالدىمۇ
تىز پۈكمەيدۇ ئۇلار جەزمەن؛
يېڭەلمەيدۇ ئۆلۈممۇ جەزمەن.

يېڭەلمەيدۇ ئۆلۈممۇ جەزمەن،
چىرقىرىماس چايكا ئۇلارنىڭ
قۇلاقلىرى تۇۋىدە قايتا
شارقىرىغان ئۇپقۇنلارمۇ تېگەلمەس قاشتا.
بىر گۈل ئېچىلغان جايدا يەنە بىر گۈل
قىلالمايدۇ جەۋلان يەل - يېشىن ئارا؛
ئۇلار ساراڭ ھەم قاتقان مۇردا بولسىمۇ
ئادەملەرنىڭ، ھايۋانلارنىڭ باش، مۈڭگۈزلىرى
ئۈنۈپ چىقار يۇمران چېچەك ئېچىدىن ئاستا.
قۇياشتىكى پارچىلىنىش داۋاملاشسىدۇ
تاكى قۇياش بولغىچە گۇمران
يېڭەلمەيدۇ ئۆلۈممۇ جەزمەن.

## كىرمەك قۇتلۇق شۇ كېچىگە مۇلايىم①

كىرمەك قۇتلۇق شۇ كېچىگە مۇلايىملا تاشلاپ قەدەم،
ياشانغانلار زاۋال چېغى لاۋۇلدىغاي، ھۆركىرىگەي؛
يورۇقلۇقنىڭ تۈگىشىنى سۆككەي غەزەپ - غەزەپ بىلەن.

زۇلمەت يولدۇق ئىكەنلىكىن چۈشەنسىمۇ ئاقىل ئادەم،
ئاخىر چاقماق چاقمىغاچقا ئۆز سۆزلىرى ئۇلارمۇ ھەم
كىرمەيدىكەن قۇتلۇق تۈنگە مۇلايىملا تاشلاپ قەدەم.

قۇترىغانلار پەرۋاز ئۇرغان كۈننى تۇتار كۈيلەر ھەر دەم،
كېچىكسىمۇ بىلىپ كۈننى قويغىنىنى يولدا دەردتە،
كىرمەيدىكەن قۇتلۇق تۈنگە مۇلايىملا تاشلاپ قەدەم.

جىددىي ئادەم ئۆلەر چاغدا خىرەلەشكەن سەزگۈدە ھەم
كۆزەر نۇرسىز كۆزىنىڭ ئاقار يۇلتۇزدەك شاد چاقنىشىنى،
يورۇقلۇقنىڭ تۈگىشىنى سۆكەر غەزەپ - غەزەپ بىلەن.

ئۆتۈنەي مەن سىز ئەي دادا، شۇ قايغۇلۇق ئېگىزلىكتە
ئىسسىق ياشتا قارغاڭ مېنى ھەمدە ماڭا بەخت تىلەڭ.
كىرمەڭ قۇتلۇق شۇ كېچىگە مۇلايىملا تاشلاپ قەدەم
يورۇقلۇقنىڭ تۈگىشىنى سۆكۈڭ غەزەپ - غەزەپ بىلەن.

«چەت ئەل مودېرنىزمچىلار ئەسەرلىرىدىن تاللانما»دىن

ئارسلان تەرجىمىسى

① بۇ شېئىر شائىرنىڭ دادىسى ساكراتتىكى چاغدا يېزىلغان.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

غەنى رەشىدى

# شېئىرلار

## دادامغا خەت

مەن سېنىڭدىن يىراق سەھرادا،
سەن مېنىڭكى قېشىمدا ئەمما؛
چۈشلىرىمدە كۆرىمەن سېنى،
خىيالىمدا بولىسەن پەيدا.

سېغىنغاندا سېنى، قارايمەن
مېڭىشىمغا ئۆزۈمنىڭ-ئۆزۈم.
ئىشچانلىقىم ئوخشايدۇ ساڭا،
ئاق كۆڭۈللۈك، كەم سۆزلۈكۈم ھەم
بولۇپ قاپتۇ سېنىڭدىن ئۇدۇم.

ئوغۇللارغا مول-ھوسۇللۇق سەن،
مول ھوسۇللۇق سەن بىلەن ئېتىز.
پەرۋىش تاپقان ئۇۋىدىن بىراق
ئۇچۇپ كەتتۇق يىراقلارغا تېز.

بوۋاي بولۇپ قالساڭمۇ ئىشلەپ
تەگمەي قالماس ئىزىڭ قىرلارغا.
چېھرىڭدىكى كەچمىش ئىزناسى
جاۋاب بېرەر نۇرغۇن سىرلارغا.

بەلكىم
ئۇزاققىچە خەت بارماي قالسا،
تەشۋىش بىلەن ئويلايدىغانسەن؛
ئۇنۇتتۇڭمۇ بىزنى جان بالام.

چىقىپ قالغاچ كۆيۈمسىز ئوغۇل،
كەچۈرگەيسەن، كەچۈرگىن دادا
ئەۋەتكىنىم ئاددىيلا سالام؛

ساقاللىرىڭ تۇرغاي پارقىراق،
ۋە كۈچ-قۇۋۋەت ماغدۇرۇڭ تولۇق.
چۈشلىرىمدە كۆرىمەن سېنى،
خىيالىمدىن چىقمايسەن بىردەم،
ئۇنتالمايمەن، ئۇنتۇغىنىم يوق.

## كاچكۆل

سەن — بېلىقلارنىڭ قىشتىكى كۆزى،
دەيمىش ئۇلار:
تارىيىپ كېتىپتۇ سوغۇقتىن ئاسمان،
قارىغانچە گىرۋەكلىرىڭدىن.

سەن — باللار چاقچىقى
دېيىشەر ئۇلار:
ئاقار بىر دەريا سۇ
كىچىككىنە مۇشۇ تۆشۈكتىن.

سەن — قىشنىڭ نېيى
چالار سېنى ئۆز پەدىسىگە
سەھەر ۋە ئاخشام
قەھرىتان سوغۇقتىن بېرىپ بېشارەت.

سەن ــ ئۇچرىشىش جايى
سەھرادىكى قىز - يىگىتلەرنىڭ.
قىزكېلەر چېلىكىنى يېنىدا ئېلىپ،
يىگىتمۇ ئەپكەشلىك بۇندا.

باشلىنىدۇ تېگى بار چاقچاق،
توشمايدىيا، توشمايدۇ چېلەك.
كۆنلەر ئۆتتۈپ بۇ ئىككى يۈرەك
بىر - بىرىگە باغلىنار ئاستا.

ئېھ، كاچكۆل سەن
شائىر باغرىدا گۈزەل لىرىكا.

## نويابىر ئاخشىمى ياغماقتا يامغۇر

چاڭقىغان خىياللار پەر قاقار ھامان،
سۆيۈملۈك ھالقاڭنى قىلىپ قارارگاھ.
نويابىر ئاخشىمى ياغماقتا يامغۇر،
ھېسلىرىم كۆيمەكتە، ئۆچەلمەيدۇ، ئاھ.

كەلگەنمەن ئېھتىمال يىراق سەھرادىن،
سۆيۈشۈش ئۇچۇنلا سەن بىلەن پەقەت.
نەقەدەر سېھىرلىك بۇ تەقدىر - كەچمىش،
تۈيۈقسىز قوزغىتىپ ساڭا مۇھەببەت.

قۇلاقتا يالتىرار ئېسىل جۇپ ھالقاڭ،
مول ھېسلىق باغرىمغا سۆيگۈ تارتتار.
ئېھ، سېنىڭ تەبەسسۇم تولغان كۆزلىرىڭ،
نىگاھىم نۇرىنى ئۆزىگە تارتار.

ئېھتىمال بىلمەسسەن مېنىڭ قەدرىمنى،
ئېھتىمال كىرمەسمەن چۈشۈڭگە زىنھار.
ئۈنسىزلا باقارمەن زىلۋا بەستىڭگە،
ئۆرتەنگەن يۈرەكنى قىلالماي ئىزھار.

تەشنا مەن سۆيۈشكە سۈزۈك لېۋىڭگە،
خالايمەن چېچىڭنى ئېلىشنى سىلاپ.
تەشنامەن لېۋىمنى كۆزۈڭگە سۈرۈپ،
سۆيگۈنىڭ لەززىتىن تېتىشنى قاتلاپ.

بار مەندە نامراتلىق دەستۇرى ئېنىق،
ۋە يەنە سەممىي ئىنتىلگەن يۈرەك.
نەقەدەر خالايمەن ئۇماق گۈلىستان
بىزدىكى مۇھەببەت ئاچسا دەپ پورەك.

سەندىكى تەبەسسۇم يېقىملىق باتناش،
تار سۆيگۈ يولۇمنى يورۇتۇپ بارار.
نويابىر ئاخشىمى ياغماقتا يامغۇر،
قىزىغان تۇيغۇلار كېچىگە تارار.

## خىيالىم قايرىيدۇ پەردەڭنى ئەمدى

تۇنجى رەت كۆرگەندە قوي كۆزۈڭنى
مەن،
قوي كۆزلۈك كېچىگە تويمىدىم تۈزۈك.
خىيالىم قايرىيدۇ پەردەڭنى ئەمدى،
تۈنلەردە ئۇيقۇلار ئۈزۈك ۋە ئۈزۈك.

نىگاھىم قوغلايدۇ ئاتەش بەستىڭنى،
پىنھاننى يۇيىدۇ تارامىلاپ يېشىم.
كېچە - يۇ، كۈندۈزى تولا چاقىرىپ،
ئىسمىڭغا لىق تولدى سەۋدايى ئېسىم.

خېتىمنى ئالغاندا ئۇماق چېھرىڭگە
ئېھ ئەجەب تارالدى بىردىن قىزىللىق.
سۆيىمەن چىن دىلدىن ئىنتىلىپ سېنى،
سەن ساددا، سەبىي ھەم سۆيۈملۈك،
يىللىق.

www.uyghurkitap.com كىتاب تورى

**بىز چىقايلى سەيلىگە ئېھ، گۈلىستان**

بىز چىقايلى سەيلىگە ئېھ، گۈلىستان،
بۇ كۆنلەرنىڭ ساخاۋىتى ئۆزگىچە.
چۈنكى بىلسەڭ قىش غۇرۇرى — ئاپئاق قار،
قونغان دالا، دەرەخ يوللار، ئۆگزىگە.

بوپ قالارمىز يازدىمۇ ھەم سەيلىدە،
باغچە ئارا يېشىل نۇرغا ئورۇلۇپ.
قىش دېگەننى بىھرەلمەيدۇ بىراق يار
يۇر، چىقايلى، تۇرما ئۇنداق ئورۇنۇپ.

زەپ سۆيۈملۈك شاخلاردىكى ئاپئاق قار،
بىز چىقايلى سەيلىگە ئېھ، گۈلىستان.
باھاردىكى پورەك - پورەك گۈللەردىن،
قەدىرلىكتۇر ئەستە قالغان قىش ھامان.
يۇر، چىقايلى سەيلىگە ئېھ، گۈلىستان.

ساۋۇتجان تاھىر

## رۇبائىيلار

ھاياتلىق نۇر چاچقان باھاسىز لەھەل،
ئۇنىڭسىز بولمايدۇ ئىنسان ئىشى ھەل.
بايلىقتا بولسائمۇ شاھى سۇلايمان،
بولالماس ھاياتلىق ساڭا مۇئەككەل.

* *

مەنىسىز ياشاشنىڭ يوقتۇر لەززىتى،
ھەم بولماس ئەل ئىچرە قەدىر - قىممىتى.
ئىجادكار ئۆلمەيدۇ زاماندىن - زامان،
ياردىتار مۆجىزە ئىنسان ھىممىتى.

ھەممە جان ھايات دەپ قىلغاچقا كۈرەش،
دەۋرىمدە ئاجايىپ يۈكسىلىش - ئۆرلەش.
ھاياتلىق تېمىسى تولغاچ مەنىگە،
بولماقتا كەلگۈسى بەختتىن سۆزلەش.

* *

ھاياتلىق بېغىدا قانات قاق، يايرا،
ئىشقىۋاز بۇلبۇلدەك كۈنۈ - تۈن سايرا.
ھاياتنىڭ قەدرىگە يەتسەڭ ھەقىقىي
سۆيگۈ ئۇنى ھەر قاچان ئۇلۇغلا، ھارما.

* *

ئەي دوستۇم ھاياتلىق نەقەدەر گۈزەلە
كىم قالدى بۇ ھەقتە ئېيتمىغان غەزەل؟
ئاقىللار بايلىققا قىلمايدۇ ھېرىس،
كائىنات سىرىنى ئاچقىنىڭ ئەۋزەل.

* *

ھايات دەپ قانچىلار تۆكەر ئىكەن قان،
ھايات دەپ قانچىلار بېرەر ئىكەن جان.
ھاياتلىق يولىدۇر مۇشكۇل، خەتەرلىك
بىلگىنىكى يېڭىدۇ ئۇنى چىن ئىنسان.

* *

ھاياتلىق نەقەدەر گۈزەل ۋە كۆركەم،
دەر ئىدىم ئەبەدىي پەيزىنى سۈرسەم؛
ئەل، ۋەتەن ئىشىغا قىلىپ جان پىدا،
رازىمەن جاھاندا ياشىسام، ئۆلسەم.

نۇرمۇھەممەت تۇرسۇن

# ئىككى شېئىر

## ياشلىق

ياشلىق، ياشلىق ئىبخ! گۈزەل ياشلىق،
تومۇرۇمدا بالقىغان ئايسەن.
يۈرىكىمدە كۈي ـ غەزەل ياشلىق،
تۇيغۇلارغا ھەممىدىن بايسەن.

گۈلدىمۇ يوق سەندىكى ھۆسن،
يوق خىزىردا سەندىكى ئامەت.
غۇنچىسى سەن ئۆمرۈمنىڭ گويا،
تاغدىمۇ يوق سەندىكى قامەت.

پەسىللەرنىڭ باھار، يازىسەن،
سېھىرلەنگەن ساڭا تۈمەن دىل.
ھاياتىمنىڭ مۇڭلۇق سازىسەن،
تەرىپلەشكە يەتمەيدۇ بۇ تىل.

گۈلسۇم توختى

ھاياتىمنىڭ چېغىسەن ئالتۇن،
ھاياتىمدا كېلىسەن بىر رەت.
يۈرىكىمدە مىسلى ئوت ـ يالقۇن،
ساڭا بولغان سۆيگۈ ـ مۇھەببەت.

## قالدىم

كۆزلىرىڭگە چۆمۈلەي دېسەم،
كىرپىكىڭگە ئىلىنىپ قالدىم.
ۋۇجۇدۇڭغا كۆمۈلەي دېسەم،
ئاھ، يەنىلا بىلىنىپ قالدىم.
شۇڭا سەندىن تىلەپ مۇھەببەت،
دىۋانىدەك يېلىنىپ قالدىم.

## گۈزەل تاغلار

پايانسىز دېڭىزنىڭ دولقۇنلىرىدەك
قاتمۇ قات مىنگەشكەن ھەيۋەتلىك تاغلار.
باغرىڭغا يارىشىپ تۇرار ياپيېشىل
قۇچىقى جەننەتتەك قاراڭغۇ باغلار.

باشلىنار سېنىڭدىن ئويناق دەريالار،
ئاڭلىنار مۇقامدەك ئۇنىڭ شاۋقۇنى.

ئابدۇرېشىت ئېلى

ئېتىكىڭ كۆز يەتمەس گۈزەل چىمەنزارە
شەپەقنى لەت قىلار گۈللەر يالقۇنى.

بېشىڭدا كۈمۈش تاج ئەي ئېگىز تاغلار
سەن مېنىڭ سۆيگۈمسەن ھەمدە ئىلھامىم.
قەد كېرىپ تۇرسەن دېمەك قەددىم تىك،
سەن بىلەن پارلاقتۇر نامۇ ـ نىشانىم.

# ئىككى شېئىر

## شۇ كىچە

ئىشىكىمنى چەككىنى كىمۇ،
مۇھەببەتمۇ ۋە ياكى شامال.

ئويىنىشادۇ مەن بىلەن كېچە،
يالغۇزلۇقۇم ئاچقاندا جامال!

www.uyghurkitap.com

تۆشىكتىمگە كەلدى يېقىنلاپ،
سىلاپ قويۇپ يۈزۈمنى ئاستا.
سۆيمەي چىقىپ كەتتى ئالدىراپ،
مۇندا قالدى يۈرىكىم يىغلاپ.

ئابدۇئەھەد ھەسەن بارچۇقى

## سىر

ئادەمنىڭ
ئېغىر - يېنىك ھەر بىر تىنىقى
يۈرەكتىكى ھەسرەت - پۇشايمان.
بۇنى ئىنسان سەزمەس پەقەتلا،
سېزەر قۇشنى قوندۇرغان ئورمان.
شۇڭا ياپراق شىلدىرلار لەرزان.

## خىياللىرىم

خىياللىرىم تۇتىشىدۇ يۇلتۇزغا
سامان يولى ئالغان ئاڭا چىرمىشىپ.
يانغان ئارزۇ خىيالىمنىڭ بىر يولى
بۈگۈنلىكىم ئەتىلىكنىڭ چىڭ ئۇلى
ئەتە ئۇچۇن بۈگۈن ئۆلدۈم تىرمىشىپ.

خىياللىرىم ئۈزۈپ يۈرگەن بىر قولۋاق،
كۆز ئالدىمدا لەھەڭلەرنىڭ سايىسى.
دېڭىز ئۈستى كۈنلۈك كەبى كۆك ئاسمان،
كۆمتۈرۈلگەن يۇپيۇمىلاق بىر قاسقان.
كەزگىن ئۇنى دەيدۇ روھىم نىداسى.

خىياللىرىم قوغلاپ تۇرار ئۇيقۇنى
چاتقاللاردىن گۈلنەپىشنى ئۈزگىن دەپ.
چىمدىن قىرغاق گۈلتەكچىدەك يەلپۈنسە،
ئاستىدىكى زەرلەر نۇرغا تەلپۈنسە،
قۇم ئاستىغا چۆشۈپ ئۇلى سۈزگىن دەپ.

خىياللىرىم ياغقان يامغۇر، ئاققان سۇ،
بىر ئويۇمدا مىڭ قۇياشنىڭ تەپتى بار.
مۇز ئوكيانىنىڭ مۇزلىرىنى ئېرىتىپ،
ھەسەت بىلەن ھەسرەتلەرنى قىرىتىپ،
قىلغۇم كىلۇر ئىنسانلارنى بەختىيار.

تاھىر تۇرسۇن

## قىران چېغىم - ئۆمرۈمنىڭ يازى

يازمۇ كەلدى كۈلۈپ يېقىملىق
مېھرى ئاتەش قىران ئانامدەك.
يېشىللىقتا پۈركەندى جاھان
بۇلۇتى يوق تىنىق ئاسماندەك.

ياز ھاياتى گۈزەل ۋە قايناق
ئەركە ئۆسكەن ئۇماق بالىدەك.
ئويغاق ئۆتەر ھەممە مەۋجۇدات
گۈلزارلىقتا كۈلگەن لالىدەك.

قىران چېغىم — ئۆمرۈمنىڭ يازى
گۈزەللىككە تولغان يېتىلىپ.
كۆي ئەۋجىدە ھاياتىم سازى
ياڭرىماقتا «كۈز» گە ئىتتىلىپ.

ئۆمرۈم كۈزى ماڭا كېلىچەك،
شۇڭا «ياز» غا قىلدىم ئەقىدە.
كەچكۈزدىكى جىلمايغان چېچەك
قالار بەلكىم قار - مۇز تېگىدە.

خوجا مۇھەممەد قابىز

## ئاتا بولۇپ يەتتىم ئاتا قەدرىگە

ئوغلۇمغا قاراپ كەچتى ئېسىمدىن،
بالىلىق چېغىم،
بەڭباشلىقلىرىم،
مىنگەن ئاتامنى مەنمۇ «ئات» قىلىپ،
سەبىي دىلىمنى راسا شاد قىلىپ.

كەلسە ئالدىغا بىر قاچا تاماق
ئايرىيتتى ماڭا گۆشنى - تۇخۇمنى.
بېرەتتى ساقلاپ تاتلىق تۇرۇمنى،
كەلمەيتتىمۇ ئۇنىڭ يېگۈسى.

ياق!
يېمەيتتى، ئوغلىغا
ئاياپ، قىسىنىپ.

قالسىمۇ يېلىڭ، قىلمايتتى پىسەنت،
توڭمامدىكىن تاڭ، زېمىستان قىشتا،
كۆيمەمدىكىن - يا، تومۇزدا «پىچ» تا.
چىرايلىق كىيسۇن، تويغىچە يېسۇن
دېگەننى ئويلاپ
پەقەت ماڭىلا بېرەتتى قوشلاپ.
ئەپسۇس،
تونۇپ يەتتىم بەكمۇ كېچىكىپ!

بۈگۈن قەدرىگە يېتەي دېگەندە،
بۇرچۇمنى ئادا ئېتەي دېگەندە:
كەتتى ئۇ ئالدىراپ
ھەممىنى تاشلاپ،
باقماي قايرىلىپ،
قالدىم ئايرىلىپ.

بىلەلمىدىم ئەجەب ئەي ئاتا،
پۈتكەنمۇ ئىشىڭ:
ئەمەس ئىدىغۇ ئانچە چوڭ يېشىڭ،
نېچۈن توختاپ قالدى تىنىقىڭ.
بۇ راستمۇ - يالغانمۇ،
يا بولدىمۇ مەندىن ئالغان سىنىقىڭ.

بېشىمغا گويا تاغلار يىقىلدى،
مېڭەمدە دەھشەت چاقماق چېقىلدى.
كەلسەم ئېسىمگە ئۆتۈپتۇ شۇنداق،
ئاي ۋە يىللاردىن نەچچىسى ئۇزاپ.
بولۇپ قاپتىمەن مەنمۇ بالىلىق،
ئۆزۈممۇ بىلمەي
ئاتا سانىلىپ.

ئوغلۇممۇ خۇددى دوراپتۇ مېنى،
(دوراپتۇ مېنىڭ بالىلىقىمنى)
ئىشتىكى پەمسىزلىك چالىلىقىمنى.
چىقىپ مۈرەمگە
ساۋاپ چىۋىقتا،
ئۈچقۇر «ئات» قىلىپ،
دىلىنى شاد قىلىپ.

ئويلىغانسېرى سېنى جان ئاتا،
سەزدىم ئۆزۈمنى شۇنچە قەرزدار؛
ئاددىسى ساڭا بېرەلمەپتىمەن

www.uyghurkitap.com

بىر ماتا كۆكلەك ياكى بىر دوپپا،
ئەقلىمگە كېلىپ
قەدرىڭگە يېتىپ.
قىسمەت شۇ ئىكەن.
نە قىلاي قەلبىمدە نادامەت - ھەسرەت !
ئاگاندا قەبرەڭنى يوقلاپ چىقىمەن،

دۇئادا ياد ئېتىپ يىغلاپ چىقىمەن،
يىغلايمەن شۇ ئۇنداق
تۆكۈپ يېشىمنى،
قەبرەڭگە نەچچە
قويۇپ بېشىمنى.

ياقۇپ بەختى

## تاڭ شاماللىرى

چوققىلار چوقچىيىپ تۇرىدۇ ئويچان،
جىملىقتا ياتىدۇ تاغ قاپتاللىرى.
شىۋاقلار تولغىنىپ بولغاندا نىمجان،
زېمىننى ئويغىتار تاڭ شاماللىرى.

تىكلەنسە ئۇپۇقتا سۇبھى بايرىقى،
تېۋىشلار، شەپىلەر سالىدۇ چۇقان.
چولپان كۆز پەرىنىڭ شەلپەر ياغلىقى،
چەشمىلەر باغرىغا ياقىدۇ گۈلخان.

تونبويى ئۇگىدىگەن ئىشقىۋاز بۇلبۇل،
تاڭلارنى كۈيلەيدۇ، قىلىدۇ خەندە.
مەرۋايىت تاقىغان لالە ۋە سۇمبۇل،
ناز بىلەن تولغىنار كۆركەم چىمەندە.

ۋە لېكىن تونبويى ئۇيقۇسىز بىر تەن،
سانايدۇ دېرىزە كۆزنەكلىرىنى.
بىر گۈزەل مۇھىتقا سېلىپ تازا زەن،
كۆزىتەر دەريانىڭ گىرۋەكلىرىنى.

كۆك ئاسمان زېمىنغا باقار خۇمالىق،
ياپراقلار بەرگىدە شەبنەم قەترىسى.
تاڭ قىزى كۆرۈنەر رەڭدار جۇلالىق،
تاڭلارنى نەقشلەر شائىر سەترىسى.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئۇسمانجان ساۋۇت

## «قامەتلىك گىلتاغ» نەشردىن چىقتى

مىللەتلەر نەشرىياتى يېقىندا يازغۇچى قەييۇم تۇردىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد شىنجاڭ نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ قاينام - تاشقىنلىق تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن «جىمجىت جۇڭغارىيە» ناملىق تىرىلوگىيىسىنىڭ بىرىنچى قىسمى — «قامەتلىك گىلتاغ» نى نەشر قىلدى. بۇ رومان مەركىزى كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى مەملىكەت بويىچە پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىغا سوۋغا سۈپىتىدە نەشر قىلىشقا ئۇيۇشتۇرغان ئون رومانىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى پۇختا، ۋەقەلىكى قىزىقارلىق، تىلى راۋان ۋە گۈزەل. بۇ رومانda خىلمۇ خىل تەقدىر، سەرگۈزەشتە ۋە ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە ھەرمىللەت نېفىتچىلىرىنىڭ ئوبرازى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان.

## «باھار، زېمىن، روھ» ناملىق ئەدەبىي ئاخبارات توغرىسىدا مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

1993 - يىلى 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى بىرلىكتە ئۈرۈمچىدە يازغۇچى مۇھەممەت باغراشنىڭ «باھار، زېمىن، روھ» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتى توغرىسىدا مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى.

«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1992 - يىلى 11 - ئاينىڭ 21 -، 22 -، 23 -، 24 - كۈندىكى سانلىرىغا ئۇلاپ بېسىلغان بۇ ئەدەبىي ئاخباراتتا يولداش ياسىن تۇردىنىڭ سۆز قاقاسلىقنى قانداق قىلىپ ئۆزگەرتكەنلىكىدىن ئىبارەت تەسىرلىك ئىش - ئىزلىرى روشەن يورۇتۇپ بېرىلگەن.

بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا مەيدانغا چىققان تۆھپىكارلارنى قوللاش ھەمدە ئۇلارنىڭ تەسىرلىك ئىش - ئىزلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىش، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدىكى ئاجىز ھالقا — ئەدەبىي ئاخباراتچىلىقنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى — ياسىن تۇردىمۇ تەكلىپ بويىچە مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ، يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى ھەمدە بۇ يىغىننىڭ ئۇيۇشتۇرۇلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى.

(ئاخىرى 160 - بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## توغۇلۇپلا ئۆلگەن دەڭلار

ئەپەندىم چەت ئۆلكىلەرنىڭ بىرىدىكى گۆرىستاندا بىر مەقبەرىگە يېزىلغان مۇنداق سۆزلەرنى ئوقۇپتۇ:

«ئاتاقلىق پادىشاھ سۇلتان ئابىد ئوغلى ـ مالىك ئىبىن سۇلتان ئابىد ئوغلى ـ مۇتەللىپ.

قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ ئۆزىنى ۋە يۇرتىنى پۈتۈن دۇنياغا تونۇتقان. ئۈچ يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.»

ئەپەندىم بۇ سۆزلەرنى ئوقۇپتۇ ـ دە، قاتتىق ئېڭىرقاپ قاپتۇ. ئاندىن شەيخنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ــ پادىشاھىڭلار ئۈچ يېشىدىلا ئالەمدىن ئۆتسە، ئۇ قانداق قىلىپ ئۆزىنى ۋە يۇرتىنى پۈتۈن دۇنياغا تونۇتۇشقا ئۈلگۈرگەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ سۇلتان ئابىد ئوغلى ـ مالىك يەتمىش يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ئالەمدىن ئۆتۈش ئالدىدا ۋەسىيەت قالدۇرۇپ: «ئۆمرۈمنىڭ يىگىرمە يىلى ياشلىق ـ تەنتەكلىك بىلەن ئۆتتى. يەتتە يىلى ئوقۇشقا كەتتى، يىگىرمە يىلى ئۆيىقۇ بىلەن تۈگىدى. يەنە يىگىرمىسىنى تۇرمۇشنىڭ تۈيشۈكى ئالدى. شۇڭلاشقا مەن ئۆلگەندە مەقبەرەمگە ‹ئۈچ يىللا ياشىغان› دەپ يېزىڭلار» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شەيخ.

ــ ئۇنداقتا مەن ئۆلگەندە مەقبەرەمگە «بۇ يەرگە ئەپەندىمنىڭ جەسىتى كۆمۈلدى. ئۇ بىچارە توغۇلۇپلا ئۆلگەن» دەپ يېزىڭلار، ــ دەپتۇ بىچارە ئەپەندىم سەرسان ـ سەرگەردانلىقتا ئۆتكەن ھاياتىنى ئەسلەپ.

## مۇدەررىس ۋە ئۇنىڭ تالىپلىرى

مۇدەررىسنىڭ مىجەزى يوق ئىكەن. تالىپلاردىن بىرى ئۇنى يوقلاپ كېلىپ ھال سوراپ:

ــ تەقسىر، بەك ئورۇقلاپ لالما ئىتقا ئوخشاپلا قاپسىلا! ــ دەپتۇ.

مۇدەررىس خاپا بولۇپتۇ، بىراق ئۈنچىقماپتۇ. ئىككىنچى تالىپ كەلگەنىكەن، ئۇنىڭغا ھال ئېيتىپتۇ:

— بۇ قانداق زامان؟ هازىر شاگىرتلاردىن بىرى مېنى ئىتقا تەڭلەشتۈردى - هە!
ئىككىنچى تالىپ مۇدەررىسنى بەزلىگەن بولۇپ:
— سىلى ئۇ ئەخمەقنىڭ سۆزىگە پەرۋا قىلمىسىلا، سالامەتلىكلىرى ياخشى بولۇپ كەتسىلا، تېزلا توڭگۇزدەك سەمىرىپ كېتىدىلا، — دەپتۇ.
مۇدەررىس تېخىمۇ خاپا بوپتۇ. بىراق، يەنە ئاچچىقىغا هاي بېرىپتۇ. ئاخىرىدا ئۇلى يوقلاپ ئەپەندىم كەپتۇ. مۇدەررىس ئۇنىڭغا:
— مۆھتەرەم ئەپەندىم، بۇ قانداق گەپ، مېنى يوقلاپ كەلگەن شاگىرتلىرىمىدىن بىرى مېنى ئىتقا ئوخشاتسا، ئىككىنچىسى توڭگۇزغا ئوخشىتىدۇ، — دەپ شىكايەت قىپتۇ.
شۇ زامات ئەپەندىم:
— تەقسىر! شاگىرتلىرى ئادەمدىن ئەمەس، ئېشەكتىن تەلىم ئالغانغا ئوخشايدۇ، — دەپ تەسەللى بېرىپتۇ.

## ئۆيلىغان ئويۇڭغىمۇ ئىچى تارلىق قىلىدۇ

ئەپەندىمنىڭ سۆيۈقئاش ئىچكۈسى كېلىپ: شۇ تاپتا چاچتەك كەسكەن سۆيۈقئاش بولسا، ئۇنىڭ چۆپىدىن گۆشى كۆپرەك، دورا - دەرمىكى دىماغقا ئۇرۇپ تۇرسا... دەپ ئويدا يېتىپ ئويلاۋاتسا، قوشنىسىنىڭ بالىسى كورا كۆتۈرۈپ كىرىپ:
— ئانام سۆيۈقئېشىڭىزدىن بەرسۇن، دەيدۇ، — دەپتۇ.
ئەپەندىم بۇنى ئاڭلاپ بېشىنى چايقاپ:
— هەي، بەندىچىلىك، هەي بەندىچىلىك! ئۆيلىغان ئويۇڭغىمۇ ئىچى تارلىق قىلىشىدۇ! — دەپتۇ.

## ئەپەندىنىڭ تونۇشى

ئەپەندىم ئۆزى يالغۇز دالىدا كېلىۋېتىپ، گۆش يەپ ئولتۇرغان بىر توپ ناتونۇش ئادەملەرنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپتۇ ۋە ھېچنېمە دېمەستىن ئۇلارنىڭ قاتارىدا ئولتۇرۇپ گۆش يېيىشكە باشلاپتۇ. شۇ زامات قاتاردىكىلەردىن بىرى:
— ئۆز ئادەملىرىمىزدەك يەپ كەتتىڭ. بۇ يەردىكىلەردىن تونۇيدىغىنىڭ بارمۇ؟ — دېسە، ئەپەندىم تاۋاقتىكى گۆشنى كۆرسىتىپ:
— بار. مانا بۇ، — دەپتۇ.

## ئەڭ ياخشى مەسلىھەت

ئەپەندىمنىڭ بىر دوستى خوتۇنى بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ، ئەپەندىمگە مەسلىھەت سېپتۇ:
— ئەپەندىم، سىلى ئەقىللىق ئادەم، ئەڭ ياخشى مەسلىھەت سىلىدىن چىقىدۇ،

www.uyghurkitap.com

قانداق قىلاي، خوتۇنىمنى قويۇۋېتەيمۇ؟ قويۇۋەتمەيمۇ؟

— خوتۇنىڭنى قويۇۋەت دېسەم كېيىن تىللايسەن، قويۇۋەتمە دېسەم ھازىر تىللايسەن، ئەڭ ياخشى مەسلىھەت بىلگىنىڭنى قىل.

## ياخشىمۇ ئىشەنمىگەنكەنمەن

ئەپەندىم يىراق بىر شەھەرگە ساياھەتكە بېرىپ، يېنىشىدا يول ياقىسىدىكى ئورمانلىقتا دەم ئېلىپ ئولتۇرغانىكەن. بىر ئەمەلدار سۇپەت ئادەم كېلىپ ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— نەدىن كېلىۋاتىسىز؟

— بۇ شەھەرگە ساياھەت قىلىپ كەلگەنىدىم، سەپىرىم تۈگەپ، ئەمدى يۇرتۇمغا يېنىپ كېتىۋاتىمەن.

— قانداق، بىزنىڭ شەھەرلەر سىزگە ياردىمۇ؟

— ماڭا يارىمىدى. شەھىرىڭلار پاسكىنا، چىۋىن كۆپ، قىممەتچىلىك ئىكەن.

— ئادەملىرى قانداق ئىكەن؟

— ئادەملىرى بەك قوپال، خەسىس، ئاچكۆز ئىكەن.

— بۇ شەھەرنىڭ باشلىقى توغرىسىدا نېمە دەيسىز؟

— شەھىرى شۇ بولسا، ئۇنىڭ باشلىقى نېمە بولاتتى: خېلىلا زالىم. مەئىشەتپەرەس ئادەم دېيىشىدۇ.

ئەمەلدار سۇپەت ئادەمنىڭ چىرايى تاتىرىپ كېتىپتۇ، ئۇ بۇرۇتىنى تولغاپ، كۆزلىرىنى ئالىچەكمەن قىلىپ:

— مەن مۇشۇ شەھەرنىڭ باشلىقى بولىمەن، — دەپتۇ.

ئەپەندىم دەرھال كۆرۈشكىلى قول بېرىپ:

— سالامەت تۇرۇۋاتامدىلا! شەھەر باشلىقى توغرىسىدىكى سۆزلەرگە ياخشىمۇ ئىشەنمىگەنكەنمەن، — دەپتۇ.

## ئەپەندىم راستىنى ئېيتتى

پادىشاھ بىر كۈنى ئەپەندىمگە دوق قىپتۇ:

— ماڭا مەلۇم بولۇشىچە، تۈنۈگۈن بىر ئولتۇرۇشتا مېنى ئادىل ھۆكۈمدار دەپ ماختىشىپتۇ. سەن شۇ يەردە بولۇپ تۇرۇپ، مېنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرىم توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ سۆزلەپ قويماپسەن.

ئەپەندىم سوغۇققانلىق بىلەن جاۋاب بېرىپ:

— شاھىم، بۇ يالغان! پەقەت تۈنۈگۈنلا ئەمەس، مەن دۇنياغا كۆز ئېچىپ سىزنىڭ ئادىل ۋە ئالىيجانابلىقىڭىز ھەققىدە سۆز بولغان ئولتۇرۇشتا بولغان ئەمەسمەن، — دەپتۇ.

تەييارلىغۇچى: ئابدۇۋېلى خەلپەت



## يۇمور ۋە چاقچاقلار

### ئوتتۇز يىللىق تەجرىبە

پوچتا ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى مىل باشلىققا:
— مەن ئىشلىگىلى ئوتتۇز يىل بولدى، ئەمدى پېنسىيىگە چىقىشىنى تەلەپ قىلىمەن، — دەپتۇ.
دىرېكتور:
— شۇنداقمۇ، مىل ئەپەندى، سىز بۇ ئوتتۇز يىلدا نېمە تەجرىبە ھاسىل قىلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.
مىل:
— پېنسىيە پۇلۇمنى پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتمەسلىكىڭىزنى ئۆتۈنىمەن، — دەپتۇ.

### كونا كېسەلنىڭ قوزغىلىشى

دوختۇر كېسەلگە شۇنچە ئۇزۇن دىئاگنوز قويۇپمۇ ئۇنىڭ كېسىلىنى ئېنىقلاپ چىقالماپتۇ. ئۇ كېسەل كىشىدىن:
— سىز ئىلگىرى مۇشۇنداق كېسەل بىلەن ئاغرىغانمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئاغرىغان.
— ئۇنداقتا كونا كېسىلىڭىز يەنە قوزغىلىپتۇ، — دەپتۇ دوختۇر كەسكىن ھالدا.

### بۇنىڭ سىرتىدا

ئا: — بىزنىڭ ئىدارىمىزدىكى بىر رەھبەرنىڭ ئامالى تولا جۇمۇ، ئاڭلىسام بالىلىرىنىڭ ھەممىسىنى شەھەرگە يۆتكەپ ئەكىلىۋاپتۇ.
ب: — ياق، بىرى بۇنىڭ سىرتىدا.
ئا: — قايسىسى؟
ب: — ئامېرىكىدىكى كىچىك قىزى.

### تاتلىق ئۇخلاش

ئانىسى:
— شامىڭ، سەن ئۇخلاۋېتىپ يەنە كەمپۈت يېگىلى تۇردۇڭغۇ؟
— سەن مېنى تاتلىق ئۇخلا دېگەنتىڭغۇ.

www.uyghurkitap.com

## ساياھەت

ئايالى ئېرىدىگە:
— سۆيۈملۈكۈم، دوختۇر مېنىڭ ساياھەتكە چىقىپ كېلىشىمگە مەسلىھەت بەردى. نەگە بارساق بولار؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئەڭ ياخشىسى باشقا بىر دوختۇرخانىغا بارايلى، — دەپتۇ ئېرى.

## يالغان گەپ

دادىسى بالىسىغا: — يالغان سۆزلەش نومۇس، بىلدىڭمۇ؟
بالىسى جاۋاب بېرىپ: — بىلدىم، دادا. بۇ سۆزىڭىزنى ئېسىمدە چىڭ ساقلايمەن.
دەل شۇ چاغدا تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلدى، دادىسى بالىسىغا:
— ئەگەر مېنى سورىسا «يوق» دېگىن، — دەپتۇ.

## توپ بېرىش

ئانىسى: — قوزام، ئاۋۇ دادىسى يوق يېتىم بالىغا توپىڭنى بەرسەڭچۇ!
بالىسى: — ئانا، ئۇنىڭغا توپىمنى بەرگەندىن كۆرە، دادامنى بەرسەم بولمامدۇ؟

## يىغلىماسلىقنىڭ سەۋەبى

— بالام، قولۇڭ نېمە بولدى، — دېدى ئانىسى.
— بولقىدا ئۇرۇۋالدىم، — جاۋاب بەردى بالىسى.
— يىغلىغان ئاۋازىڭنى ئاڭلىمىدىمغۇ، — دېدى دادىسى.
— مەن سىلەرنى ئۆيدە يوقمىكىن دەپتىمەن، — دەپتۇ بالىسى.

«جۇڭگو ۋە چەت ئەل يۇمۇرلار توپلىمى» دىن
ئۇيغۇن ئابدۇۋەلى تەرجىمىسى

---

(بېشى 155 - بەتتە)

## ئىككى نەپەر كۇرسانت ئەزالىققا قوبۇل قىلىندى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى يېقىندا يىراق، چەت رايونلار ۋە زاۋۇت، كارخانىلاردىكى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى ھەمدە يېزىقچىلىق بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ئاپتورلار ئىچىدىن كۆپ قېتىم تاللاش ئارقىلىق 100 نەپەر ئىجادىيەتچىنى ئەزالىققا قوبۇل قىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ژۇرنال ئارقىلىق ئوقۇتۇش كۇرسىغا قوبۇل قىلىنغان ئىبراھىم نىياز، مۇھەممەد ئەمەت قاتارلىق ئىككى نەپەر كۇرسانتىمۇ بار. ئۇلارنىڭ شەرەپ بىلەن يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغانلىقى ژۇرنال ئارقىلىق ئوقۇتۇش كۇرسىغا قاتنىشقان بارلىق كۇرسانتقا ئىلھام بېغىشلايدۇ.

ئۆزبېك يازغۇچىسى شۇكۇر يالقىن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقى، ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتى-رىلەش يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر.



شۇكۇر يالقىن شېئىر ئوقۇماقتا.




شۇكۇر يالقىنغا تون كىيگۈزۈلمەكتە.



ياش يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر، ئابلىمىت ھاجى، ئابلىز ئۆمەرلەر سۆھبەتتە.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



《塔 里 木》 文学月刊（维吾尔文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE JOURNAL
IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1993 ـ يىل 3 ـ سان(385 ـ سان)، 43 ـ يىل نەشرى.
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 416214.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

国际统一刊号：ISSN 1002－9044　ISSN 1002 ـ 9044　خەلقئارالىق بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:

国内统一刊号：CN 65－1010／I　CN 65 ـ 1010 / I　مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
邮发代号：58－66　定　价：2.00元　پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 66 ـ 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 2.00 يۈەن
邮政编码：830000　پوچتا نومۇرى: